بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 – يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي
پەتھى يەكەن
د. يۇسۇف قەرەداۋى
سامىي ئارسلان
ئابدۇرېشىد قارىھاجىم سابىت

# ياشلار ئىسلاھاتى

## (رىسالىلەر مەجمۇئەسى)

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

# Gençlerin Islahı (Tercüme Makaleler)
# ياشلار ئىسلاھاتى (رىساللەر مەجمۇئەسى)

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدي • پەتھى يەكەن • د. يۇسۇف قەرەداۋى
سامىي ئارسلان • ئابدۇرېشىد قارىھاجىم سابىت

| | |
|---|---|
| Tercüme:<br>**Tahircan Abbas** | تەرجىمە قىلغۇچى:<br>**تاھىرجان ئابباس** |
| Editör:<br>**Habibullah Kurbani** | تەھرىرلىگۈچى:<br>**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Yayıncı:<br>**Haksever İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن:<br>**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |
| Kapak ve Sayfa Tasarımı:<br>**Ufuk Tasarım** | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:<br>**ئۇپۇق ئېلان-لايىھەچىلىكى** |

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2023-يىلى 10-ئاي 1- نەشرى

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
haksever090@gmail.com

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باپ

**ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟**........................................1
ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي كىم؟........................................3
كىرىش سۆز........................................9
ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟........................................11
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى........................................15
پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىمىز........................................17
ئىنسان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېرىشەلمەيدىغان ئىلىم........................................21
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى........................................25
ئىسلامنىڭ ئەقىدىۋى ئاساسلىرى........................................29
ئاخىرەتكە ئىشىنىش........................................41
ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئەقىدىۋى ئاساس ئالدىدىكى ئىنسانلار........................................45
ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى........................................49

## ئىككىنچى باپ

**ياشلار ۋە ئىسلاھات**........................................53
فەتھى يەكەن كىم؟........................................55
مۇقەددىمە........................................61
ياشلار ۋە ئىسلاھات........................................65

نېمە ئۈچۈن ياشلار؟ ........................................... 69

نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلىرى دەيمىز؟ .................. 71

نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم؟ ........................................................ 73

ئىسلام ئىسلاھات يولىدۇر ........................................ 77

رەسۇلۇللاھنىڭ يولى ئىسلاھات ئىدى ...................... 79

ئىسلام ئۈممىتى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك ......................................................... 81

ئىسلامىي ئىسلاھات پەلسەپىسى ................................ 83

ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ................ 85

باشقا ئېقىملارنىڭ ئىسلاھات ئېڭى .......................... 89

ئىسلامىي ئىسلاھات ئۇقۇمى ...................................... 93

نېمىشقا ئىسلامىي ئىسلاھات شەرت؟ ........................ 95

ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى غايە نېمە؟ ......................................................... 99

تالانتلىقلارنى تاللاش ................................................ 101

تالانتلىقلارنىڭ ئالامەتلىرى ....................................... 105

بۇزۇلغاننى ئوڭشاش ..................................................... 109

مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى ............ 119

مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈش لايىھەسى ........ 121

قەلبنىڭ تىرىكلىكىنىڭ ئالامىتى ............................... 125

قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش ............................................. 129


HAKSEVER

## ئۈچىنچى باپ


**تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار ..................... 137**

ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى كىم؟ .............................. 139

كىرىش سۆز.............................................. 143

تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار........................ 145

بىزنىڭ روھىمىز ئىسلام.................................. 149

بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلىرىمىز ............................ 151

غەلىبە قانۇنىيەتلىرى...................................... 153

ئىماننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە پەرۋىش قىلىشقا بولغان ئېھتىياجى ........................................................ 159

مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى....... 161

قىز ـ ئوغۇل مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ........................ 165

بۇ ئەۋلادلارنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئالامىتى........ 169

ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي نەزەرىيەگە ئىشەنگۈچى ئەۋلادلار... 175

پائالىيەتچان ۋە جامائەتپەرۋەر ئەۋلادلار..................... 179

بارلىقىنى ئاللاھقا ئاتىغان ئىخلاسمەن ئەۋلادلار ....... 185

ئىسلامىي ئەۋلادلار......................................... 189

دەۋەتچى ۋە جىھادچى ئەۋلادلار............................. 193

ھەرقانچە چەتكە قېقىلسىمۇ، خەلقى بىلەن بىرگە ياشايدۇ........................................................ 199

كۈچلۈك ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلار............................ 203

لاياقەتلىك ئەۋلادلار........................................ 207

تەۋبە بىلەن ئاللاھقا قايتقۇچى ئەۋلادلار.................. 213

تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار.............................. 217

## تۆتىنچى باپ

**قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ نۇرلۇق تاڭلىرى** ...................221
سامىي ئارسلان كىم؟ ..........................................223
سۆز بېشى ......................................................225
كىتابىنى ئوقۇغىن! ...........................................229
هايۋاندىن بەتتەر پەسلىك ...................................239
ئى مۇسۇلمان دىققەت!.......................................243
يورۇق يۈزلەر...................................................245
ئى دادا، ئەۋلادىڭنى مۇهاپىزەت قىل!......................249
غەنىيمەت بىل!.... ............................................257
مۇسۇلمان دىققەت! ...........................................263
جەننەت يولىنى قانداق كۆرستەلەيسەن؟................265
ئەي مۇسۇلمان، ئويغان! ...................................273
سەن بىر قاسساپ..............................................277
كېچە بۇلبۇللىرى .............................................279
سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن..................................281
ۋىجدانسىز، قاتىل ئىپسىلزادىلەر! ............................285
دىنسىز بىلەن دىندار.........................................289
تۇرمۇشقا چىقىسىز (كىم بىلەن؟) .........................295
جەننەتكە لايىق ئايال ........................................301
يېقىنلاشما! زىنا هاياسىزلىقتۇر .............................305
تەۋبە، يەنە تەۋبە!............................................309

دىققەت، ئىخلاس شەرت! .................................... 315
بەختىيار ئىنسان ............................................... 323
مەدەنىي ئادەم كىم؟.......................................... 327
شەپقەت، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ........................... 329
ئادەم بولماي تۇرۇپ ھۇزۇر يوق.............................. 333
قورقماڭلار، غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ! ................... 335
كۆرگۈلۈكنىڭىزنى كۆرىسىز! ................................. 339
پالەچ دادا ۋە ئوغۇل.............................................. 343
ئادالەت ............................................................. 347
نادان زىيالىي....................................................... 359

بەشىنچى باپ

**ئائىلە تەربىيەسى** ............................................. 363
تەقدىم................................................................ 365
كىرىش سۆز......................................................... 369
مېنىڭ خىتاب ئوبيېكتلىرىم .................................. 373
ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ................................ 377
ئايال - قىزلىرىمىز ۋە بالا - چاقىلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز........................................... 383
ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى....... 387
تەبلىغ ۋە دەۋەت...................................................... 389

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# بىرىنچى باب

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي

## ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

2002 ـ يىلى

قاھىرە

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدي كىم؟

بۈيۈك ئالىم، مۇسۇلمان پەيلاسوپ ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدي يېقىنقى زامان ئىسلامىي دەۋەت يولىدا چاقنىغان بىر يۇلتۇز.

مەۋدۇدي 1903 - يىلى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد ۋىلايىتى ئورۇڭ ئاباد شەھىرىدە، مەرىپەتپەرۋەر بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىمگە ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭىمۇ، تېخى ئۆسمۈرلۈك يېشىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئەرەب تىلى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن، 16 يېشىغا كەلگەندە مالىكىي مەزھىپىنىڭ مۆتىۋەر كىتابى بولغان «مۇۋەتتا» ناملىق ھەدىس كىتابىنى پىششىق ۋە تولۇق يادلاپ بولغان.

ئۇ 17 يېشىدىن باشلاپ بانكور شەھىرىدە چىقىدىغان «ئەلمەدىنە» ناملىق گېزىتتە، كېيىن گىلبوردا چىقىدىغان «تاج» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى دېھلىغا بېرىپ ھىندىستاننىڭ مۇپتىسى شەيخ كىفايەتۇللاھ دېھلىۋىنىڭ سۆھبىتىدە بولغان. زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى بايقىغان شەيخ كىفايەتۇللاھ ئۇنى ئۆلىمالار جەمئىيىتى نامىدىن يېڭى دېھلىدا چىقىدىغان «مۇسۇلمانلار» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىگەن.

ئـۇ يەنە 23 يېشـىدىن باشـلاپلا ھەر خىـل گېزىـت ـ ژۇرناللاردا ئىلمىـي ماقالىلەرنـى ئېـلان قىلىشـقا باشـلىغان. ئۇنىـڭ ماقالىلـىرى جەمئىيەتتـە ئـەۋج ئالغـان ئەخلاقسـىزلىق ۋە دىنسـىزلىق قاتارلـىق يامـان قىلمىشـلارغا ئىنتايىـن ئۈنۈملۈك چـارە بولغـان. بولۇپمـۇ ئۇنىـڭ «ئىسـلامدىكى جىهـاد»، «ئاللاھ يولىدىكـى جىهـاد» ناملىـق ئەسـەرلىرى كـەڭ مۇسـۇلمانلارنىڭ قىزغىـن ئالقىشـىغا ئېرىشـكەن. ئـۇ ئەسـەرلەر شـۇ ۋاقىتتىكـى ئەنگلىيـە مۇسـتەملىكىچىلىرىنى ئالاقـزەدە قىلىۋەتكـەن. چۈنكـى، ئۇنىـڭ بـۇ ئىككـى ئەسـىرى مۇسـۇلمانلارنى ئەنگلىيـە مۇسـتەملىكىچىلىرىگە قارشـى جىهـاد قىلىشـقا چاقىرغـان. مىسـىردىكى مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـى (ئىخۋانـۇل مۇسـلىمىين) ئۇنىـڭ ئەسـەرلىرىنى جۇغلاپ، چـوڭ ھەجىملىك ئىككـى كىتـاب قىلىـپ، بارلـىق ئۇيۇشـما ئەزالىرىنىـڭ مەزكـۇر ئىككـى كىتابنـى داۋاملـىق ئوقـۇپ تۇرۇشـىنى تەۋسـىيە قىلغان. مەشـھۇر مۇتەپەككـۇر، شـېھىت سـەييىد قۇتۇبمـۇ ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىينـى «دەۋرىمىـزدە كۆزگـە كۆرۈنگـەن مەشـھۇر ئالىـم» دەپ تەرىپلىگـەن. بۈيـۈك پەيلاسـوپ، شـائىر مۇھەممـەد ئىقبالمۇ مۇسـۇلمان ياشـلىرىنى داۋاملـىق ئۇنىـڭ كىتابلىرىنـى ئوقـۇپ تۇرۇشـقا تەشـەببۇس قىلغـان.

ئـۇ 1932 ـ يىلىدىـن باشـلاپ «قۇرئـان تەرجىمىسـى» ناملىق ئايلىـق ژۇرنال چىقىرىشـقا باشـلىغان. ئۇ بـۇ ژۇرنالـنى چىقىرىش ئارقىلىـق ئىسـلام دىنىنـى ئەسـلىي مەنبەسـى قۇرئـان كەرىـم ۋە ھەدىس شـەرىپكە ماس ھالدا كىشـىلەرگە تونۇشـتۇرۇش، ئىسـلام دىنىغـا زىـت، غەربچـە پىكرىـي ئېقىملارغـا قارشـى تۇرۇشـنى مەقسـەت قىلغـان. 1938 ـ يىلـى ھىندىسـتاننىڭ ھەيـدەر ئابـاد شـەھىرىدىن پاكىسـتاننىڭ لاھـۇر شـەھىرىگە كۆچـۈپ كەلگەن. 1941 ـ يىلـى لاھـۇردا «ئىسـلام جامائىتـى» ناملىـق تەشـكىلات قۇرغـان ۋە بـۇ تەشـكىلاتنىڭ رەئىسـلىكىگە سـايلانغان. ئـۇ بـۇ جەرياندا ھىندىسـتان، پاكىسـتان قاتارلىـق جايلاردىكى ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ قارشـىلىقىغا ۋە دۈشمەنلىك قىلىشـىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئاشـۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، سەپداشلىرى

بىلەن بىرگە بۇتپەرەس ھىندلار ۋە غەرب‌پەرەس زىيالىيلارغا قارشى كۈرەش قىلغان. 1947 ـ يىلى پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىمانى سۇس كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان ئىدى. شۇڭا، ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي كىشىلەرگە ئۇتۇق سۆزلىسىلا، پۈتۈن دۆلەت سىستېمىسى ۋە ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئىسلام دىنىنى تەتبىقلاشنى، پۈتۈن قانۇن ـ نىزاملارنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۇنى سەپداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. لېكىن، 1950 ـ يىلى خەلقنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلى قويۇپ بەرگەن.

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي ھەقىقىي مۇجاھىد، ئىخلاسمەن دەۋەتچى بولۇپ، كىشىلەرنى بىدئەت ۋە خۇراپاتتىن خالىي، ساپ، ھەقىقىي ئىسلامغا چاقىراتتى. ئۇ، غەربنىڭ پىكرىي ئېقىملىرىغا ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا ۋە كىشىلەرنى ھالاكەتكە باشلايدىغان پىكىرلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرەتتى. غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىسلام ئەللىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللەتچىلىك ۋە دىنسىزلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنى ئىسلام دىنىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئەبۇلھەسەن نەدۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي ھازىرقى زامان ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، مۇسۇلمانلارغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن».

مەۋدۇدىي ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ كەلگەن بولۇپ، پاكىستاندىكى قادىيانىي سۇلۇكى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ سۇلۇكنىڭ

توغرا ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن. مۇشۇ پەتىۋا سەۋەبلىك پاكىستان ھۆكۈمىتى 1953 - يىلى ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى قوزغىلىپ، پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەۋدۇدىينى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان پاكىستان ھۆكۈمىتى مەزكۇر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان پۈتۈن مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرگەن.

مۇتەپەككۇر ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار! 21 - ئەسىرنى ئىسلام ئەسرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىڭلار. غەرب مەدەنىيىتى چوقۇم گۇمران بولىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار، باشقىلارنى ئىسلامغا چاقىرىشتا ھېكمەتلىك بولۇڭلار، ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتە قورال - ياراغ ۋە زورلۇق ئىشلەتمەڭلار، مەخپىي تەشكىلات قۇرماڭلار، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراقسانلىق بولۇپ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، ئۈتكۈنچى شامالدەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىلمىڭلار، ئەدەپ - ئەخلاقىڭلار، ئەمەلىي ئىش - ئىزلىرىڭلار ۋە چىرايلىق گەپ - سۆزلىرىڭلار بىلەن كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، كىشىلەر ئىسلامغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، قانائەت قىلىپ كىرىدۇ».

مەۋدۇدىي دەۋەت يولىدا زورلۇق ئىشلىتىشنى خالىمايتتى. ئۇ «مۇسۇلمانلار لايىقىدا كۈچەيمەي تۇرۇپ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچ ئىشلىتىلسە، پايدىسى بولمايدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا مۇشرىكلار كۈچلۈك، مۇسۇلمانلار ئاجىز ئىدى. ناۋادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، مۇسۇلمانلار كۆپ قىرىلىپ كېتەتتى. ئەمما، مەدىنىگە ھىجرەت

قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە كۆپەيدى، كۈچى زورايدى. ئاندىن ئۇلارغا قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى».

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي نەزەر دائىرىسى كەڭ، كاتتا ئالىم بولۇپ، ھەر ساھەدە 70 خىلدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە «ئىسلامنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدىكى قارىشى»، «مىللەتچىلىك ۋە ئىسلام بىرلىكى»، «بۈگۈنكى ئىسلام»، «ئىسلام دۆلىتى»، «ئىسلامىي ھايات پەلسەپىسى»، «ئىسلام قانۇنى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىقىشتىكى رولى»، «قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ يۇقىرىقىدەك جان - پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئىسلامىي دەۋەت يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1979 - يىلى خەلقئارالىق فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، مۇسۇلمان پەيلاسوپ ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي 1979 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نيۇيورك شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى پاكىستانغا يۆتكەپ كېلىنىپ، شۇ يەردە دەپنە قىلىنغان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# كىرىش سۆز

مەن بۇ ماقالەمنى 1976 ـ يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيىدا، ياۋروپا ئىسلام ئەزالىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يازغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قېلىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ماقالىنى سۇنۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىم. لېكىن، بۇ تەتقىقات ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسىنى ياندۇرقى يىلى لوندوندىكى «Royal Commonwealth Society» دېگەن يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا لېكسىيە شەكلىدە سۇنغان ئىدىم. تۆۋەندە مەن بۇ ماقالەمنىڭ «ئەرەب ئىسلام دەۋىتى جەمئىيىتى»نىڭ باش سېكرېتارى خېلىل ئەھمەد ھامىدىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە نۇسخىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

بۇ ماقالە ئىسلامنىڭ ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ ماقالە ئاساسەن غەيرى مۇسۇلمان ئەللىرىگە قارىتىلغان. شۇ سەۋەبلىك مەن بۇ ماقالەمدە ئىسلامدىكى ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپقا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم. بۇ ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپ: ئاللاھقا ئىشىنىش، پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپقا ئىشەنگەن ھەرقانداق ئادەم قەتئىي ھالدا ئىسلامنىڭ پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىشتەك ئەقىدە پرىنسىپلىرىغىمۇ ئىشەنمەي قالمايدۇ.

مېنىڭ ئىسلامنىڭ بۇ ئۈچ ئەقىدە پرىنسىپىنى تەتقىق

قىلىش جەريانىدا ئاللاھ، پەيغەمبەر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىشىمىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا سۇنغان ئەقىدىسى، ئەدەبىيەسىنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى، شەرىئەت پرىنسىپلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئىدېئولوگىيەلىك ئېقىم ۋە نەزەرىيەۋى كۆزقاراش، شۇنىڭدەك باشقا سەماۋى (يەھۇدىي ۋە خرىستىيان) دىنلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئېقىم مەسىلىلىرى بىلەن توغرا ۋە دۇرۇس شەكىلدە سېلىشتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە روھىنى توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، چامىمنىڭ يېتىشىچە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە ئىجابىي ئۇسۇل بىلەن، توغرا رەۋىشتە تىلغا ئېلىپ، غەرب ئەللىرىگە سۇنۇشقا تىرىشتىم.

# ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ساماۋى دىنى ئىسلامدۇر:

بىز ئالدى بىلەن «ئىسلام»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈنجى بولۇپ ئېلىپ كەلگەن يېڭى دىنىنىڭ ئىسمى ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ساماۋى دىنى ئىسلام ئىدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ بىزگە بۇ ھەقىقەتنى روشەن كىتابى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن (ئاللاھ ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن (يەنى مەن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى ئېلىپ كەلدىم)**﴾[1].

ئۇ دىن بولسا «ئىنسانلار جانابى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دىنىدۇر. قۇرئان كەرىمدە جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا تارىختىن بېرى پەقەت بىرلا دىننى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: ﴿**(تارىختىن بېرى) كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا**

[1] ئەھقاف سۈرىسى، 9 - ئايەت.

**(يالغــۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشــقا بۇيرۇلدى﴾**[1] دېگەن بولسا؛ يەنە بىر ئايەتتە: **﴿ئېيتىڭلاركى: ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچى (مۇسۇلمانلار) دۇرمىز﴾**[2] دېگەن. يەنە بىر ئايەتتە: **﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنىدۇر). كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى). كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىكەن، (ئاللاھ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ). ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾**[3] دەپ كەلگەن.

جانابى ئاللاھنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى يەر يۈزىدە ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە، ئوخشاش بولمىغان خەلق ۋە قەۋملەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنى بىز ئۆزىمىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى دەپ ئاتىۋالغان. لېكىن، مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن دىننى ھېچقاچان ئۆزلىرىگە خاس دىن قىلىۋالغان ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەۋمىنى چاقىرغان دىن ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىن (يەنى ئىسلام) نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بىزگە مۇنداق

[1] بەييىنە سۈرىسى، 4-، 5- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 135 - ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 19 - ئايەت.

بايان قىلىدۇ: (ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار، دېدى. يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقاندا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى (مۇسۇلمانلار) دۇرمىز، دېدى).

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق بىرقانچە ئالاھىدە سۈپەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە زاتتۇر:

1. ئۇ، جانابى ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە تۈگەنچىسىدۇر.

2. جانابى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر چاقىرىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئاساسى ۋە جەۋھىرىنى يېڭىلىغان.

3. جانابى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە باسقۇچلاردا ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ھەر خىل دىن ۋە ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتقۇزۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىسلامنىڭ ئەسلىي روھىنى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن.

4. جانابى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مەيلى نەبىي ياكى رەسۇل بولسۇن ھېچكىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زات ئېلىپ كەلگەن رىسالەت نۇرىنى تا قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۆچمەس، نۇرانە ھىدايەت مەشئىلى قىلىپ بەرگەن. ئۇ زاتقا بەرگەن كىتاب يەنى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنى ئۆز دەرگاھىدىن نازىل قىلغان پېتى ساقلاپ، ھېچقانداق ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىشكە

ئىمكانىيەت قالدۇرمىغان. ئۇنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە پەن - تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن تەڭ ئۆزنىڭ پارلاق ھەقىقەت دۇردانىلىرىنى تېخىمۇ روشەن نامايەندە قىلىدىغان، ئالەمشۇمۇل نۇر مەنبەسى ۋە ھىدايەت چىرىغى قىلغان.

5. ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن گەپ - سۆز ۋە ئىش - ئىزلىرى ساھابە كىراملار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ زور ئەمگىكى بىلەن تولۇق ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبىرىمىزدىن باشقا ھېچقانداق شەخسكە نېسىپ بولمىغان. نېسىپ بولغان دېگەندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك تۇغۇلغاندىن باشلاپ تا ۋاپات بولغانغا قەدەر پۈتۈن گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى بىرمۇبىر ساقلىنىپ، ھەممىگە يېتەكچى، رەھبەر ۋە ھىدايەت چىرىغى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر شەخس يوق.

6. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن مەنبەسى ئالدى بىلەن مۇقەددەس قۇرئان كەرىم، ئاندىن قالسا قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ئىبارەت ھايات پائالىيىتى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ توغرا ۋە دۇرۇسلۇقتا ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە تولغان ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ رېئال ھاياتتىكى جانلىقلىقىنى ئېچىپ بېرىشتە ھەم ئۇ دىن كۆرسەتكەن ھىدايەت ۋە توغرا يولنىڭ قانداق يول ئىكەنلىكىنى بىلىشتە، شۇنىڭدەك بۇ دىنىنىڭ بىز بەندىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتە ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننىتىدۇر.

# پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىمىز

(لېكىن، دىنىي پىرىنسىپ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنلا ئۆگىنىمىز).

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، مەيلى ئۇ پەيغەمبەرلەر قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان بولسۇن ياكى زىكىر قىلىنمىغان بولسۇن، ئومۇمەن ھەممىسىگە شەكسىز ئىشىنىشىمىز قەتئىي ۋاجىپ. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ بار، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار**﴾[1]. يەنە بىر ئايەتتە بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) دەيدۇ**﴾[2]. بۇ (يەنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئورتاق ئىشىنىش) پىرىنسىپى بىزنىڭ مۇقەددەس ئەقىدىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، بۇ پىرىنسىپسىز ئىمانىمىز مۇكەممەل بولالمايدۇ. لېكىن، ھىدايەتكە پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى

[1] غافىر سۈرىسى، 78 - ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 285 - ئايەت.

بىلەنلا ئېرىشەلەيمىز. بۇ تەرەپبازلىق ياكى ئەسەبىيلىكتىن ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە شۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھ تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت پىرىنسىپلىرى پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئېتىقادىي پىرىنسىپى ۋە شەرئىي تەلىماتلىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە جەۋھىرىدۇر.

2. جانابى ئاللاھنىڭ سۆزى مۇقەددەس قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بىزگە تولۇق ۋە مۇكەممەل يېتىپ كەلگەن. ئۇ شۇنداق بىر سۆزكى، ئۇنىڭغا نە ئىنسانلارنىڭ سۆزى، نە شەيتانلارنىڭ سۆزى قەتئىي ئارىلىشىپ قالغان ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق غەيرى ئىلاھىي سۆزلەردىن خالىي، ساپ ۋە مۇقەددەس سۆزدۇر.

3. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ ۋاپات بولغانغا قەدەر پۈتۈن ئىش - پائالىيىتى، سۆز - ھەرىكىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى، مۇئامىلە ۋە ئىش - ئىزلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك يول ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق تولۇق خاتىرىلىنىپ، ساقلىنىپ كەلگەن. مانا بۇ ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە يۈكسەك پەزىلەتلەر پەقەت بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىك بولۇپ، دۇنيا تارىخىدا ئۇ زاتتىن باشقا ھېچبىر ئىنسان ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشەلمىگەن.

4. شۈبھىسىزكى، ئەقىدىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە ئومۇمىي ھەم قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ، زامان، ماكان ۋە شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالەمشۇمۇل رىسالەتتۇر. بۇ سۆزىمىزنىڭ ئاساسىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

1) قۇرئان كەرىم سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتتە بۇ ھەقىقەت

مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە جاننى ئالىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار).

2) لوگىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭمۇ ئاخىرقى رىسالەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشىنى ئەقلىي ھۆكۈم بويىچە مۇلاھىزە قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭ رىسالىتى بىردىنبىر توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى بولۇشىنى، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولۇشىنى، بىرەر جاي ياكى ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ**﴾[1].

3) ئىنسانىيەت توغرا يولنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالغاندا، تاللاشقا تېگىشلىك ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېيتىخارلىق ھىدايەت يولى شۇ زاتنىڭ قولىدا كامالەتكە يەتكەن. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**﴾[2]. بۇمۇ يەنە لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەردىندۇر. چۈنكى، قانداق بىر

[1] سەبە سۈرىسى، 28 – ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى، 3 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ خاراكتېرى كامالەتكە يەتكەن مۇكەممەل ھىدايەت مەنبەسى ئۈستىگە قورۇلمىسا، ئۇنداق پەيغەمبەرنى ئاخىرقى پەيغەمبەر دېيىش لوگىكىغا ئۇيغۇن ھۆكۈم بولالمايدۇ. بەلكى ئۇنداق پەيغەمبەردىن كېيىن يەنە رەسۇل ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى مۇقەررەر ۋە زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ.

4) رىئاللىق شۇنى قەتئىي ئىسپاتلىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا تا بۈگۈنگە قەدەر شەرىئەت ھامىيىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بېسىپ چۈشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى، ئىش ـ پائالىيىتى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قىسمەن بولسىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان؛ باشقا ھەرقانداق شەخستىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە ئىپتىخارلىق، نۇرانە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ياكى ئۆزىگە ۋەھيي كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ۋە شاھىتى سۈپىتىدە قۇرئان كەرىمدەك مۆجىزە خاراكتېرلىك بولمىسىمۇ، ھېچبولمىسا جانابى ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىيىسىگە قىسمەن بولسىمۇ ماس كېلىدىغان بىرەر كىتابنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىرەر شەخس كۆرۈلگىنى يوق.

# ئىنسان پەيغەمبەرلەرسىز ئېرىشەلمەيدىغان ئىلىم

بۇ تەتقىقات باسقۇچىمىزدا ئىنسان ئېھتىياجلىق ئىلىملەر ئىچىدە قايسى ئىلىمنىڭ پەيغەمبەرلەرسىز ئىگىلەش ئىمكانىيىتى يوق ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

دۇنيادىكى شەيئىلەر ئىچىدە يېڭى نەتىجە ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ھېسسىي كۈچىمىز ياكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تونۇپ، بۇ ئىككى كۈچ ئارقىلىق ئېرىشكەن مەلۇماتلارغا تايىنىپ ئىلمىي تەجرىبە ۋە سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق ماھىيىتىنى بىلىشكە بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر مەۋجۇت. بۇ شەكىلدە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ۋە ھەقىقىتىنى بايقاشقا ئالاقىدار ئىلىم چوقۇم جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن بىرەر كىتاب ياكى ۋەھيي نازىل قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەر قاتارىدىن ئەمەس. بۇ پەقەت جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل، ئىستېداد ۋە قابىلىيەتكە ئوخشاش كۈچلەرگە تايىنىپ ئەقىل ئىشلىتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىنساننىڭ ئىزچىل تىرىشىپ - تىرمىشىشى بەدىلىگە كېلىدىغان سەمەرىلەردىن ئىبارەت. چۈنكى، جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش قابىلىيىتى ئاتا قىلغان. گەرچە جانابى ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى بۇ ساھەدە ئومۇميۈزلۈك ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلەرمەن كۈچ ۋە بىلىم ئىگىسى قىلىپ قويۇۋەتمىگەن بولسىمۇ، جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە كەم

تېپىلىدىغان، نادىر تالانت ئىگىلىرىگە ۋە ئەقلىي ئەڭگۈشتەرگە ئىگە كەشپىياتچى ئالىملارغا ئىلمىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر ئىشىكلىرىنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ، بىزنىڭ بۇ رېئال ئالەمىمىز (سۇبىستانسىيە ئالەمىمىز) دە بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئالىملارغا ۋە مۇتەپەككۇر كەشپىياتچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى كەشپ قىلىشىغا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ تەبىئەتتە سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشىگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ، ھېسسىي بىلىش پۇرسىتى ئاتا قىلغان بولسا؛ يەنە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا كائىناتنىڭ ماھىيەتلىك سىرلىرىنى ۋە مېتافىزىكىلىق ماھىيەتلىرىنى غەيرى ھېسسىي يوللار بىلەنمۇ تونۇتۇپ كەلگەن. بىراق، ئەقلىي قۇۋۋەت ۋە ئوبيېكتىپ ھېسسىي بىلىش ئىلمى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىي ئىلىم كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. بۇ ئىلىملەرنى ئىگىلەشتە بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ياكى بىرەر كىتابنىڭ نازىل قىلىنىشى زۆرۈرىيەت ئەمەس. چۈنكى، بۇ كاتېگورىيەگە مەنسۇپ مەلۇماتلارنى ئىگىلەشكە ۋە ئۇلارنى يېتەرلىك شەكىلدە ھاسىل قىلىشقا كېتەرلىك ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ھېس - تۇيغۇ قاتارلىق پەزىلەتلەر بىز ئىنسانلارغا بەخشەندە قىلىنغان.

بىز ئىنسانلار بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان يەنە بىر قىسىم شەيئىلەر بار. بىز بۇ شەيئىلەرنى ئوبيېكتىپ، ھېسسىي ئەزالىرىمىز ۋە تەرەققىيات ۋاستىلىرىگە تايىنىپلا بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بۇ «بىلىم» ئىسمى بىلەن تونۇلغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپلا ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ياكى مىكروسكوپ ۋە ئېلېكترون مېڭىگە ئوخشىغان كۆزىتىش ۋە ھېسابلاش ئاپپاراتلىرى بىلەن كۆزىتىپ كۆرۈۋالغىلى ياكى ھېسابلاپ چىقىرىۋالغىلى بولمايدىغان ۋە ياكى دوكتور، پەيلاسوپلار يېزىپ قالدۇرغان كىتابلاردا ئۇچراتقىلىمۇ بولمايدىغان؛ قىسقىسى، ئىنسانلىقنىڭ تاقىتى ئۈستىدە

تۇرىدىغان شەيئىلەردۇر. بىر قىسىم پەيلاسوپلار ۋە ئالىملار بۇ شەيئىلەر ھەققىدە ئەقىل كۆچىگە تايىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ باققان بولسىمۇ، پەقەت تەخمىن ۋە پەرەز قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ياكى «ئىلىم» قاتارىغا قويغىلى بولمايدىغان شەك ۋە گۇمان چەمبىرىكى ئىچىدە ئايلىنىپ ھەيرەتتە قالغان. مانا بۇلار ئىنسان تاقىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، نۇرانە، ھالقىلىق ھەقىقەتلەردۇر. بۇ نۇرانە ھەقىقەتلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان نەزەرىيەۋى يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم شەخسلەر مەزكۇر ھەقىقەتلەرنىڭ «يەقىينىيات» (شەك قىلىشقا ئىمكان يوق، توغرىلىقىغا چىن پۈتۈلگەن، قىل سىغماس) ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن دېگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىلىمنىڭ تەرەپسىز ۋە تەرەپبازلىقتىن يىراق، نۇرانە ۋاستىسى بىلەن تونۇغان بولسىمۇ ئىشەنمەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىنىمۇ خالىمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بۇ نۇرانە ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىپ، توغرا چۈشىنىپ يېتىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىلىم پەقەت كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدىغان خۇسۇسىي ئىلىمدۇر. بۇ بىپايان كائىناتنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك ئاللاھ بۇ نۇرانە ۋە مۇقەددەس ئىلىمنى نەشر قىلىپ تارقىتىلغان كىتابقا ئوخشاش ھەممە ئادەم ئېلىپ ئوقۇيالايدىغان ياكى بىيوفىزىكا ئىلمىگە ئوخشاش فىزىكىلىق پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تىزىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى مېخانىكىسىنى تەتقىق قىلالايدىغان ياكى ئاناتومىيە ئىلمىگە ئوخشاش تىرىك ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلمىلىرىنى يېرىپ، پارچىلاپ تەتقىق قىلغىلى بولىدىغان بىر قىسىم پەن ئىلمىگە ئالاقىدار ئىنساننىڭ ئىستېبدات ۋە قابىلىيەت ئىقتىدارىغا قارىتا بەرمەيدۇ. بەلكى جانابى ئاللاھ بۇ ئىلىمنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، روھى پاك كىشىلەرنى تاللاپ، نەبي - پەيغەمبەر ۋە رەسۇل - پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇ

ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ ئىلىمدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، دەسلەپتە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ۋەھيي ئارقىلىق مەزكۇر ھەقىقەتلەردىن خەۋەردار قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەرلەرگە مەزكۇر ھەقىقەتلەرنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈپ، بىلدۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا پەقەت ھەق ئىلىمنى ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ ئىلىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە پىرىنسىپلاردىن خەۋەردار قىلىش ھەمدە ئاللاھ بىلەن بەندە ۋە ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئاندىن بۇ ئىلىم ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نىمىلىكىنى ۋە بۇ ئىلىمنىڭ تەلىپى بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ۋە قايسى شەكىلدە بەرپا قىلىش يوللىرىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ «دىندارلىق» دەپ ئاتىۋالغىنىدەك پەقەت بىر قىسىم دىنىي پىرىنسىپ ۋە ئىبادەت يوللىرىنى كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان، بەلكى بۇ ھاياتتىكى پۈتۈن نىزام ۋە پىرىنسىپلارنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە، ئومۇميۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان، ”دىن“ نامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالەمشۇمۇل سىستېمىدۇر.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت دىنىي ئىلىمنى يەتكۈزۈشكىلا چەكلىك بولماستىن، ئۆزىگە ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى مۇقەددەس ئىسلامىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دۇردانىلىرىگە ۋارىسلىق قىلالايدىغان رەھبەر قىلىپ تەربىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن نىزام، ... ئىزىم ۋە

ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلار تامامەن بەربات بولۇپ، «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن مۇقەددەس كەلىمە ئۈستىگە قۇرۇلغان «دىن - ئىسلام دىنى»نىڭ پارلاق ۋە نۇرانە بايرىقى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىكلەنگەنگە قەدەر، ئەمەلىي ھاياتتا ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلاپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش روھىغا ئىگە پىداكار ئاۋانگارت ئەزىمەتلەرنىڭ روھىغا، دىنىي ئىلىم ۋە دىنىي ئاڭ سىڭدۈرۈش بىلەن بىرگە، شۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە، ئۇسۇل ۋە مېتودلىرى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھاياتقا ئالاقىدار پۈتۈن قانۇن - پرىنسىپلىرىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى ماھىيەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ، ھەممىگە غالىب كېلىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن. ئۇلارنىڭ نىشانغا يېتەلمەسلىكى ئۆزلىرىنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا سەل قارىغانلىقىدىن ياكى پىداكارلىق روھى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان تەرسا خەلقنىڭ جاھىللىقى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىپ ھەققە كۆڭۈل بېرەلمىگەنلىكى كۆرۈنەرلىك سەۋەبلەرنىڭ ئاساسلىقى بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار بۇ يولدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەزىيەتلەرگە يولۇققان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن. قانداقلا بولمىسۇن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى مەزكۇر نىشان ۋە غايە ئۈستىدە بولۇپ كەلگەن. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ھاجەتكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە كامالەتكە يەتكۈزۈپ، شەرەپ بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇنىڭ نۇرانە ۋە شانلىق شاھىتلىرى تارىخنىڭ ھەر سەھىپىسىدە ئېپتىخارلىق ھالدا نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇ زات ۋەزىپىسىنى شۇ دەرىجىدە كامالەتكە يەتكۈزگەنكى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە يەر يۈزىگە كېڭەيتىپ، «ئاللاھنىڭ ھۆكمى» كونتروللۇقىدىكى ”ئىسلام دۆلىتى“نى قۇرۇپ چىققان.

قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدە بولمىسۇن ھەر ئىككىسىدە كەلگەن خىتابلار ئومۇمنى ئاساس قىلغان. خاس بولغاندىمۇ، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا قارىتىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر سەھىپىسىنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىققىنىمىزدا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىتاب ۋە نۇتۇقلىرىغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، مۇئەييەن بىر قەبىلە، قەۋم ياكى مىللەتكىلا مەخسۇس سۆز قىلىنغانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، بەلكى مەيلى ئاللاھ خىتاب قىلغاندا بولسۇن ياكى رەسۇلۇللاھ خىتاب قىلغاندا بولسۇن، يا پۈتۈن ئىنسانلارنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ خىتاب قىلغان: مەسىلەن، «يا بەنى ئادەم - ئى ئادەمزات!»، «يا ئەييۇھەنناس - ئى ئىنسانلار!» دېيىش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك پۈتۈن ئىنسانلارغا قاراتقان، ياكى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا ئىماننىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بويىچە ئىسلامىيەتنىڭ ئەھكام ۋە پىرىنسىپلىرىنى تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن: «يائەييۇھەللەزىينە ئامەنۇ - ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر!» دەپ خىتاب قىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئىسلامىيەتنىڭ بىردىنبىر ئالەمشۇمۇل دىن ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشقان شەخس كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەت، قەبىلە، ئىرق، دۆلەت، رايون ۋە مەھەللە ئايرىماستىن، ھەممە خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قېرىنداشلارچە سەممىي ساداقەت بىلەن مۇئمىن بولغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئىسلامىيەت ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق ھوقۇق ۋە ئادالەتنىڭ ھامىيلىقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ﴿**مۇئمىنلەر ھەممىسى قېرىنداش**﴾[1] دېگەن پىرىنسىپ يولغا قويۇلغان بولسا،

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 8 – ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: **«كىمكى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق ئېيتسا، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرسە، بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىز بوغۇزلىغان نەرسىنى يېسە، ئۇنداق كىشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولغان ھەق - ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ»**[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: **«ئى ئىنسانلار! شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر. يەنە شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەرەبنىڭ غەيرى ئەرەبتىن، غەيرى ئەرەبنىڭ ئەرەبتىن، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىكتىن ھېچبىر ئارتۇقچىلىقى يوق، (ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى) پەقەت تەقۋادارلىقتا (يەنى مىللىتى، ئىرقى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر كىم ئاللاھتىن بەكرەك قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە شۇ كىشى ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)»**[2].

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

# ئىسلامنىڭ ئەقىدىۋى ئاساسلىرى

## 1. ئاللاھقا ئىشىنىش:

ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاۋۋالقى ئەقىدىۋى پرىنسىپى يەككە - يېگانە ئاللاھقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھقا ئىشىنىش (ئىمان) پەقەت «ئاللاھ بار، ئاللاھ بىر» دەپ قويغانلىق بىلەنلا ھەقىقىي ئىمان ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ھەقىقىي ئىمان جانابى ئاللاھنىڭ بۇ بىپايان، چەكسىز كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى، ھاكىمى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ كائىنات ۋە كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كونتروللۇقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە كېتەرلىك كۈچ ۋە ئېنېرگىيەنى پەقەت ئۇ زاتنىڭ ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانە بولۇپ، مەزكۇر ئىسىم ۋە سۈپەتلەردە ئۇنىڭغا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ ئورتاقلىقى يوقلۇقىغا ۋە ھەرگىز ئۇنداق بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ ئۆز زاتىغا مۇناسىپ پۈتۈن ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشكە لايىق ئىكەنلىكىگە ۋە مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ھېچبىر مەخلۇقاتنىڭ ھەسسىسى ياكى نېسىۋىسى بولۇشقا قىلچە ئىمكانىيەت ۋە يوچۇق يوقلۇقىغا، مەزكۇر سۈپەتلەرگە پەقەت ئۇ زاتلا تامامەن لايىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ ئاسمان - زېمىندىكى ھەرقانداق نەرسىنى ھەتتا زۇلمەت

كىچىدە قارا تاش ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى، پۈتۈن بار - يوق ئىش - ھەرىكەت ۋە قىلمىش - ئەتمىشلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسىنى بىۋاسىتە بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق ھەممىنى كۆرۈش ۋە ھەممىنى بىلىش سۈپىتىگە لايىق ئۇ زاتتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ ئەزەلدىن - ئەبەدكە ئۆزىنىڭ «ھەي» (يەنى تىرىك) سۈپىتىگە لايىق باقىي زات ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇ زاتنىڭ «تىرىك» سۈپىتى بىلەن، ئاندىن تىرىك ۋە باقىي قالىدىغان مەخلۇقلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇ زاتنىڭ «باقىي» سۈپىتى بىلەن ئۇ زات خالىغان مۇددەتكىچە قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ تۇغۇلمىغان، بالا تاپمىغان، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ ئاسمان - زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇ زاتنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ مەيلى ئاسماندا ياكى يەردە بولسۇن ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ «رابىبىلىكەۋن» (كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى) بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ ئوغلى ياكى قىزى، ئۇسى ۋە بۇسى شەكلىدىكى ھەرقانداق تەۋەلىك ۋە ئورتاقلىق مەنىسىدىكى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەردىن پاك ۋە ئۇزاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ ئۇ زاتنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا، ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، يىلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىغا تامامەن ھەقلىق ۋە مۇتلەق ھوقۇقلۇق، بەرھەق مەبۇد ئىكەنلىكىگە، ئۇ زاتقا ئىبادەتتە باشقا ھەرقانداق بىرىنى ئورتاق بىلىش ئەڭ بۈيۈك جىنايەت ۋە كەچۈرگۈسىز خىيانەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر.

ئۇ زات ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ قىلغان دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئىنساننى ئۇ زاتقا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە موھتاجلىقىنى تەڭلەپ دۇئا قىلىپ يىلىنىشتىن پەقەت ئۇنىڭ چوڭچىلىق ۋە يولسىز ھاكاۋۇرلۇقى توسۇپ قويىدۇ ياكى جاھىللىقى ۋە بىلىمسىزلىكىدىن ئۇ زاتنى

قويۇپ باشقىلارغا يېلىنىپ، داد - پەرياد چېكىپ ياش تۆكىدۇ. بىراق، نۇرغۇن كىشىلەر ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبلىسقا ئەگەشسە، يەنە نۇرغۇنى پەرۋەردىگارىغا ئۇلۇھىيەتتە (ئىلاھلىقتا) شېرىك كەلتۈرۈپ مۇشرىكلار گۇرۇھىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئىسلامنىڭ نەزىرىدە جانابى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى بىر قىسىم پەلسەپىچىلەرنىڭ «مېتافىزىكا» دەپ ئاتىۋالغان تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى يەنى روھىيەت ئالىمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، ئۇ زاتنىڭ ھاكىمىيىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىنسان ۋە ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى ھەمدە تەبىئەت ۋە تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە چېتىشلىق قانۇنىيەتلەر يىغىندىسىنى؛ ھەممىگە ھامىي، ھاكىمۇتلەقلىقىغا ئىگە، ھېچقانداق شەخس ۋە ھەرقانچە كاتتا ئەربابنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمىغان، شەرتسىز، شەكسىز، زامان ۋە ماكان چەكلىمىلىرىدىن ھالقىغان ھاكىمىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ زاتنىڭ ھاكىمىيىتىگە كائىناتتا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. مەيلى بۇ مەخلۇقلار ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ سىرتىدىكى تاشقى پىلانېتا ۋە سەييارىلەر بولسۇن ياكى ئىنسان تائىپىسى ئىچىدىكى ئۇلۇغ ئەۋلىيا، ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بولسۇن ياكى خىلمۇخىل ...ئىزمىلارنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى بولغان كاتتا ئەرباب ۋە ئاتاقلىق شەخسلەر بولسۇن ھېچبىرى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىنھار ئارىلىشالمايدۇ، سۆز قىستۇرالمايدۇ ياكى قارشى چىقالمايدۇ. ئىنسانلار جانابى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كوتا ئەقلى ۋە كالتە پەملىكلىرى بىلەن تۈزۈپ چىققان، نامدا خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى چىقىش قىلىدىغان دېموكراتىيە تۈزۈمى؛ شەكىلدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداش بىلەن خەلققە يالغان جەننەت ۋەدە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كوممۇنىزم تۈزۈمى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى

مونوپول قىلىش ئارقىلىق ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان كاپىتالىزم تۈزۈمى؛ دىننى پەقەتلا ئاللاھ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دائىرىسىگىلا چەكلەپ، دىننىڭ پائال روھىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ، ئۇنى پەقەت مەسچىت - خانىقا، نەزىر - چىراغ، نىكاھ - تالاققا ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشقىلا مەھكۇم قىلىش ئارقىلىق دىننىڭ ھاياتقا رەھبەر، دۆلەتكە قانۇن، جەمئىيەتكە تۈزۈم، كىشىلىك ھاياتقا يېتەكچى رەھبەرلىك روھىنى چەتكە قاقىدىغان بىر قاتار تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلەرگە ھەۋەس قىلىپ، شۇلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان كىشىلەر ماھىيەتتە پەرۋەردىگارىغا، ياراتقۇچىسىغا بويۇنتاۋلۇق قىلغۇچى تۇزكور خائىنلار بولۇپ، ئۇلار ئاقىۋەتتە بۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

بۇ ئىلاھىي تەسەۋۋۇر مەنتىقە جەھەتتىن مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، پەقەت ئاللاھلا ئىنساننىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق ھەقىقىي مەبۇددۇر، ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.

ئىككىنچى، ئاللاھ تائالا كائىناتنى باشقۇرۇپ تەسەررۇپ قىلىشتا، قانۇن بەلگىلەپ ئىنتىزاملاشتۇرۇشتا يەككە – يېگانىدۇر؛ ئىنسانلارنىڭ دۇئا – تەلەپلىرىنى ئىجابەت قىلىش - قىلماسلىق ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. يەنى ئاللاھ خالىسا ئىجابەت قىلىدۇ، خالىسا ئىجابەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشىگە ياكى بىرەر شەخسكە دۇئا قىلىشنى راۋا كۆرمەسلىكى، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ دەپ قارىماسلىقى، پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىشى ۋە يېلىنىپ يالۋۇرۇشى، ئۈمىدىنى يالغۇز شۇ زاتقىلا باغلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ پۈتۈن ئاقىۋىتىگە ئىگە، پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر، مۇتلەق كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان بىرەر خاپىلىققا دۇچ كەلگەندە

پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىشى، بىرەر نەرسىگە ھاجىتى چۈشكەندە پەقەت ئاللاھتىنلا تىلىشى، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتىدىن قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، غەزىپىدىن ۋە ئازابىدىن ئەسلا غاپىل قالماسلىقى لازىم.

تۆتىنچى، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ۋە ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى بولغاچقا، ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ۋە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى مۇكەممەل ھەم بىۋاسىتە بىلىشكە قادىردۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئاللاھ تائالا ئىنساننى خاتالىق ۋە زالالەتتىن توغرىغا ۋە ھىدايەتكە يېتەكلەشكە ھەمدە ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىگە ئەڭ مۇناسىپ ھايات پىرىنسىپىنى بەلگىلەپ بېرىشكە تامامەن ھەقلىقتۇر.

بەشىنچى، ئىنسانىيەت ۋە كائىنات ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەقىقىي ئىگىسى ۋە پەرۋەردىگارى يەككە - يېگانە ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ھاكىمىيەتنى ئاللاھتىن باشقىغا تاپشۇرۇشى ياكى ئۆزىنى ھاكىم تىكلىۋېلىشى روشەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ ئۆزىنى شارىئ (قانۇن چىقارغۇچى) قىلىۋېلىشى ياكى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بىر شەخسكە ۋە ياكى پالان - پۇستان ...ئىزمچىلارغا تاپشۇرۇپ، شۇلار يولغا قويغان تۈزۈم ۋە پىرىنسىپلىرىنى ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن، نىزام ۋە پىرىنسىپلاردىن ئارتۇق بىلىشمۇ ئوخشاشلا كۇپۇرلۇققا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. چۈنكى، جانابى ئاللاھ ئۆز مۈلكىنى ئۆزى باشقۇرۇشى ۋە ئۆزى چىقارغان قانۇن - پىرىنسىپلار بويىچە ئىدارە قىلىشى لازىم.

ئالتىنچى، ئەڭ ئالىي يوليورۇق بېرىش ۋە مۇتلەق قانۇن بەلگىلەش ھوقۇقى پەقەت ھەممىگە قادىر، ھەممىگە ئالىم زات ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولغان ئىكەن، ئۇ زاتتىن باشقا ھەرقانداق شەخس ۋە ئەربابلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، جانابى ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغاچقا،

ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئېھتىياجلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر قىسىم نىسپىي ۋە قوشۇمچە مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ قانۇن پىرىنسىپلىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا قىسمەن قانۇن – نىزاملارنى بەلگىلەشنى سالاھىيەتلىك كىشىلەرگە ھاۋالە قىلغان.

## 2. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئېرىشىشى

ئىنسان بۇ نۇقتىدا ئىسلامنىڭ يەنە بىر ئەقىدىۋى باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئېرىشىش باسقۇچىدۇر. پەيغەمبەرلەر جانابى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى ئۈچۈن تاللىغان، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە شەخسلەردۇر. بۇ قانۇن - پىرىنسىپلار بىزگە مۇنداق ئىككى شەكىلدە يېتىپ كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان، مۇقەددەس ۋەھىي - كالامى قۇرئان كەرىمدۇر. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قىلغان ۋەز - نەسىھەتلىرى، ئەمر - پەرمانلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىدىن ئىبارەت مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەپسىرى ۋە پاك سۈننىتىدۇر.

بۇ ئەقىدىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئەگەر بۇ ئەقىدە راۋۇرۇس مۇستەھكەملەنمەيدىكەن، ئاللاھقا بولغان ئىمان پەقەت بىر نەزەرىيە ۋە تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق نىزامى، ئەخلاق مىزانى ۋە مەدەنىيەت گۈلزارى قاتارلىق سىمۋوللىرىنىڭ كاتېگورىيەلىك قىممىتى ۋە ماھىيەتلىك ئۆلچىمى پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ نۇرانە ۋاسىتىسى بىلەنلا ھەقىقىي تۈس ئالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ

قانۇنى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى ئارقىلىق بىز ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر قانۇنكى، پۈتۈن ھاياتلىق شۇ قانۇن بويىچە جەريان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئاللاھقا ئىشەنگەندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە شەكسىز ئىشىنىشى زۆرۈردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە ئىشەنمىگەن ياكى ئىشەنسىمۇ شەك ۋە گۇمان بىلەن قارىغان ھەرقانداق ئادەم ھەقىقىي مەنىدە مۇسۇلمانلىق كاتېگورىيەسىگە كىرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇبھىسىزكى (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر**﴾[1].

ئىسلامىيەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئورنىنى توغرا يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبەرلەر باشقىلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىش ياكى باشقىلارغا قۇل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا ۋە تاغۇت - شەيتانلارغا قۇل بولۇشتىن ئازاد قىلىشنى ھەمدە پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى بولغان بىر ئاللاھقىلا بەندە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىدا مۇسۇلمانلار ئادەتتە كۈندىلىك بەش ۋاقىت نامىزىدا «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ — ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى - قۇلى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرارلايدۇ. بۇ بىزگە پەيغەمبەر بولغۇچىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسان تۇرىدىن بولۇپ، ئىلاھلىق بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى ياكى مۇناسىۋىتى

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 15 ئايەت.

يوقلۇقىنى ياكى ئىنسان ھالقىغان بىر شەخس ئەمەس، بەلكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا يەپ - ئىچىش، ھېرىپ - چارچاش، يېتىپ - قوپۇش ۋە ئائىلىلىك بولۇش دېگەندەك ئىنسانىي خۇسۇسىيەت ۋە تۇيغۇغا ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ خەزىنىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى؛ ئاللاھ بىلدۈرگەننىڭ سىرتىدا غەيبتىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى؛ ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز باشقىلارغا پايدا - زىيان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگىمۇ پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى؛ ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھ يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغاننىلا يەتكۈزۈش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىمۇ ھىدايەت قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى؛ قەبرىدە مۇنكەر - نەكىر پەرىشتىلەرنىڭ سوئال - سوراقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، گۇناھكارلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلىش سالاھىيىتى يوقلۇقىنى؛ ھەتتا ئۆزى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ سالسا ياكى ئاللاھ نامىدىن بىرەر يالغاننى توقۇسا ۋە ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىگە ئۆزى چاغلاپ ئۇنداق يا مۇنداق بىرەر ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قەتئىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى؛ ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىن تاللانغان بەندىلەر بولۇپ، ئىنسانلار بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى ئەلچى ۋە بەندە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىشتۇر. جۈملىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تاپشۇرغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدىن باشقا سالاھىيىتى يوق بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزى چاغلاپ ھالال - ھارام قىلىشقا چامى يەتمەيدۇ، ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ ئۈممىتىگە بىرەر كەلىمە سۆزنى قانۇن قىلىپ بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان بەرھەق ئەلچىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن نەبىي ۋە رەسۇل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئومۇمەن چېكىدىن ئېشىپ، پەيغەمبەرلىرىنى ئىلاھنىڭ بالىسى دەپ ئېتىقاد

قىلىپ ياكى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن؛ يەنە بىر قىسمى ئاللاھقا ئىنسانىي سۈپەتلەرنى مەنسۇپ قىلىپ، ئۇنىڭغا جىسىم ئىسپاتلىغان؛ يەنە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى قىلغان ھەتتا ئاللاھقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. ئىسلام دىنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلارنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ مەزكۇر ئوڭچىل ۋە سولچىل قىلمىشلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، قەتئىي شەكىلدە رەت قىلىپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە ھەقىقەتلەرنى روشەن ئوتتۇرىغا قويغان:

قانداق ئادەم پەيغەمبەرگە ئىشەنمەي، ئەمرىگە ئىتائەت قىلمايدىكەن، مۇئمىن - مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ماھىيەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**بىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىشى ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)**﴾[1]. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغان ھەرقانداق ئادەم ھىدايەت، توغرا يول تاپالمايدۇ. پەيغەمبەر بۇيرۇغان ئىشنى قىلىش، توسقاندىن يېنىش چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى مۇنۇ سۆزىدە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «**مەنمۇ بىر ئىنسانمەن. سىلەرنى دىنىڭلاردىن ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇنى ئىجرا قىلىڭلار؛ ئەگەر (دۇنيالىق) ئىشىڭلاردىن ئۆزۈم توغرا تاپقان بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام، مەنمۇ بىر ئىنسان (يەنى دۇنيالىق ئىشلاردا پايدىلىق دەپ بىلسەڭلار، دېگىنىمدەك قىلىڭلار. بولمىسا، ئۆزۈڭلار پايدىلىق دەپ**

[1] نىسا سۈرىسى، 64 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار)»**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن بايانى ۋە ھەقىقىي تەپسىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى ۋە بايانىنى قۇرئاننى ئۇ زاتقا نازىل قىلغان ئاللاھ ئۆزى ئۆگەتكەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا (جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭدە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى جەملەش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر**﴾[2]. قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بايان قىلىش ئىلاھىي ئاساسقا تايىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئەسلا يىراقلاپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن ۋە ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) تەپەككۇر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق**﴾[3]. شۇ سەۋەبلىك قۇرئان كەرىمنى قۇرئاننىڭ ئۆزىگە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئاساسلانماي تۇرۇپ ئۆز خاھىشى بىلەن تەپسىر قىلىشقا ۋە مۇددىئاسىنى يېشىشكە بولمايدۇ. جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىي ئىش - ئىزلىرىنى پۈتۈن مۇئمىن - مۇسۇلمانلارغا نەمۇنە قىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**﴾[4]. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلغان بولسا، ھەرقانداق مۇئمىن ۋە مۇئمىنەنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ ۋە**

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] قىيامەت سۈرىسى، 17-، 19- ئايەتلەر.

[3] نەھل سۈرىسى، 44 – ئايەت.

[4] ئەھزاب سۈرىسى، 21 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾**[1]. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان ئىشلاردىن يەنە بىرى، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى ۋە قارارىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆز خاھىشى بىلەن قارار ياكى ھۆكۈم چىقارماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرۇغۇچىدۇر.﴾**[2]. بۇ ھەقىقەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە پەقەت ئالىي پەرمان ۋە يۈكسەك قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇپلا قالماستىن، مۇقىم، ئۆزگەرمەس، مەڭگۈلۈك، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، پىرىنسىپال ھەقىقەتلەرنىمۇ ئىنئام قىلغان. قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىدە ماقۇللىنىپ قارارلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق ياخشى ئىشنىڭ خاراكتېرىدە مەڭگۈلۈك ياخشىلىق مەۋجۇت، بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ خاراكتېرىدىمۇ مەڭگۈلۈك يامانلىق مەۋجۇت، ھالال ئىش مەڭگۈلۈك ھالال، ھارام ئىش مەڭگۈلۈك ھارام؛ شۇنداقلا پەرز ئىش مەڭگۈلۈك پەرز بولۇپ، مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتۇر. ھېچقانداق شەخسنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باشقا قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇش ياكى ئۆزگەرتىش

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 36 – ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى، 1 – ئايەت.

كىرگۈزۈش سالاھىيىتى يوق. بۇنى پەقەت ئىسلامىيەتتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەن شەخس، جامائەت ۋە مىللەتلەر قىلسا كېرەك. مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلمانلىق كاتېگورىيەسىدىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇنۇگۈنكى يامان، ناچار ئىشلار بۈگۈن ياخشى، پەزىلەتلىك ئىش بولۇپ، ئەتىسى يەنە يامان، ناچار ئىشقا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدىغان ھەربىر كىشىنىڭ مەيلى ئىجما، مەيلى قىياس، مەيلى ئىجتىھاد قاتارلىقلاردىن قانداقتۇر بىرىگە تايىنىپ بۇنداق مەسىلىلەرگە ئۇنداق يا مۇنداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بولمايدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئاخىرەتكە ئىشىنىش

ئىسلامنىڭ ئەقىدە پرىنسىپىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى ئاخىرەتكە ئىشىنىشتۇر. بۇ ئەقىدىۋى پرىنسىپ ماھىيەتتە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ھەرقانداق كىشىنى مۇسۇلمانلىق تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، كۇپرى كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇنداق كىشىنى كۇپۇرلۇق ئازگىلىدىن ئاللاھقا بولغان ئىمانىمۇ، پەيغەمبەرگە بولغان ئېتىقادىمۇ، قۇرئانغا بولغان ئىشەنچىسىمۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى. ئېيتقىنكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر**﴾[1]. ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىنىڭ بۇ تۈپ ئەقىدىۋى ئاساسىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى تۆۋەندىكىدەك ئالتە ئاساسىي پرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئىنسان بۇ دۇنيادا نېمە ئىش قىلسا، جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغان، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن مەخلۇق ئەمەس. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ ﴿**يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟**﴾[2].

[1] تەغابۇن سۈرىسى، 7 – ئايەت.

[2] قىيامەت سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.

ئەكسىچە، ئۇ ياراتقۇچىسى جانابى ئاللاھنىڭ ئالدىدا چوڭ - كىچىك پۈتۈن قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. دۇنيا ھاياتى ھەقىقەتتە بىر ئىمتىھان ۋە سىناقتۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق**﴾[1]. ئىنسان بۇ ھاياتىي دۇنيادا ئۆمۈر مەنزىلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جانابى ئاللاھ ئۇ ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن چالا قويماي ھېساب ئالىدۇ.

2. جانابى ئاللاھ ئىنسانىيەتتىن بۇ ھېسابنى ئېلىش ۋاقتىنى مۇئەييەن قىلىپ بېكىتتۇۋەتكەن. ئىنسان ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇنيا ھاياتىدا بىر مۇددەت ئەمەل قىلىپ نامە - ئەمال دەپتىرىنى تولدۇرۇشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان قىسقا، ئەمما بىباھا ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەجەل ماقامىغا يەتكەندىن كېيىن قىيامەت بولىدۇ. ھاياتىي دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ۋە كائىناتنىڭ نىزام - تەرتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى ئالەمدىكى باشقا بىر ھايات قانۇنىيىتى ۋە ئەبەدىي ھايات نىزامى ئالىدۇ. بۇ يېڭى ئالەمدە جانابى ئاللاھ تۇنجى ياراتقان ئادەمدىن باشلاپ تا قىيامەتكىچە ئۆتكەن - كەچكەن پۈتۈن ئىنسانلار بىر يەرگە توپلىنىپ، ھازىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ**﴾[2].

3. پۈتۈن ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا ئىلاھىي ئادالەت مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەربىر ئادەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا، دۇنيادىكى پۈتۈن قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن تەپسىلىي ھېساب ۋە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

4. قىيامەت كۈنى جانابى ئاللاھ ئىنسانلاردىن ھېساب

[1] كەھف سۈرىسى، 7 – ئايەت.

[2] قىيامەت سۈرىسى، 59—60 – ئايەتلەر.

ئېلىپ، ھۆكۈم قىلغاندا، ئىلمى ئەزەلىيسى بىلەنلا ھۆكۈم چىقارمايدۇ، بەلكى بۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ ئادىلمۇتلەقلىق سۈپىتىگە لايىق ئادالەت شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىدۇ، ئاندىن پۈتۈن جاندارلارنىڭ تىنىقىدىن تارتىپ ھەممە قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە ـ ئەمال دەپتەرلىرىنى ئىلاھىي ئادالەت مەيدانىغا ئېلىپ كېلىدۇ. قانداق نىيەتتە قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن پۈتۈن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە ھەر خىل شاھىت ۋە گۇۋاھچىلارنى مەيداندا ھازىر قىلىدۇ.

5. بۇ بۈيۈك ئىلاھىي ئادالەت مەيداندا مال ياكى پارا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئادالەتكە قارشى لاياقەتسىز شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتىمۇ ئەسقاتمايدۇ، ھەقىقەتكە زىت ئادۋوكاتلار كۆرسەتكەن باھانە ـ سەۋەبلەر جاۋابكارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ، ھېچكىم بىراۋنىڭ جىنايىتىنىڭ ۋابالىغا قالمايدۇ. بۇ كۈندە ئەڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، يېقىن ـ يورۇق ئۆلپەتداشلار، كاتتىباش داھىيلار، قولداش شەيخ ـ ماشايىخ ۋە پىر ـ ئۇستازلار ياكى ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ تىكلىۋالغان بۇت ـ تاش ۋەھاكازالارنىڭ ھېچقايسىسى ياردەم قولىنى سۇنۇپ ھېچنەرسىگە ئارا تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئالدىدا ھەر ئادەم ئۆزى تەنھا ھېساب بېرىشى ئۈچۈن، قولداشسىز ۋە يولداشسىز تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ كۈندە پۈتۈن ئىش ھاكىمىيەتلىق ئاللاھقا خاس بولىدۇ.

6. جانابى ئاللاھنىڭ بۇ كۈندە ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھۆكمى ئۇلار ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ۋە باقىي ئالەمدىكى ھېساب ـ كىتابقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىماننىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە جانابى ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قۇلچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان – قىلمىغانلىقى ھەققىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىپ، قۇلچىلىق ۋەزىپىلىرىنى بەجانىدىل ئادا قىلغانلار جانابى ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ۋە ئۇ جەننەتتىكى ئالىي ھەم چەكسىز نېمەتلىرىگە نائىل بولىدۇ. (ئاللاھ ساقلىسۇن) بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغانلار جەھەننەمدە ۋە ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك

ئازابىدا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ئاراڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: ئەلۋەتتە كەلگەن (پەيغەمبەرلەر كېلىپ، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا** دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى **تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى، دەيدۇ. (ئۇلارغا) جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان، دېيىلىدۇ**﴾[1].

[1] زۇمەر سۈرىسى، 71–72 – ئايەتلەر.

## ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئەقىدىۋى ئاساس ئالدىدىكى ئىنسانلار

بۇ ئەقىدىۋى ئاساس ئالدىدا ئىنسانلار ھاياتىي دۇنيادا قانداق ياشىغانلىقىغا ئاساسەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

بىرىنچىسى، ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيادا دەپ قاراپ، باقىي ئالەمگە ئىشەنمەيدىغانلار. بۇ تۈردىكىلەر دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى پەقەت دۇنيادىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا تەققاسلاش ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا نەپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىش ياكى ئەمەل ياخشىلىق ھېسابلانسا، زىيان كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق ئىش ياكى ئەمەل يامانلىق ھېسابلىنىدۇ. نەتىجە نۇقتىسىدىن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە شارائىتقا قاراپ ھەم ياخشىلىق، ھەم يامانلىق بار دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار. بۇنداق كىشىلەر دۇنيادا قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر شەخسكە ياكى قىلغان گۇناھلىرىنىڭ كاپپارىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان كىشىلەرنىڭ شاپائىتىگە ئۈمىد باغلاپ، خاتىرجەم ياشايدۇ؛ ئۆزلىرىنى «بىز ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى، شۇڭا بىز ھەرقانچە چوڭ گۇناھ سادىر قىلساقمۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى بىزگە مۇنداقلا كېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ خاتا پەرىزىنى رەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتتە دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا مۇناسىپ جازاغا

دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار: بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ، دەيدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ؟ (ئەگەر شۇنداق ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟ دېگىن. ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**﴾[1].

بۇنداق قاراش شۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن پايدىلىق ئىش ياكى ئەمىلىنى ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى بىلەن قوشۇپ يوق قىلىۋېتىدۇ. ئاقىۋەتتە بۇ ئىككىنچى تۈردىكىلەرمۇ بىرىنچى تۈردىكىلەرنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئىسلامىيەت ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشنى قانداق تەلىم بەرگەن بولسا، ئاخىرەتكە شۇ بويىچە توغرا ۋە دۇرۇس مەنىدە ئىمان ئېيتقانلاردۇر. بۇ تىپتىكىلەر ئاللاھ تائالا بىلەن خۇسۇسىي ئالاقىدە بولۇش بابىدا سەلبىي چۈشەنچە ۋە يامان تونۇشقا چۈشۈپ قالمايدۇ، شۇنىڭدەك كۈپۈر خاراكتېرلىك خاتا گۇمانغا ياكى ناتوغرا شاپائەت زەنجىرىگە باغلىنىپ قالمايدۇ. بۇنداق ئەقىدىۋى ئاساس ئۈستىدە ياشاش مەزكۇر كىشىلەرگە نىسبەتەن يۈكسەك ئەخلاق ئېنېرگىيەسى شەكىللەندۈرىدۇ. يۈرەك ۋە ۋىجدانىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئاخىرەتكە بولغان توغرا ئىمان مۇۋازىنىتىنى تۇرغۇزالىغانلارنىڭ ھالى شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، خۇددى ھەربىر باسقان قەدىمىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كامېرا يەرلەشتۈرۈپ قويۇلغاندەك ياكى ئالغان ھەربىر تىنىقىنىمۇ ئېلىۋالىدىغان يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۈنئالغۇ ئاپپاراتى تاقاپ قويۇلغاندەك، ھەرقانداق مۇنكەر قىلمىشلاردىن ياكى يامانلىققا باشلىغۇچى ئىرادە ۋە نىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ھەتتا گۇناھ يولىغا

[1] بەقەرە سۈرىسى، 80—81 – ئايەتلەر.

قەدەم بېسىپ سىلىشتىنىمۇ قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇلار گۇناھ ئىشلىسە، تۇتۇپ جازالايدىغان ساقچى يېنىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن؛ بىلىنىپ قالسا، جاۋابكارلىققا تارتىپ جازا بېرىدىغان مەھكىمە خادىملىرى بولسۇن ياكى بولمىسۇن؛ ئاۋام خەلقنىڭ سۆز - چۆچەكى، تاپا - تەنىسى ۋە مالامىتىگە قالسۇن - قالمىسۇن، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىسلامىيەتكە يات ھەرقانداق ئىش ياكى ئەمەللەردىن ھوشيارلىق بىلەن ئاگاھ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ روھىدا «ئاللاھ تائالا چوقۇم پۈتۈن قىلمىش – ئەتمىشلەردىن بىرمۇبىر ھېساب ئالىدۇ» دەيدىغان ئاڭلا يىلتىز تارتىدىكەن، مۇشۇ ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنسان مەيلى يېنىدا باشقىلار بولسۇن - بولمىسۇن، ئۆيىدە راھەتتە بولسۇن ياكى چۆلدە مۇشەققەتتە بولسۇن، قىسقىسى، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ئىبادەتلەرگە قەتئىي سۇسلۇق قىلمايدۇ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ سەل قارىمايدۇ. شۇنىڭدەك ھارام قىلىنىپ، چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ناۋادا يېقىنلىشىپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال ئۆزىنى تۇيۇپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ، خالىس ۋە سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، شەپقەتلىك پەرۋەردىگاردىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئىنساننىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشى، توغرا يولدا مېڭىشى ۋە ساغلام مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ۋە تەسىرى زورراق قورال تاپالىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولمىسا كېرەك. جانابى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق، يۈكسەك قانۇنى بىزگە ئىنئام قىلغان بۇنداق ئەبەدىي ۋە دائىمىي قىممەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقەتلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ئىنسان باقىي ئالەمگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئەقىدىنىڭ پەزىلىتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدە ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرقانچە قىلسىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىسلامدا ئاخىرەتكە ئىشىنىش مەسىلىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىمانمۇ ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختىيار قىلالمايدۇ.

HAKSEVER

# ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

تەتقىقاتىمىزنىڭ ئالتىنچى تېمىسىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام ــ ھاياتلىق نىزامىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مەنبەسى ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان ئارگىنال ئاساسىدۇر. ئىسلامىيەت ھايات يولىدا ئىنسانىيەتكە يوليورۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق قارىشىدا راھىبلارچە تەركىدۇنيالىق بىلەن ياكى دەرۋىشلەردەك غار ۋە ئۆڭكۈرلەردە، خىلۋەتتە يالغۇز ياشاش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاتلىمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ئورگانىزمى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلاردىن شەكىللەنگەن ھەرقايسى ئىجتىمائىي توپلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش ئاساس قىلىنىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ خېلى كۆپ ساندىكى دىنىي ئەربابلار ئەخلاقنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنىڭ پەقەت راھىبلىق تونىغا ئورىنىۋېلىش، بۇتخانا، چېركاۋ ۋە ھەرقايسى ئىبادەتخانىلارغا بېكىنىۋېلىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بىراق، ئىسلامىيەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قايناق دولقۇنىدا پىشىپ يېتىلىپ، ئەمەلىي تۇرمۇش ئۇچقىدا تاۋلىنىپ، ئاممىۋى ئىجتىمائىي ھاياتتىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىش ئارقىلىق ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ۋە نادىر پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئالدى بىلەن دۆلەت رەئىسى، ۋالىي، ھاكىم ۋە يېزا باشلىقلىرىدىن تارتىپ

كەڭ خەلق ئاممىسى ھەتتا ھەربىر ئائىلە ۋە ھەربىر شەخسكە قەدەر ھەممەيلەننى ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشكە تەرغىب قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلق يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىشى لازىم. ئىسلام بۇ ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە يۈكسەك پەزىلەتنىڭ ھەربىر ئائىلىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ھاياتنىڭ پۈتۈن ساھەسىدە يېتەكچى بولۇشىنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇ ھەربىر شەھەردە، ھەربىر يېزا ۋە كەنتتە رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى؛ مەمۇرىي ئورگانلاردا ۋە زاۋۇت ـ كارخانىلاردىمۇ تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھەق ۋە ھەقىقەت، راستچىللىق ۋە ئادالەت، كىشىلىك مۇۋازىنەت ۋە باراۋەرلىك قاتارلىق قەدىر – قىممەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان سىياسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەتتاكى، ئۇرۇشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان ئەھۋالدىمۇ قانغا تەشنا چىلبۆرىلەردەك ۋەھشىيلىكنى ئەمەس، ئىنسانلىق شەرىپىگە ۋە مەدەنىيەت پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ، تەبەسسۇم ئىلكىدە تىنچلىق لوڭقىسى تەقدىم قىلىدۇ. ئىنسان ئاللاھتىن قورقۇش يولىدىلا مېڭىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ھەممىدىن ئالىي ۋە يۈكسەكلىكىگە ئىشىنىدىكەن؛ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئىسلامنىڭ ئەبەدىي ۋە دائىمىي زامان، ماكان ۋە مۇھىت چەمبىرىكىدىن ھالقىغان نىزام ۋە پىرىنسىپلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىكەن؛ بۇنداق ئىنساننىڭ ئىمتىيازى ۋە ئالاھىدىلىكى پەقەت ئىبادەتخانىلارنىڭ تار دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالماي، جانابى ئاللاھنىڭ سادىق ـ راستچىل، ۋاپادار ۋە ئىشەنچلىك بەندىسى سۈپىتىدە دۇنيا ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

مانا بۇ ئىسلام چاقىرىقىنىڭ ماھىيىتى ۋە جەۋھىرىدۇر. بۇ چاقىرىق بىرەر پەيلاسوپنىڭ ياكى بىرەر پەلسەپىچىنىڭ خىيال يىپلىرى بىلەن نەقىشلىنىپ توقۇلغان تەلىمات ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان ۋە رىئاللىقتا

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىغا سىڭدۈرگەن، ئاربىدىن 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ تەسىرى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا پارلاپ، نۇر چېچىپ، مىلياردلارچە ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان يول خەرىتىسىدۇر.

سۆزۈمنى جانابىي ئاللاھنىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، دېيىشتىن ئىبارەت**﴾[1] دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 10 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىككىنچى باب

فەتهى يەكەن

## ياشلار ۋە ئىسلاھات

تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

قاھىرە

2003-يىل

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

بۇ كىتابچىنى

— پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمان ياشلىرىغا...

— ئەتىسىنىڭ بۈگۈنىدىن ياخشى بولۇشىغا تەشنا ئىسلام ئەۋلادلىرىغا...

— ئىسلام تەلەپ قىلىۋاتقان ئۆزگەرتىش قورالى ئاۋانگارت مۇئمىنلەرگە...

چوڭقۇر سۆيگۈ ۋە قىزغىن سالام بىلەن تەقدىم قىلىمەن.

— فەتھى يەكەن

# فەتھى يەكەن كىم؟

فەتھى يەكەن 1933 – يىلى 2 – ئاينىڭ 9 – كۈنى لىۋاننىڭ تىرابلۇس شەھىرىدە، ئىلىم – مەرىپەتلىك ۋە ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا - بوۋىسى 17 – ئەسىرلەردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى ئىستانبۇلدىن ھەلەبكە كۆچۈپ، كېيىنچە تىرابلۇسقا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ نەسەبى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى ھېكمەت شەرىپ يەكەن ئىستانبۇلدا ئوقۇغان. ھېكمەت شەرىپ يەكەن بولسا تۈركچىدىن باشقا يەنە ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، پارسچە ۋە ئوردۇچە قاتارلىق تىللارنى بىلىدىغان؛ شېئىر، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا قىزىقىدىغان ئىلىم – مەرىپەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ لازىقىيەدە «ئەررەغائىب گېزىتى»نى چىقارغان، «تارىخۇل ئەديان» (دىنلار تارىخى) ۋە «تارىخۇت تىرابلۇس شام» (تىرابلۇس شام تارىخى) ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. 1948 - يىلى لازىقىيەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

فەتھى يەكەن باشلانغۇچ دىنىي مائارىپىنى دادا تەرەپ چوڭ ئانىسىدىن ئۆگەنگەن، باشلانغۇچ مائارىپتىن كېيىن، قۇببەدىكى ئامېرىكا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، مەكتەپتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇستازى سالاھىددىن ئەبۇ ئەلى ھەمكارلىقىدا قۇرۇلغان «مەكارىمۇل ئەخلاقىل ئىسلامىيە» (ئىسلامىي ئەخلاق) جەمئىيىتىنىڭ دەرسلىك پىروگراممىلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان، شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ جامەسىدە ئوقۇتۇلغان دەرسلەرنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشقان ۋە كېيىنچە مەزكۇر جامەنىڭ خەتىپلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئۇ ئەللاسىلكىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئېلېكتر قۇرۇلۇشى» فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كېيىنچە ئىسلام پەنلىرى ۋە ئەرەب تىلى ئەدەبىياتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1948 – يىلى پەلەستىن زېمىنى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئۆمەر ئەددائۇك باشچىلىقىدا لىۋاندا قۇرۇلغان «ئىبادۇرراھمان» جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان، 1954 – يىلى تىرابلۇستا شۇ جەمئىيەتنىڭ تارمىقىنى قۇرغان. سۈرىيەدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پائالىيەت قىلىشى چەكلەنگەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ مەسئۇلى مۇستافا سىبائىي لىۋانغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان. 1954 – يىلى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن ھۇدەيبىينىڭ تىرابلۇستا ئۆتكۈزگەن چوڭ كۆلەملىك يىغىنىغا قاتناشقان. 1958 – يىلى مىسىر ۋە سۈرىيە «ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» نامىدا بىرلەشكەندىن كېيىن، ئىراقتا ھەربىي ئىنقىلاب يۈز بېرىپ پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، لىۋان ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئامېرىكا 6 – فىلوتىنىنىڭ بېيرۇتقا ئەسكەر كىرگۈزۈشى بىلەن باشلانغان لىۋان ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدا فەتھى يەكەن ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئاكتىپ رول ئېلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن «ئەركىن لىۋان ئاۋازى» ناملىق رادىيو ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى، شۇنىڭدەك ياشلارنى تەشكىللەپ شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلىشقا تەشۋىق قىلىشى قاتارلىق پائالىيەتلىرى «ئىبادۇرراھمان جەمئىيىتى»نىڭ مەسئۇللىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمىغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تىرابلۇس شۆبىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، 1964 – يىلى بىر قىسىم سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتى ھەرىكىتىنىڭ لىۋان تارمىقى بولغان «جامائەتى ئىسلامىيە»نى قۇرغان.

ئۇ، بۇ جەمئىيەت ھەققىدە سۆز قىلىپ: «جەمئىيىتىمىز ھەسەنۇلبەننا، سەييىد قۇتۇب ۋە ئابدۇلقادىر ئۇدەيە قاتارلىق دەۋەت پېشۋالىرىنىڭ پىكرى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ

ئېتىقادى، سەلەپ – سالىھلارنىڭ يولى، تەسەۋۋۇپىي ھەقىقەت، سىياسىي ئىرادە، مائارىپ، ئىلىم – مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي كاپىتال ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتتۇر» دەيدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ جەمئىيەت نامىدا چىقارغان «ئەششىھاب» ناملىق ئورگان ژۇرنىلى 1970 – يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان.

كېيىنچە «سۈرىيەدە يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى ئاربلاشقان» دېگەن گۇمان بىلەن 1979 - يىلى 9 – ئايدا سۈرىيە ئىستىخبارات كۈچلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە جىددىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن.

1989 – يىلى «تائىف كېلىشىمنامىسى» بىلەن لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ. «جەمائەتۇل ئىسلامىيە» تەشكىلاتى جەمئىيەتتە رەسمىي نوپۇز تىكلەپ بولغۇچە سىياسىي پائالىيەتتىن تامامەن ئۈزاق تۇرغان يەكەن ۋە سەپداشلىرى 1992 - يىلىغا كەلگەندە، ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى ئاساس قىلىپ مىللەت ۋەكىلى سايلىمىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ. سايلامدا يەكەن ۋە ئىككى خىزمەتدىشى مىللەت ۋەكىلى بولۇپ پارلامېنتقا كىرىدۇ. يەكەن تۆت يىل مىللەت ۋەكىلى بولغاندىن كېيىن، 1996 – يىلىغا كەلگەندە مىللەت ۋەكىللىكىدىن ئايرىلىپ، ئايالى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «جانان ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئۇستازلىق قىلىدۇ. (فەتھى يەكەن 1960 – يىلى مۇنا ھەدداد ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان. مۇنا ھەدداد بولسا 1970 – يىلى بېيرۇت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىنى پۈتتۈرۈپ، «سوربون ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ماگىستىرلىق ئوقۇغان ۋە ئىسلام پەلسەپىسىدە دوكتورلۇق ئالغان).

فەتھى يەكەن جانان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇستازلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا لىۋاندىكى سۈننىي مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر پارتىيە قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا كەلگەن تەلەپ ۋە ئىلتىماسلارغا ئاساسەن، 2006 – يىلى «ئىسلامىي ھەرىكەت فرونتى» نامىدا بىر پارتىيە قۇرۇپ، كېيىنكى

سىياسىي ھاياتىنى شۇ پارتىيە ئىچىدە داۋاملاشتۇرغان.

2009 – يىلى 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى كېسەل سەۋەبلىك دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات قىلغان ۋە تىرابلۇستىكى بابۇررەملە مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ئۇ ھاياتىدا بىرقانچىلىغان ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. مەيلى لىۋاندا ياكى خەلقئارادا بولسۇن بەزى سىياسىي كىرىزىسلارنىڭ ھەل بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. مەسىلەن، 1998 - يىلى تۈركىيە بىلەن سۈرىيە ئارىسىدا چىققان كىرىزىستىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىغان. شۇنىڭدەك، 2006 - يىلى لىۋان ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن ھىزبۇللاھ پارتىيەسى ئارىسىدا چىققان سىياسىي كىرىزىسنىڭ ھەل بولۇشىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە 2007 – يىلى فەتھۇل ئىسلام تەشكىلاتى بىلەن لىۋان ھەربىي تەرەپ ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىدىمۇ تەسىرى چوڭ بولغان.

## پىكرىي قاراشلىرى

فەتھى يەكەننىڭ كۆرۈنەرلىك پىكرىي قاراشلىرى ئاساسەن دەۋەت، ئىسلام ھەرىكىتى، سىياسەت ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا كۆپ ۋاقتىنى ئىسلام دەۋىتىگە بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ تېمىدا بىرنەچچە ئەسەرمۇ يازغان.

ئۇ ھەقىقىي دەۋەتچىلەرنى: «ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياشايدىغان، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، بۇ يولدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغانلار» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىدا ھەقىقىي دەۋەتچى دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى چوڭقۇر بولۇشى؛ كەمتەر، سەۋرچان، ئالىيجاناب، كەڭ قورساق، ئوچۇق چىراي ۋە ياردەمسۆيەر بولۇش... دېگەندەك بىر قاتار ئېسىل پەزىلەتلەر

بىلەن بېزەلگەن بولۇشى كېرەك. ئىسلامىي ھەرىكەتلەر مائارىپقا، دەۋەتكە، پىكرىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئىسلامنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىشىشى كېرەك. بۇنىڭدا بولۇپمۇ مائارىپ ۋە دەۋەت ساھەسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. فەتھى يەكەن كۆپىنچە تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئاساسىي ئامىلى مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ نوقۇل سىياسىي ئۆزگىرىشنىلا ئاساس قىلىۋالغانلىقىدىن دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسلامىي ھەرىكەتلەر تىنىچ ئۇسۇللارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، كۈچ ئىشلىتىشنى ئاخىرقى چارە دەپ قارىشى لازىم. ئۇ يەنە پەقەت مائارىپ ياكى سىياسەتنىلا ئاساس قىلىۋالغان ھەرىكەتلەرنىڭمۇ مىتود جەھەتتە كەمچىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن.

فەتھى يەكەن كۆپىنچە ئىسلامىي بىلىملەر ۋە پىكرىي چۈشەنچىلەر توغرىسىدا كىتاب يازغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

- مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرى
- ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟
- نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئىسلام
- ئىسلام ياشلىرى
- ياشلار ۋە ئىسلاھات
- دەۋەتچىلەرگە تەۋسىيە
- زامانىۋى ھۆجۇملار ئالدىدا ئىسلام دۇنياسى
- دەۋەت يولىدىكى تەييارلىق
- دەۋەت ۋە دەۋەتچىنىڭ مەسىلىلىرى

- ئىسلام نۇرى ئاستىدا ھەرىكەت ۋە ئىدېئولوگىيە

- ئىدېئولوگىيەنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئىسلامنىڭ يېيىلىشى

- ئىسلامدىكى پەرھىزكارلىق تەربىيەسى

فەتھى يەكەن پۈتۈن ئەسەرلىرىدە ئومۇمەن ئىسلامىي تېمىلارنى ئاساس قىلغان ھەمدە ئەرەب ئەدەبىياتى ساھەسىدە پايدىلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرغان ئىستېداتلىق يازغۇچىلاردىن بىرىدۇر.

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ راببى، تەڭدىشى يوق، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي، يەككە - يېگانە ئاللاھقا خاستۇر. ﴿**كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇدلار) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[1] دېگەن مۇقەددەس ئايەتنىڭ تەلەپ ۋە تەقەززاسى بويىچە ئاللاھنى رابىمىز دەپ ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مەبۇدنى رەت قىلىپ، ئىنكار قىلدۇق.

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ﴿**كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر**﴾[2] دېگەن مۇقەددەس ئايەت كەرىمەنىڭ تەنبىھى بويىچە ئىسلام دىنىنى دىنىمىز دەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن نامىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە كۆز - قاراشلارنى رەت قىلدۇق.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە، توغرا يول كۆرسەتكۈچى ھەقىقىي رەھبەرلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا ماڭمىغان، ئۇ

[1] بەقەرە سۈرىسى، 256 – ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 85 – ئايەت.

ئىلىپ كەلگەن ھىدايەتكە ئەگىشىپ، شەرىئىتىنى ئىجرا قىلمىغان ھەرقانداق قوماندان، رەھبەر، باشلىق، داھىيلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدۇق. ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچقانداق زىيان يەتمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە تايانغان بىز ۋە بىز بىلەن بىر سەپتىكىلەر قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ھەر زامان مۇنۇ بېيىتنى تەكرارلاپ تۇرىمىز:

«يا هذه الدنيا أصيخي واشهدي أنّا بغير محمد لانقتدي»

«ھەي دۇنيا! شۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇپ ھايقىرغىنكى، بىز ھەرگىز مۇھەممەدتىن باشقىسىغا ئەگەشمەيمىز».

بىز جىھادنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشەندۇق. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن مۇبارەك سۆزىگە ئاساسەن جىھاد بىزنىڭ جەننەتكە بارىدىغان توغرا يولىمىزدۇر.

«فثم اما حياة كلها عظم او لا فنيل المنيا خير منجاة»

«شۇڭلاشقا، پۈتۈن ھايات ئەھمىيەتلىك ئۆتۈشى لازىم. بولمىسا، ئۆلۈپلا قۇتۇلغان ياخشى».

«إِنْ حَيِيْنا فَعَلَى مَجْد أَثِيل * أَوْ فَنَيْنا فَإِلَىَ ظِلّ ظَلِيْل * حَسْبُنَا اَنَّا سَنَقْضِي شُهَداء»

«ياشىساق، شەرەپ بىلەن ياشايمىز؛ ئۆلسەك، سايىداتقۇچى (ئاللاھ) نىڭ سايىسىگە بارىمىز؛ پەقەت شېھىت ھالدا جان ئۈزسەكلا بىزگە كۇپايە!».

ئى ياش قېرىنداشلار! قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتابچە ئىتالىيەنىڭ بىروجا شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق لېكسىيەنىڭ خۇلاسىسى. باشتا مەن بۇ ھەقتە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتۈشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولساممۇ، بەزى كونكرېت ئامىللارنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلى پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىم بولماي قالدى. شۇ سەۋەبلىك، «ياشلار ۋە

ئىسلاھات» ناملىق بۇ رىسالىنى ئىنتايىن قىسقا ۋە ئىخچام، مەزمۇنى مول ۋە مېغىزلىق قىلىپ، ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ ئاددىي كۆرمەي پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

شۈبھىسىزكى، جانابى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**بىز زىكىردە يازغاندىن كېيىن (داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق**﴾[1] دېگەن مۇبارەك ئايىتىگە ئاساسەن، ئىنتالىيەدىكى ئىسلامىي ئىسلاھات يولىدا مەن «ئىلغار مۇسۇلمان ياشلىرى» دەپ بىلىدىغان سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمغا نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا كۆڭلۈمگە كەچكەن ئوي - پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسى ۋە جەۋھىرى بولغان بۇ رىسالىنىڭ نۆۋەتتىكى قىز - ئوغۇل ياشلىرىمىزغا پايدىلىق بىر قوللانما ئەسەر بولۇپ قېلىشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمەن.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 105 – ئايەت.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ياشلار ۋە ئىسلاھات

ئىسلاھات ئەسلىدە بىر شوئار بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا «ئىنقىلابىي ئېقىملار» دەپ ئاتالغان ئاتالمىش ئېقىملارنىڭ خىلمۇخىل قاراشلىرىنىڭ ماۋزۇسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، ماركسچىلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار «ئىسلاھات كۈچ ۋە بېسىم بىلەن بولىدۇ» دەيدىغان شوئار بىلەن مەيدانغا چىققان بولسا، ماركسنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىشتە بىردىنبىر مۇناسىپ يولنىڭ كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ: «كاپىتالىزمنىڭ ئورنىغا سوتسىيالىزمنى تىكلەشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىنقىلاب قىلىشتۇر» دېگەن.

ياشلار ئىسلاھات، تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن پائالىيەتلەردە ئاساسىي ئامىلدۇر. تارىخ مابەينىكى پۈتۈن ئىنقىلاب ۋە قوزغىلاڭلار نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاساسەن دېگۈدەك ياشلارغا تايانغان.

ئۇنداق بولغانىكەن، ئىسلامىي پائالىيەتچىلەر ياشلارغا قانچىلىك تايىنىۋاتىدۇ؟ ياشلارنىڭ ئىسلامىي ئىسلاھاتتىكى رولى نېمە؟ ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ يولىچۇ؟ تۆۋەندە بىز «ياشلار ۋە ئىسلاھات» دېگەن ماۋزۇ ئۈستىدە توختىلىش جەريانىدا، مەزكۇر سوئاللارنى مۇزاكىرە قىلىپ ئۆتىمىز.

نېمە ئۈچۈن ياشلار دەيمىز؟

نېمە ئۈچۈن دائىم ياشلارغا مەركەزلىشىمىز؟

داۋاملىق ياشلارغا تايىنىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئىسلامىي مەنتىقە بويىچە «ياشلارغا تايىنىش» دېگەندە، باشقىلارنىڭ رولىغا سەل قاراش ياكى ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ۋە ياكى فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىنكى كوممۇنىست يېتەكچىلىرىدىن بىرىنىڭ «ياشانغانلارنى دۆلەتكە يۈك قىلىۋالماسلىق ئۈچۈن تامامەن يوقىتىپ تاشلاش»نى تەلەپ قىلىغىنىدەك، ياشانغانلارنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.

ئىسلام مەنتىقىسىدە ھەر ئىنساننىڭ ئۆزگىچە خاس رولى بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە ھېسسىياتقا بېرىلمەي، پايدىسىز تالاش - تارتىشلاردا بولماي، ھەركىمنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىلىشى لازىم. بۇ، تۆۋەندىكى قائىدە ۋە ئاساسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ھەددىنى بىلىپ، چېكىدىن ئاشمىغان كىشىگە ئاللاھ رەھىم - شەپقەت قىلىدۇ.

2. چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلمىغانلار بىزدىن (يەنى ئىسلامدىن) ئەمەس.

3. توغرىنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارالمايدۇ، دوست - دۈشمەن دەپ ئايرىلمايدۇ، توغرا سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. خاتا سۆزلىگەن كىشى ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەر ياكى ئۇرۇق - تۇغقان بولسىمۇ رەت قىلىنىدۇ.

ياشلاردىكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ۋەزىپە ۋە قابىلىيەت، ماس كېلىش - كەلمەسلىك قاتارلىقلاردۇر. ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدا مۇئەييەن ۋەزىپىگە ماس كېلىدىغان قابىلىيەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ. ئىنسان بىرلا ۋاقىتتا پۈتۈن ۋەزىپىگە مۇناسىپ كېلىدىغان قابىلىيەت، ئىستىبدات ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئالايلۇق،

ئىنسانىنىڭ بالىلىق دەۋرى ياشلىق دەۋرىگە، ياشلىق دەۋرى ياش قۇرامىغا يەتكەن دەۋرىگە، ياش قۇرامىغا يەتكەن دەۋرى قېرىلىق دەۋرىگە، ئاندىن قېرىلىق دەۋرى ئۆمرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن (ئەڭ قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىپ، ھەتتا (بىر نەرسىنى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىش (يەنى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ - قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ، نارەسىدە بالىغا ئوخشاپ قالىدىغان) دەۋرگە ئوخشىمايدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## نېمە ئۈچۈن ياشلار؟

ياشلىق – ئىنسانىنىڭ روھلۇق، تېتىك، ئىرادىلىك، قېنى قىزىق، ئۈمىدۋار چېغى... تەسىرچان، ھەرىكەتچان، پائالىيەتچان چېغى... شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام تەربىيەسى بويىچە ئېيتقاندا، ياشلىق مەسئۇلىيىتى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ياشلارنىڭ دىققىتىگە سۇنغان سۆزلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن ئىلگىرى غەنىيمەت بىلگىن: يىگىتلىكىڭنى قېرىلىق يېتىشتىن ئىلگىرى، تەن ساقلىقىڭنى كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى، بايلىقىڭنى نامرات بولۇشتىن ئىلگىرى، تىرىكلىكىڭنى ئۆلۈمىڭدىن ئىلگىرى، بوش ۋاقتىڭنى ئالدىراش بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى غەنىيمەت بىلگىن».

ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى (تەن قۇرۇلمىسى) مەلۇم ياشقا يەتكەندە قۇرامىغا يېتىپ، ھەرىكەتچانلىق ۋە پائالىيەتچانلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىدۇ؛ كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھەللىسىگە كېلىپ، ھەر جەھەتتىن چېكىنىپ، زەئىپلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن (سىلەرنى) ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى. ئاللاھ خالىغانىنى يارىتىدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر،**

**ھەممىگە قادىردۇر**ﷻ[1]. ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

**«ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر مەنىۋى كۈچى بولىدۇ، ھەرقانداق مەنىۋى كۈچنىڭ بىر مەزگىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە كىم مېنىڭ سۈننىتىمگە مەھكەم ئېسىلسا، ئۇ چوقۇم توغرا يول تاپىدۇ؛ كىمكى ئۇنىڭدىن باشقا يول تۇتسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ»**[2].

بۇنىڭغا ئاساسەن، قىيىن ۋەزىيەتلەرنى ئۆرۈنداشتا، قىيىن توسالغۇ ۋە مۇشكۈلچىلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەدەنىي ئىسلاھات نەزەرىيەلىرىنىڭ رىقابەتلىرى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشتا ياشلىقتا ۋە ياشلاردىن پايدىلىنىشتا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈردۇر.

[1] رۇم سۈرىسى، 54 – ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى.

## نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلىرى دەيمىز؟

ئىسلامىيەت ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ياشلارغا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئۇلارنىڭ خىسلەت ۋە ئىمتىيازلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن بەك ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان مەنسۇبىيىتى ۋە ئىسلامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشلىرى دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرىنى (يەنى مۇسۇلمان ئەۋلادى بولۇشىنى) بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ياشلار ئىسلام ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتمىغان، كېرەككە كېلىدىغان، ئىرادىلىك، غالىبلاردىن بولۇپ ياشىيالايدۇ. ئىسلامسىز ياشلاردا ئەدەپ ـ ئەخلاق، سەۋر ـ تاقەت، ۋاپا ـ ساداقەت قاتارلىق ئەخلاقىي قىممەت ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ياشلار ئىسلام بىلەن پايدىلىقتۇر، ياخشىلىقتۇر، قۇرۇپ چىققۇچىدۇر؛ ئىسلامسىز ياشلار خورلۇق، پەرىشانلىق ۋە ھېقىرلىق ئىلىپ كەلگۈچى بالايى ئاپەتتۇر.

دېمەك، ئىنسان ئىسلام ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى، ئۆزى بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى ئەسلىي ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ، ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ ياشايدۇ. ئىمان ئىنساننى ئىنسان، بەلكى سۇلتان قىلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىنساننىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى ئىمان ۋە ئىبادەتتۇر. كۆپۈرلۈق ئىنساننى يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ بەتتەررەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىمان ھەم نۇردۇر، ھەم قۇۋۋەتتۇر. شۇنداق ھەقىقىي

ئىمانغا ئىرىشكەن ئادەم پۈتۈن كائىناتقا قارشى جەڭ ئېلان قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ئىمان قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ كۆلپەتلىرىدىن شۇنچە ساغلام قۇتۇلالايدۇ.

ھەقىقەتەن ياشلار ئىنتايىن زور كۈچتۇر. ئىسلامىيەت مۇشۇ كۈچ ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاسىتە قىلىشنى كۆزلىسە، باشقىلار بۇ كۈچنى ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلماقتا.

بۈگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياشلار بىلەن تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىكار تەلەپ، سەرگەردان، قاچقۇنلار تەلەتتىگە كىرىپ قالغان...

خاراكتېرى بۇزۇلغان ياش مايمۇنغا ئوخشاش دورامچىلىق قىلىدۇ.

ئەخلاق ـ پەزىلەتتىنى يوقاتقان ياش ھايۋان مىجەز بولۇپ قالىدۇ.

ئىككى تەرەپكە ئەگىپ قالغان ياش خۇنساغا مايىل بولۇپ قالىدۇ.

ياشلارنى يامانلىق ۋە ئاسىيلىق كۈچلىرى ئۆزلىرىگە لەشكەر قىلىۋالدى، كۇپۇر ۋە شەيتان گۇرۇھلىرى ئۆز سەپلىرىگە قېتىۋالدى...

«ھەمجىنس ياشلاردا ياخشىلىق يوق، بىزنىڭ نى - نى ئۇلۇغۋار غايىلىرىمىز ياشلار بىلەن سۇغا چىلاشتى».

## نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم؟

مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ دېگەن نۇقتىدا ئوخشىمىغان تەسەۋۋۇر ۋە كۆزقاراشلار مەۋجۇت...

مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت نېمە ؟

مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت پەقەت ئۇلارنىڭ نەپسىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن ۋە پىتنە ـ پاسات قوزغۇنلىرىدىن ساقلاش، ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ئىبادەت ۋە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش، چەكلىگەن نەرسىلەردىن قوغداپ قېلىشمۇ؟ ياكى پەقەت بىر قىسىم خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇپ، غېرىب ـ غۇرۋالارنى بېقىش، بىمارلارنى داۋالاش، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇشمۇ؟ ياكى پەقەت مۇسۇلمان ياشلىرىنىلا تەشكىللەپ، ئۇلاردىن باشقا ئىشچى ـ دېھقان، كادىر، خىزمەتچى، پېشقەدەم زاتلارنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىشمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئۇنى ياكى بۇنى تاللاش ئەركىنلىكىمىز يوق، چۈنكى ھازىر ئىسلام قانۇنىنى قانۇن قىلغان بىرمۇ ئىسلام دۆلىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام يېتەكچىلىك رولىدىن تامامەن ئۇزاقلاشتۇرۇلغان...

ئۇنداقتا، بۇگۈنكى ئىسلام ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن مەقسەت ئۇلارغا ئىسلامنىڭ جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا ھامىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش؛ مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە، نۆۋەتتىكى ئىسلام ياشلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رەھبەرلىك روھىنى جاھىللارنىڭ قولىدىن، ئىدېئولوگىيەلىك قانۇن - تۈزۈملىرىدىن ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن ئىسلامنىڭ ئىدىيەۋى قانۇن - تۈزۈملىرىگە ۋە ئەخلاقىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى روھىنى ۋە ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ھەقىقەتەن بۇ ئىش ۋە بۇنىڭغا كېرەكلىك شەيئىلەر، بۇ شەيئىلەرگە ئالاقىدار ئامىللار، بۇلارنىڭ شۆبە - تارماقلىرى ۋە بۇ تارماقلارنىڭ زۆرۈر لازىمەتلىكلىرى قاتارلىقلارنى تولۇقلاش ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان ياشلىرى پائال يېتەكچى بولۇپ، ئاكتىپ رول ئوينىشى زۆرۈر بولغان ئاساسىي ۋەزىپىدۇر. مۇسۇلمان ياشلىرىنى مانا مۇشۇ شەكىلدە يېتىشتۈرۈش شەرىئەت بەلگىلىگەن ئاساسىي غايە ۋە كونكرېت نىشان بولۇپ، ئاللاھنىڭ سۆزى ھەممىدىن ئۈستۈن، كاپىرلارنىڭ سۆزى يەر بىلەن يەكسان بولغانغا قەدەر ساقىت بولمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئاساسىي غايىسى ۋە ئالىي نىشانى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەر ساھەدە، ھەر يەردە، ھەرقانداق شارائىتتا، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، ئىدىيە ۋە قانۇن - تۈزۈملەردە، قىسقىسى، ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن مەقسەت جاھىلىيەتكە مەنسۇپ ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە ماتېرىيالىست مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرى مەركەز قىلىنغان نۇقتىلار ۋە پەردە ئارقىسىدا رول ئويناۋاتقان قوماندانلىق شتابلار تامامەن بىتچىت قىلىنىپ، بۇلارنىڭ ئورنىغا ئىسلامىي مەركەز ۋە ئىسلامىي ئورگانلارنى بەرپا قىلىشتۇر.

شۇبھىسىزكى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن زور، قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك، لېكىن ئورۇندالمىسا بولمايدىغان جىددىي ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، نۇقتىلىق ۋەزىپىدۇر. چۈنكى، بۇ ۋەزىپە ئىشقا ئاشماي تۇرۇپ باشقا ھەرقانداق ۋەزىپىنىڭ قىممىتى، ھەيۋىتى، ئوبرازى ۋە رولى بولمايدۇ. نەتىجىدە ئىنتىقام ئېلىش ئېڭىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. بەلكى جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىگە يولۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش قىلىپ قويىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# ئىسلام ئىسلاھات يولىدۇر

ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىسلاھاتتۇر. ئىسلام ھەقىقەتەن تىكىپ-سۆكۈپ، رېمونت قىلىشنى رەت قىلىدۇ؛ جاھىلىيەت بىلەن ياشاشقا رازى بولمىغىنىدەك، سەپ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان سىنىپىيلىققىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئىسلامنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ:

**﴿پىتنە (زىيانكەشلىك) تۈگەپ، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار﴾**[1].

[1] بەقەرە سۈرىسى 193 – ئايەت.

## رەسۇلۇللاھنىڭ يولى ئىسلاھات ئىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاھىلىيەتكە قارشى تۇتقان يولى ئىسلاھات ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇ زاتقا ئۆز ئىلاھلىرىنى تەكلەپ، ئۇلارغا بىر ئاي چوقۇنسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇ زاتنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) غا بىر ئاي ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەندە، قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا جىددىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈلۈپ مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: ﴿**(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر**﴾[1].

[1] كافىرۇن سۈرىسى.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER
هەقسۆيەر

# ئىسلام ئۈممىتى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك

ئىسلاھات – ئىسلامنىڭ داۋاملىشىشىنى توختىتىمىز، مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىمىز دەپ تەھدىت قىلىۋاتقان دىنسىز دەھرىيلەرنىڭ ھۇجۇمى، ماتېرىيالىست ئېقىملارنىڭ دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت رىقابەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا مۇسۇلمان ياشلىرىغا يۈكلەنگەن تولىمۇ مۇھىم، قىيىن ۋە مەسئۇلىيەتلىك ئېغىر ۋەزىپىدۇر.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيىتىگە چوڭقۇرراق نەزەر ئاغدۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئىسلامنىڭ ئىسلاھات تەلىپىگە لايىق مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۇرۇپ چىقىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ تەلەپ شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

# ئىسلامىي ئىسلاھات پەلسەپىسى

ئىسلامىي ئىسلاھات بەزىلەر چۈشەنگەندەك ئۇنداق دوگما، مۇجمەل پەلسەپە ئەمەس. پارس قوشۇنى قوماندانلىرىدىن رۇستەم مۇسۇلمان قوماندانلاردىن بىرى بولغان ئامىر ئىبنى رەبىئەتىن ئۇلارنىڭ قوشۇن تارتىپ كېلىش سەۋەبىنى سورىغاندا، ئامىر ئۇنىڭ سوئالىغا قىسقىچە ۋە نېگىزلىك قىلىپ ئىسلامنىڭ ئىسلاھات پەلسەپىسىنى مۇنداق ئىپچىل بەرگەن: «ئاللاھ بىزنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن بىر ئاللاھقا قۇل بولۇشنى ماقۇل كۆرگەن كىشىلەرنى تار دۇنيادىن كەڭرى دۇنياغا، بۇرمىلانغان دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدا مەقبۇل دىن (ئىسلام) غا چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشۇپ، دەۋىتىمىزنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا چېقىلماي، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىشىمىزگە ئەمر قىلدى. ناۋادا چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشماي، دەۋىتىمىزدىن باش تارتىپ، سەركەشلىك قىلسا، تاكى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىمىزنى ئورۇندىغىنىمىزغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتتى».

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئىسلامىي ئىسلاھات بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىسلاھات ئېقىملىرىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىسلام پىرىنسىپى سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ھەرقانداق نەرسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ئىسلاھات ئۇسلۇبىدا، ھەرىكەت پىلانىدا، پىكىر ئېقىمىدا بىرلىك بولغانلىقتىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات

ئىسلامىي ئىسلاھات پەقەت ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ياكى ئىدىيەۋى ساھەلەرگىلا چېتىلىدىغان، ئىنسانىنىڭ ھاياتىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىسلاھات بولماستىن، بۇ ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى ئومۇمىيلىقتۇر. ئىسلامىي ئىسلاھات مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا ھەرقانداق پىلان ۋە ئۇسۇللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلامىي ئىسلاھات يۈزەكى ياسالمىلىق بىلەن ياكى پىلانسىز - قارامىلىق بىلەن ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش خاراكتېرىدىكى پىكىر، مەنىۋى كۈچ ۋە تۈزۈم قاتارلىق مۇھىم ئامىللار بولۇشى لازىم. چۈنكى، بۇلار ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئامىللاردۇر.

### 2. ئېتىقادىي ئىسلاھات

ئىسلام ئېتىقادى خاراكتېرى ۋە قانۇنىيىتىدە ئۆزگىچە ئىسلاھات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئېتىقادتۇر. ئىسلامنىڭ ئىسلاھات سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان دائىرىسى ئاساسەن مۇنداق ئىككى يۆنىلىشنى چىقىش قىلىدۇ:

بىرى، ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىق نىشانى سىياسىي، ئەسكىرىي ۋە پارتىيەۋى ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىسلاھات دائىرىسىنى چوڭ - كىچىك دەپ ئولتۇرمايدىغان دەرىجىدە ساغلام بولۇش؛ يەنە بىرى، ئىسلامىي ئىسلاھات مۇتلەق چېكىنىش ۋە بۇزۇلۇشلاردىن ساقلاپ قېلىش، ۋاسىتىلەر ساغلام بولۇش ۋە ھەر جەھەتتە ئىسلامنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا قوللىنىلغان بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئىسلام ئىسلاھاتنىڭ ئۆزىنى ئاساسىي غايە دەپ قارىمايدۇ، بەلكى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلىش ۋە ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ۋاسىتە قىلىدۇ. ناۋادا ئىسلاھات مەزكۇر غايىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كاتېگورىيەگە كىرمەيدىكەن، بۇ چاغدا ئۇ ئىسلامىي ئىسلاھاتقا توسالغۇ دەپ قارىلىدۇ.

### 3. ئىنسانىي ئىسلاھات

ئىنسانىي ئىسلاھات دېگىنىمىز ئىنسانپەرۋەرلىك دېمەكتۇر. يامانلىق ئارقىلىق ياخشىلىققا يېتەكلەنمەيدۇ. رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىيجانابلىققا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. قان تۆكۈش ۋە كاللا ئېلىش بىلەن ئىلغار جەمئىيەت قۇرغىلى بولمايدۇ.

كوممۇنىزمچىلار 25 ياشتىن ئاشقان پۈتۈن كىشىلەرنى ماركسىزمچە ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىشقا يارىمايدۇ دەپ قاراپ ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش شوئارى توۋلاۋاتقاندا، ئىسلامىيەت بىزگە شۇنچىۋالا قىيىن ۋەزىيەت ئىچىدىمۇ يەنىلا رەھىمدىللىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىنى تونۇتىدۇ:

مەسىلەن، مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتىھ قىلغان كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنى باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ (ئۇ كىشى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە: «بۇ ياشانغان كىشىنى ئۆيىدە ئارامىدا قويغان بولساڭ، مەن ئالدىغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟!» دەيدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭىزدىن ئۇنىڭ سىزنىڭ ھۇزۇرۇڭىزغا كەلگىنى ئەۋزەل» دەپ دادىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى سىلاپ تۇرۇپ: «مۇسۇلمان بولغىن!» دەيدۇ ۋە ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولىدۇ.

دېمەك، ئىسلامىي ئىسلاھات ئەنە شۇنىڭدەك ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەخلاق پەزىلەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان؛ ئۇسلۇب، غايە ۋە نىشانلىرىدا ئىدېئاللىقا ئىگە ئىسلاھاتتۇر.

# باشقا ئېقىملارنىڭ ئىسلاھات ئېڭى

ئىسلامىي ئىسلاھات ئۇقۇمى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولسا، باشقا ئىدېئولوگىيەلىك ئېقىملارنىڭ ئىسلاھات ئېڭى نېمە؟

## 1. كوممۇنىزم ئېڭى

كوممۇنىزمنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ئىشچى - دېھقانلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئۇلغايتىشقا ۋە بىر جەمئىيەت تەبىقىلىرى ئارىسىدا ئىنتىقام ۋە ئۆچمەنلىك روھىنى قوزغاشقا تايىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركس بىر قېتىم ئىشچىلار سىنىپىغا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر سىياسىي كۆچكە ئىگە بولمىغىز دەيدىكەنسىلەر، خەلق ئارىسىدا ئون يىل، يىگىرمە يىل ھەتتا ئەللىك يىل ئىچكى كۈرەش قىلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ».

بىرىدون مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا يەنە بىر قېتىم شۇنى بىلىشى كېرەككى، ‹ئارىستوتېلچىلىق› (يەنى ھۆكۈمران ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى) نى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشتۇر».

كوممۇنىزمچىلارنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسى ماركسىزمچە جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى - يامان، ئاق - قارا دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، پۈتۈن ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىشتۇر. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭ ۋە ئالدامچىلىققا ئوخشاش تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىشى زۆرۈر، چۈنكى كوممۇنىزم كۈرىشى كوممۇنىزم

غايىسىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق ئۇسۇل - چارە ۋە ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىدا ئاۋۋال ‹كوممۇنىزم ئەڭ شەرەپلىك غايە› دەيدىغان ئاڭ تىكلىنىشى لازىم. شەرەپلىك غايىگە يېتىش چوقۇم شەرەپسىز ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىزم نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولىدىكەن، كوممۇنىزم ئىدىيەسى ھەرقانداق ۋاسىتىنى ئىشقا سېلىشنى قارشى ئالىدۇ».

## 2. فىرانسىيە ئىنقىلابى ئىپىكى

فىرانسىيە ئىنقىلابى ماھىيەتتە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، سىياسىي مۇستەبىتلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان ئىدى. بىراق، بۇ ئىنقىلابتىن كېيىن ئىنقىلابچىلار دەسلەپ كۆتۈرۈپ چىققان شوئار ۋە پىرىنسىپلارغا تامامەن مۇخالىپ ھالدا شەرەپسىزلىك، قارا كۆڭۈللۈك، ياۋۇزلۇقتا تولغان ۋاستە ۋە ئۇسۇل - چارىلەر باش كۆتۈردى.

مارا مۇنداق دەيدۇ: «قانداق زۇلۇم بۇ... مېنىڭ كوللېكتىپنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش سۆيگۈسى بىلەن باشلارنى ئۈزۈپ تاشلىيالايدىغانلىقىمنى كۆرەلمەيدىغىنى كىم؟».

لوسىر فىرانسىيە قوزغىلىڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى قۇترىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن ئېتىپ، بوغۇپ ياكى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە كۈچىلا يەتسە، ئۆلتۈرسۇن. قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى خالىغىنىڭلارچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈڭلار... قانداق قىلساڭلار قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار...».

## 3. يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ دىپلوماتىك قائىدىلىرى

يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسى يەھۇدىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاسىتە ۋە ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش؛ مەيلى ئۇ قارا نىيەت، چاكىنا غەرەز،

قارا كۆڭۈللۈك ۋە رەزىل قىلمىشلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى قىلىشتۇر.

ئۇلارنىڭ دىپلوماتىك قائىدىلىرىنىڭ بىرىنچىسىدە «سىياسەت ھېچقايسى جەھەتتە ئەخلاق بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئەخلاققا باغلىنىپ قالغان ھەرقانداق شەخس يېتىشكەن سىياسىي ئەرباب بولالمايدۇ. غايىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق ۋاسىتىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە قاراپ قەدەم بېسىش ئەمەس، بەلكى نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قاراپ ئىش قىلىشتۇر» دېيىلگەن بولسا؛ مەزكۇر قائىدىلەرنىڭ ئۈچىنچىسىدە «قىيىنچىلىق ۋە پېقىرلىقتىن يالقۇنجاپ چىققان ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى سىنىپىي تەبىقىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ غايە ۋە نىشان بىزنىڭ يولىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان قورالىمىز» دەپ كۆرسىتىلگەن.

### 4. ئەرەبلەرنىڭ رېئاللىقى

ئەرەب ئەللىرى ئۆتكەنكى 25 يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇلارنىڭ ھېچبىرىدە نە ئەقىدە، نە ئەخلاق، نە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئائىت تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نەتىجە قولغا كەلگىنى يوق.

مەزكۇر ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزمچىلىق، كوممۇنىزمچىلىق ۋە باشقىلار بولۇپ، ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك قىرىپ تۈگىتىش ئۈچۈن قانغا تەشنا بولدى، ئىززەت - شەرەپنى دەپسەندە قىلدى، ھەر تۈرلۈك ئىنتىقام ۋە ئۆچ ئېلىشنى راسا ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن جەسەتلەرنىڭ قولاق - بۇرۇنلىرىنىمۇ كېسىپ تاشلىدى...

بۇنداق چەكتىن ئاشقان ئىسلاھات ئېقىملىرىنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك ئايىغى چىقماس قانلىق پاجىئە ۋە قورقۇنچلۇق قەتلىئاملارنى چۆرىدەيدۇ. پۈتۈن ئالەم بولۇپمۇ مۇشۇ ئۈممەت (ئىسلام ئۈممىتى) مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىككە كاپالەتلىك قىلالايدىغان، قەلبىدىن ئەنسىزلىك، غەم - قايغۇ ۋە ئەندىشىلەرنى يوقىتالايدىغان ئىسلاھاتقا موھتاج بولغىنىدا، بۇنى پەقەت ئىسلامىي ئىسلاھاتتىن باشقا ھەرقانداق يول بىلەن روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

# ئىسلامىي ئىسلاھات ئۇقۇمى

ئىسلامىي ئىسلاھات نەزەرىيەسى ماھىيەتتە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە سىرتتىن سىڭىپ كىرگەن ھەرقانداق خاتا قاراش ۋە بۇرمىلانغان چۈشەنچىلەردىن ساپلاشتۇرۇش ئېدىيەسىنى مۇستەھكەملەشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يەنىلا ئوخشىمىغان پىكىر ۋە قاراشلار مەۋجۇت.

– ئىسلامىي ئىسلاھات بىرەر دۆلەتكە سىياسىي تۈس بېرىش ئەمەس.

– بىرەر دۆلەتنىڭ ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھارام دەپ بىلىش ياكى يولغا قويغان قانۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىجرا قىلىش قارارىمۇ ئەمەس.

– ئاساسىي قانۇندا دۆلەت دىنىنى ئىسلام دىنى ياكى دۆلەت رەئىسىنىڭ دىنى ئىسلام دەپ بەلگىلەپ قويۇشلا ئەمەس.

– ئىسلامىي ئىسلاھات سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلارنى ياكى ئەخلاقتا چىرىكلەشكەنلەرنى دارغا ئېسىش ياكى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشتىلا ئىپادىلەنمەيدۇ.

– ئىسلامىي ئىسلاھات ھەقىقەت بەرپا قىلىنمىسىمۇ، پەقەت باتىلنى يوقىتىپ قويۇش بىلەنلا بولمايدۇ.

– ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئىلمىيلىككە ياكى پەن - تەرەققىياتنا زىت ئەھۋاللار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي ئىسلاھات غەربچە قانۇن، كۆڭۈزىچە پىرىنسىپ ۋە ئىدىيەۋى سىستېما ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئورگانلارنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىسلامىيەتنىڭ ئەقىدە ۋە ئىدىيەسىنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى، شەرىئەت پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

– ئىسلامىي ئىسلاھاتتا پۈتۈن ئىنسانلارنى يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدا بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىدۇ.

– ئىسلامىي ئىسلاھاتتا مەيلى خەلق ئىشلىرىدا بولسۇن ياكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقى ھەممە ئىشتا پەقەت ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى، يېگانە ئاللاھنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا بولۇشى نىشان قىلىنىدۇ.

– ئىسلامىي ئىسلاھات جاھىلىيەت ئورگانلىرىنىڭ بۇزۇلغان تەرەپلىرىنى تىكىپ - ياماپ ياكى رېمونت قىلىپ، تۈزەش ئەمەس، بەلكى ئومۇمیۈزلۈك، تۈپتىن ئۆزگەرتىشتۇر.

# نېمشقا ئىسلامىي ئىسلاھات شەرت؟

ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ چوقۇم يۈقىرىدا بايان قىلىنغان مۇئەييەن سۈپەت ۋە ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن بولۇشى بىرىنچىدىن شەرىئەتنىڭ تەلىپى بولسا، ئىككىنچىدىن ئىنسانىيەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئىسلامىي ئىسلاھات شەرىئەت بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەت بولۇپ، زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلماي، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بەلگىلىگەن قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمىغان چاغدا، جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ**﴾[1]؛ (سىلەر (دىن ياكى باشقا) ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدە دەتالاش قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇنىڭغا ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ﴿**ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ ئاللاھ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىمەن**﴾[2] دېگەن مۇقەددەس كالامى ئەزەلىيسىنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دەرھال ئىسلاھات يولغا قويۇپ، ئىسلامىي ھاياتنى يېڭىدىن باشلىشىنىڭ تەخىرسىز

[1] نىسا سۈرىسى، 65 – ئايەت.

[2] شۇرا سۈرىسى، 10 – ئايەت.



HAK
HAKSEVER

مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىسلاھاتسىز ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ، شۇنىڭدەك شەرئەت ھۆكۈملىرىنى دۆلەتسىز ئىجرا قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شەرئەتتە مۇنداق بىر قائىدە بار: «ۋاجىب ئۇنىڭسىز تاماملانمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ ۋاجىبتۇر» (يەنى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات، ئىسلامىي ھاكىمىيەت ۋە ئىسلامىي تۈزۈم ئىچىدە ياشىشى ۋاجىب دېيىلىدىكەن، بۇنى روياپقا چىقىرىشنىڭ مۇھىم ئاملى بولغان ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ۋاجىب دېگەنلىكتۇر).

ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئىنسانىيەت تەقەززاسى ئىكەنلىكىگە كەلسەك، تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىر قاتار سەۋەب ۋە ئىللەتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

– ئىنسانىيەتنى غەرب مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن چاكىنا يېڭىلىقلارنىڭ ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇش.

– غەرب مەدەنىيىتى كەلتۈرگەن ئىپلاس ۋەيرانچىلىقنىڭ ئۆزىلا ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەخىرسىز مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

– پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ھەتتا ئىسلام ئەللىرىدىكى بەزى ئېتىقاد ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىدىيەۋى قاراشلارنىڭ ئاساسىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقى ماھىيەتتە ئىسلامىي ئىسلاھات يولغا قويۇشنىڭ ۋە ئاشۇ ئېتىقادىي قاراشلارنىڭ تار دائىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىسلامنى بەرپا قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

– ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەقىقەتەن ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

قارىماققا، ئاندا - ساندا ئىسلام دەۋاسى قىلىۋاتقان بەزى ئەللەر بار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامدىن يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولماقتا.

ئىسلام دۇنياسىدىكى يەنە بەزى ئەللەردە مۇسۇلمانلار ئوڭچى ياكى سولچى پارتىيەلەردىن جاق تويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقنى قورال كۈچى بىلەنلا ئىدارە قىلىپ، ئىسلامغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۇرۇش ئېچىپ، قەتئىي كەڭچىلىك بەرمىگەنلىكىدىن دەرد تۆكۈشىدۇ.

يەنە بەزى ئىسلام ئەللىرى غەرب ۋە شەرققە ياكى بەزى ھەربىي كۈچلەرگە سېتىلىپ، خەلقنى ۋە مەملىكىتىنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنى مۇستەملىكىچىلەرگە تاپشۇرغان.

– ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەت ۋە پۈتۈن دۇنيا دۇچ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان بۇ ئاچچىق تىراگېدىيەلىك ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئىسلام دۇنياسىنى بۇ پاجىئەلەردىن قۇتقۇزۇش ھەمدە ئىسلامنىڭ پۈتۈن دۇنيانى يېتەكلەشتىن ئىبارەت رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەش، ئاندىن جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق**﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ تەلەپ ۋە تەقەززاسى بويىچە ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقتىن قايتۇرۇپ، ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش سەۋەب ۋە ئامىللار ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىپ، ئازابىدىن قۇتۇلۇشتىن باشقا پايدىسى يوق، دەپ قارايدۇ. مەسىلىنىڭ بۇ نۇقتىدىكى ئەھمىيىتىگە بىنائەن بىز تۆۋەندە ئىسلامىي ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرەتتىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن پايدىلار ئىچىدىن بىر قانچىسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

– مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى، ئەقىدىسىنى، خاراكتېرىنى ۋە ئەخلاقىنى تىرىلدۈرۈش.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 143 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

– مۇسۇلمانلارنى بىرلىكنى، سىياسىي ۋە ھەربىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە قىلىش.

– ئىقتىسادىي ھاياتىدا باراۋەرلىك ۋە ئادالەت ئۆلچىمى بەرپا قىلىش.

– ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇقىملىق ۋە تىنچلىق بەرپا قىلىش.

– ياخشى شەخس، ياخشى ئائىلە، ياخشى جەمئىيەت، ياخشى دۆلەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

– توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا قانات يايدۇرۇش.

– ئىدېئالىزمنى ئەمەس، ماتېرىيالىزمنى ياقىلايدىغان ماددىپەرەسلەرگە ئىسلامنىڭ ئەقىدىۋى پرىنسىپى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە قانۇن - تۈزۈملىرىنى يېشىپ بېرىش.

– ئۆزئارا تىركىشىۋاتقان ئىككى ھەربىي كۈچ ئارىسىدا خەلقئارا تەڭپۇڭلۇق ئاساسىنى تۇرغۇزالايدىغان، ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تىنچلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئەركىن ياشاش ھوقۇقىغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن شەرق ۋە غەرب كۈچلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى توختىتالايدىغان ئۈچىنچى بىر كۈچ بەرپا قىلىش.

– غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېغىر ۋەيرانچىلىقى ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىن، ئىسلام ئىدىيەسىگە ۋە ئىسلامىي پرىنسىپ كونتروللۇقىغا مەركەزلىشىش.

## ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى غايە نېمە؟

ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان ئىكەنمىز، بۇ ئىسلاھاتنىڭ غايىسىنى ۋە كەلتۈرىدىغان پايدا - زىيىنىنى تونۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلامىي ئىسلاھات مەسىلىسى ئۇنچىۋالا ئاددىي، ئاسانغا توختايدىغان مەسىلە ئەمەس. ئۇ باشقا ئىنقىلاب ۋە قوزغىلاڭلارغا ئوخشاش سىياسىي ئۆزگىرىشمۇ ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي ئىسلاھات باشقا ھەرقانداق ئەقىدە ۋە ئىدېئولوگىيە ئورنىنى باسالمايدىغان ئالىي ئەقىدىنى، كائىناتتا ھېچقانداق بىر ...ئىزم ۋە تۈزۈم بەرپا قىلالمايدىغان نىزام ۋە قائىدىلەرنى، ھەرقانداق ھەربىي كۈچ توسۇپ قالالمايدىغان ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ماجىرالارنى توختىتالايدىغان ئۇچىنچى بىر كۈچنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

– شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى كۈچلەر ئىسلامىي ئىسلاھات يولىنى ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن توسۇشقا ۋە ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكەت پىلانىنى ئامال بار يوقىتىشقا ئورۇنىدۇ.

– شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە كوممۇنىست كۈچلىرى ئىسلامىي ئىسلاھاتقا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىدۇ.

– شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكۈمدارلار ئىسلامىي ئىسلاھاتقا قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ.

– شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇستىمىزدىكى پۈتۈن پارتىيە ۋە گۇرۇھلار ئىسلامچە ئۆزگەرتىشكە قارشى سۈيىقەستتە بولىدۇ.

– ھەقىقەتەن ئىسلامىي ئىسلاھات يولى ئىنتايىن قىيىن، مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق يولدۇر. بىراق، ئۇ بولمىسا بولمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەت يولىدۇر. «ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق نەرسە ھەقىقەتتۇر» بۇ سۆزگە ئالاقىدار جانابى ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىيسى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ﴿**بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ**﴾[1]؛ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿**ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس**﴾[2].

[1] مائىدە سۈرىسى، 153 - ئايەت.

[2] يۇنۇس سۈرىسى، 32 - ئايەت.

# تالانتلىقلارنى تاللاش

جاھىلىيەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىسلامىي ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ قىيىن ۋەزىپە ھەر جەھەتتە يېتىشكەن، قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك، پىداكار ياشلارنىڭ سەۋر ـ سابات كۆرسىتىپ، تىخىمۇ تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ، تۆۋەندىكى مۇناسىپ تاللاشنى تەقەززا قىلىدۇ:

تاللاش نەزەرىيەسى يېڭىدىن پەيدا بولغان ياكى يېڭىدىن پەيدا قىلىنىدىغان نەزەرىيە ئەمەس. ئۇ ئۇزۇن تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن ئۆزگەرتىش رولى رېئاللىقتا كۆرۈلگەن نەزەرىيەدۇر. ئىنسانلارنىڭ قابىلىيىتى، ئىستېداتى ۋە تالانتلىرى مىقدار ۋە سۈپەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بىرى قىلالايدىغان ئىشنى يەنە بىرى قىلالمايدۇ، بۇنىڭ كۈچى يەتكىنىگە ئۇنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش جەھەتتىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مەن بىلەن ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى كۆپ يامغۇر ياغدىغان يەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەر ئىچىدە مۇنبەتلىرى بولۇپ، سۇنى سۈمۈرىدۇ، ئاندىن كۆپ ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرىدۇ. يەنە زەيكەش، سۇ سىڭمەيدىغان**

**يەرلەرمۇ بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئىنسانلارنى مەنپەئەتلەندۈردى، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ئىچتى، (ئۇلاغلىرىنى ۋە يەرلىرىنى) سۇغۇردى ھەم تېرىقچىلىق قىلدى. بۇ يەرنىڭ ئىچىدە يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، ئۇ باياۋان، (يامغۇر) چۈشىدىغان، (ئەمما) سىڭىپ كېتىپ، ئوت - چۆپ ئۈندۈرمەيدىغىنى بولىدۇ. مانا بۇ (مىسال) ئاللاھنىڭ دىنىدا ئالىم بولغان ۋە ئاللاھ مەن بىلەن ئەۋەتكەن نەرسە (يەنى ھىدايەت ۋە ئىلىم) مەنپەئەت قىلغان، ئاندىن ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئادەمنىڭ مىسالىغا ھەمدە ئۇنىڭغا (يەنى ئىلىمگە چوڭچىلىق قىلىپ) بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ»**[1].

ئەينى زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە پۈتۈن خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاپ، شۇلارنى دەۋەت قىلىش ئارقىلىق بۇ تاللاش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ زات ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە قاتمۇقات توسالغۇلار ئالدىدىمۇ تاللاش پرىنسىپى بويىچە ماڭغان. جۈملىدىن، خەيبەر كۈنى: «(ئەتە) مەن بۇ بايراقنى چوقۇم ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى سۆيىدىغان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەمگە بېرىمەن. ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قولى بىلەن (خەيبەرنى) فەتھ قىلىدۇ» دېگەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن «بايراقنى ماڭا بەرسىكەن» دېگەن ئۈمىدتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپلانغانلار ئىچىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ: «ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئەلى قېنى؟» دەپ سورىغان. توپلانغانلار ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىپ، ئاللاھتىن شىپالىق تىلەپ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى ساقىيىپ كەتكەن، ئاندىن پەيغەمبىرىمىز بايراقنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەن.

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە «نەبىي» پەيغەمبەر بولسۇن، «رەسۇل» پەيغەمبەر بولسۇن قايسىبىر پەيغەمبەر تىلغا ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ تاللانغان شەخسلەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. ئالايلۇق، جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھ ئېيتتى: ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم. مەن ساڭا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن**﴾[1]؛ ﴿**مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھىيگە قۇلاق سالغىن**﴾[2]؛ ﴿**مەن سېنى مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيي نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم**﴾[3]؛ مەريەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ﴿**پەرىشتىلەر ئېيتتى: ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى**﴾[4].

يەنە بىر ئايەتتە ئادەم، نۇھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنى تاللىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادەمنى، نۇھنى ۋە ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللاپ، (ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى. ئۇ ئەۋلادلار بىر - بىرى بىلەن قانداشتۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر،**

[1] ئەئراف سۈرىسى، 144 – ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى، 13 – ئايەت.

[3] تاھا سۈرىسى، 41 – ئايەت.

[4] ئال ئىمران سۈرىسى، 42 – ئايەت.

**(بەندىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**[1].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشى ھەققىدە ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھ مۇسلىم» ناملىق كىتابىدا بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسمائىل (ئەلەيهىسسالام) نىڭ ئەۋلادىدىن كەنانەنى، كەنانەدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن بەنى ھاشىمنى، بەنى ھاشىمدىن مېنى تاللىدى»**[2].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 33–34 – ئايەتلەر.

[2] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

# تالانتلىقلارنىڭ ئالامەتلىرى

ئىككى شەخس ئارىسىدىكى ئىستېدات ۋە قابىلىيەتنىڭ پەرقلىق بولۇشى ھەممىگە ئايدىڭ ۋە رېئال مەسىلە. بۇ نۇقتىدىكى پەرق ئامىللىرى ۋە بۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرقانچە سەۋەب ۋە ئىللەتلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، تۇغما - ئىرسىيەت ۋە كېيىن ھاسىل بولىدىغان ئامىللار يەنى شۇ شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ئەسلىي بار بولغان ئامىل ۋە كېيىن ھاسىل بولغان ئامىللاردىن ئىبارەت.

تاللاشنىڭ مېتود ۋە ئۇسۇلى ئەڭ ئاۋۋال مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسىگە ئاساسلىنىشى لازىم.

1. ئىنتىزامچانلىق: مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ لاياقىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك سۈپەتلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقىدۇر. ئىنتىزامچانلىق دېمەك مەسئۇلىيەتچانلىق، روھىي ۋە پىكرىي جەھەتلەردىكى ئەستايىدىللىق دېمەكتۇر. ئىنسانغا بۇ قابىلىيەت بولمايدىكەن، ئىتائەتچانلىق ئۇنسۇرى يوقىلىدۇ؛ ئىتائەتچانلىق بولمايدىكەن، ئىجرا قىلىش قابىلىيىتى ئاپتوماتىك ھالدا يوقىلىدۇ. ئۇنداقتا پايدىلىنىشقا، ئىنتىزامچانلاشتۇرۇشقا ۋە يېتەكلەشكە بولمايدىغان ئۇنداق روھىي، پىكرىي ۋە جىسمانىي قابىلىيەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنداق كۈچ بەزىدە بۇزغۇنچى ئامىل بولۇپ قالىدۇ.

2. يېڭىلىق يارىتىش روھى: «ئىسلاھات ۋەزىپىسىگە نامزات بولىمەن» دېگەن كىشىدە تېپىلىشى زۆرۈر سۈپەتلەردىن بىرى

ئىجادكارلىق روھىدۇر. بۇ روھ مۇسۇلمان ياشلىرىنى كىشىلىك جەمئىيەتتە ئارقىدا ئەمەس، ئالدىنقى قاتاردىكى ئاۋانگارتلاردىن؛ ھۇرۇن ئەمەس، روھلۇق، پائالىيەتچان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمان ياشلىرى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەردە ئاكتىپ بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىق روھى ئۇلارنىمۇ ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلار قاتارىدا تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ھازىر ئىسلامنىڭ تەلەپ قىلمىسا، بىسمى ئىشلەتمىسە، ئەيىبلەپ تەنە قىلمىسا مىدىرلىمايدىغان، ناتىۋانلارغا ئانچە ئېھتىياجى يوق. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى ئىسلامغا يۈك بولىدىغان كىشىلەرگە ئەمەس، ئىسلامنى قەدىرلەپ كۆتۈرىدىغان، ھەرىكەتچان، ئىجادكار ئەۋلادلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق.

3. مۇجاھىدلىق روھى: مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئىسلامي ئىسلاھاتقا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈپەتلەردىن يەنە بىرى مۇجاھىدلىق روھىدۇر. يەنى جېنىنى، مېلىنى ۋە پۈتۈن نەرسىسىنى قۇربان بېرىشكە، جىھادقا ئەرزىيدىغان قىممەت - قاراشلىرى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر. مۇجاھىدلىقتىن ئىبارەت بۇ سۈپەت جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا** جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. **ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش** قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) **ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ** (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن **جىھاد** قىلىپ شېھىت بولىدۇ). (**جىھاد** قىلغۇچىلارغا **جەننەتنى** ۋەدە قىلىش) **تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا** زىكىر قىلىنغان (**ئاللاھنىڭ**) **راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ھېچبىرى يوق). شۇڭا، بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾[1] دېگەن سۆزىنى تەستىقلىغان ھالدا، مۇسۇلمان ياشلىرىدا جانابى ئاللاھ بىلەن قىلغان سودىسىغا

[1] تەۋبە سۈرىسى، 111 - ئايەت.

تولۇق ۋاپا قىلىش ئېڭى تۇرغۇزىدۇ.

مانا بۇلار «ئىسلاھات ۋەزىپىسىگە نامزات بولىمىز» دېگۈچى مۇسۇلمان ياشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي سۈپەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، قالغان سۈپەتلەرمۇ مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

# بۇزۇلغاننى ئوڭشاش

رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە تەلەپكە لايىق ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئۇلارنى مەسئۇلىيەتچان، ئىسلامنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلالايدىغان قابىل ۋە تالانتلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش لازىم.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلەشتى. شۇ سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ ئاساسىي رولى ئاجىزلاپ، پايدىسىز، ئۇششاق مەسىلىلەر ئۈچۈن زور كۈچ خورىتىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىسلامغا ئوچۇق - ئاشكارا تىل ئۇزىتىشتەك يامان ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئوبرازىنىڭ بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان تۆۋەندىكىدەك يوچۇقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

## 1. پاسسىپ ئىدېئالىستلارنىڭ پائالىيەتچان ئاكتىپلاردىن ئۈستۈن كېلىشى

ھازىرقى دەۋردە ئىسلامنىڭ تەبىئىتىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن تەرەپلەردىن بىرى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي، ئوبيېكتىپ، ئىدېئالىستىك نەزەرىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىدا ئۈنۈمگە قارىماي، پىراگماتىزم

(ئەمەلىيەتچىلىك) نى ياقىلىغۇچىلار ئارىسىدىكى تىركىشىشلەردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە (پەقەت سۈيىيكتىپ ئىدىيىئالىزمچىلىقتىن ئىبارەت) تار دائىرىگىلا بىكىنىۋېلىپ، نوقۇل شۇنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، شۇنىلا ياقىلايدىغان بىر تۈركۈم ياشلار مەۋجۇت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تەلۋىلىكى بىلەن خاراكتېرىدىكى ئىجادكارلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئېنېرگىيەسىنى خورىتىپ، دۇنيانىڭ ماددىي تەرىپىگە پاسسىپ قارايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىرەيلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەل - يۇرتتىن ئايرىلىپ تاغقا چىقىۋالغان. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ جىھاد ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە بىر سائەت ساباتلىق كۆرسەتكىنى ئاتمىش يىللىق ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ بولمىسىلا، ئىككى ئىشنىڭ قولايراقىنى تاللايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «داۋاملاشمايدىغان كۆپ (ئىش) تىن داۋاملىشىدىغان ئاز (ئىش) تېخىمۇ ياخشى».

جانابى ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىيسى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە ئىمان توغرىسىدا كەلگەن ھەر ئايەتنىڭ ئارقىسىدىنلا سالىھ ئەمەل كۆرسىتىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمان ھەرقاچان ھەرىكەت ۋە ئاكتىپ ئەمەلنىڭ نازارەتچىسى بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىمان تاكامۇللاشقان بولمايدۇ. بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر - ئىككىنى دەلىل كۆرسەتسەك يېتىپ ئاشىدۇ:

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر﴾[1]؛ ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە، ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[2].**

## 2. نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئۈستۈن كۆرۈش

بۇزۇلۇش شەكىللىرىدىن يەنە بىرى، مەلۇم بىر نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلسۇن - كەلمىسۇن «مۇقەددەس» بىلىپ، ئۇنىڭغا قەتئىي چېقىلغىلى بولمايدىغان ئەقىدە ھېسابلاپ، قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتۇر.

بۇ ئەھۋال ئۇ نەزەرىيەچىلەرنىڭ رېئال ھاياتتىن ئايرىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى ئۇلارنى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشتە پېشكەللىككە يولۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىيەتكە ئۆزلىرىنى تامامەن مۇناسىۋەتسىز قاراپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا سەل قارىغان. ئىسلامىي ئىسلاھاتنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلمىگەن، كونكرېت مەلۇماتلاردىن خالىي، قۇرۇق نەزەرىيە ۋە قارام كۈچ بىلەنلا روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقلار مەغلۇبىيىتىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە دۆڭگەپ ئۆزلىرىنى ئاقلىماقچى بولىدۇ، ئۇلارغا «ئاخىر زامانىنىڭ ناتىۋانلىرى» دېگەن سۈپەت يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلار باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىسىمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ھەقىقەت ئۈستىدە سامانغا ئوخشاش لەيلەپ تۇرالىسىلا بولدى قىلىدۇ.

ئەمما، ھەقىقەت بۇنىڭ دەل ئەكسىچە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار

[1] بەييىنە سۈرىسى، 7 – ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى، 114 – ئايەت.

HAKSEVER

ئاللاھنىڭ ئىسلاھات قانۇنىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ كۆرمىگەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئاللاھ ئۇلارنى نىشانغا ئۇلاشتۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرماي، يېرىم يولدا توختاپ قالغان. ئۇلار جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**ھەرقانداق قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتمەيدۇ**﴾[1] دېگەن مۇقەددەس كالامى ئەزەلىيسىنى ھېچ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرمىگەندەكلا، باشتا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە تۇتۇش قىلماي، قارىسىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگەرتىشكە كۈچ سەرپ قىلىۋىرىپ، جاپا تارتمىسىمۇ، ئىستىخىيەلىك ھالدا، ئۆزىچىلا ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغاندەك خام خىياللاردا بولغان.

سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە پۈتۈن ئىشلاردا بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ دىنىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئىسلامىي ئىسلاھاتقا ئوخشاش ئاددىي سانىغىلى، سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىشلاردا قولدىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىشنىڭ مۇھىم ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئىشارەتلەر بار. بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى مۇنداق:

﴿**بۇ (يەنى ئۇلارغا بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ھەرقانداق قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[2].

## 3. نورماللىقتىن چەتنەپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش

ھازىرقى زامان ئىسلامىي ئويغىنىشىدا بۇزۇلغان كۆرۈنۈشلەردىن يەنە بىرى نورماللىقتىن چەتنەپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتۇر. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتكە، بەلكى ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خەتەر ئېلىپ كېلىشىمۇ يىراق ئەمەس.

[1] رەئد سۈرىسى، 11 – ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى، 53 – ئايەت.

بۇ ئەھۋال ھەدەپتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە، تەرسالىققا ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئوبرازىغا داغ يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولمىدىمۇ؟ بۇ دىنىنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەن ئېغىر، شۇڭا ئۇنىڭغا سىلىقلىق بىلەن ئېچكىرىلەپ كىرىڭلار».

بۇ ئەھۋال كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش جەريانىدا كۆرۈلۈپ، ئەسلىي مەقسەتكە يېتىشكە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، قارشى ئېلىشنىڭ ئورنىغا نەپرەتلىنىشنى ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا يۈز ئۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، چىرايلىقچە نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن**﴾[1]؛ ﴿**ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولساڭ ئىدىڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى**﴾[2]؛ ﴿**(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر**﴾[3].

بۇ ئەھۋاللار چوڭ - كىچىك مۇنكەر ئىشلارنى يوقىتىشتا كېرەكلىك ئامىللارنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىماي تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، كەينىگە قايتىشقا پۇرسەت

[1] نەھل سۈرىسى، 125 – ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 – ئايەت.

[3] تەۋبە سۈرىسى، 128 – ئايەت.

بەرمەيدىغان رىقابەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەھۋاللار داۋاملىق يۈز بەرمىسىمۇ، ھازىرقى بىر قىسىم يېڭى زامان ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىدىن كۆپ مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەرىكەتنىڭ رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ياكى ھېچبولمىغاندا ئىلگىرىلەشكە ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، قىسمەن توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن.

## 4. خۇسۇسىيلىقنى ئومۇمىيلىقتىن يۇقىرى بىلىش

بىر قىسىم مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ خاتالىقلىرىدىن بىرى ئىسلامنى ھەر تەرەپتىن، ئومۇمىيۈزلۈك نەزەرگە ئالماي، مۇئەييەن تەرەپلىرىنىڭلا تەشەببۇسكارلىرى بولۇپ قالغانلىقىدۇر. مەسىلەن، بىر قىسمى ئىسلامىي كىيىم - كېچەك ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار؛ بىر قىسمى ساقال، تەسبىھ، مىسۋاك؛ بىر قىسمى پەقەت بېسىم، قوپاللىق، ماددىي كۈچ؛ يەنە بىر قىسمى تەركىدۇنيالىق، جاھىللارچە سۈپىلىق ۋە ئاشىقلىق؛ يەنە بىر قىسمى ئادەتتىكى مەسىلىلەر ھەلەكچىلىكىدە... تېخىمۇ يامان بولغىنى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭكىنىلا ھەق، باشقىلارنىڭكىنى باتىل دەپ دەۋا قىلىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، ياشلار ئىسلامنى بىر پۈتۈن ھالدا قوبۇل قىلالايدىغان، ئەڭ مۇھىمنى مۇھىمنىڭ ئالدىغا قويالايدىغان، ھەر مەسىلىنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان، مەسىلىلەرنى شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە رەت تەرتىپى بويىچە ھەل قىلالايدىغان سەۋىيەدە تەربىيەلىنىشى لازىم.

## 5. شەخسكە چەكتىن ئاشۇرۇپ ئەقىدە قىلىش

بۇزۇلغان ئەھۋاللاردىن يەنە بىرى شەخسكە ئەقىدە باغلاش ۋە مەلۇم بىرىگە ئەگىشىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتۇر. بۇ يەردە

دىمەكچى بولغىنىمىز، بىر قىسىم ياشلار قائىدە - پىرىنسىپقا ئەمەس، شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ، پىرىنسىپتىن بەكرەك شەخسلەرگە ئەگىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىخلاسسىز، گۇرۇھۋاز، ئاللاھ بەلگىلىگەن نەرسىلەرنى قويۇپ، شەخسلەر ۋە ئىسىملارغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپ قىلىپ قويىدۇ ۋە قويۇۋاتىدۇ.

– بۇ ئەھۋاللارنىڭ خەتىرى ۋە يامان ئاقىۋەتلىرى ئىسلامىي ھەرىكەت مېخانىزمىدىكى پارچىلىنىش، ئىسلامىي پائالىيەتلەردە ھەر خىل ۋىرۇسلارنىڭ تارقىلىشى، خىلمۇخىل قاراش ۋە يۆنىلىشلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدۇر.

– بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ يەنە بىر ئالامىتى مۇسۇلمان پائالىيەتچىلەرنى پىرىنسىپ ۋە دۇرۇسلۇقنى ياقىلاشنىڭ ئورنىغا، شەخسكە چوقۇنۇش ۋە نەپسى - خاھىشىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، مەھكىمە شەرئىيەنىڭ ئاساسىي نىزامى ۋە ئىسلام شوئارلىرىدىن سانىلىدىغان ئىش، ھادىسە ۋە ۋەقەلەرگە ھۆكۈم قىلىش رولىنى ئاقسىتىپ قويۇشتۇر.

– بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ سەپتىن چېكىنىشىگە ياكى بۆلۈنۈپ سەپتىن ئايرىلىپ كېتىشىگە ياكى توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ ئەھۋالنىڭ بىر كۆرۈنۈشىنى ئەينى چاغدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ، ساھابىلەر ئارىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر پىتنە ئوتى ياققاندا) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ : ﴿**مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى، (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بولسا، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا**

قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[1] دېگەن سۆزنى ئوقۇپ تۇرۇپ: «كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىكەن، مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئالەمدىن ئۆتتى؛ كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دېگەن خىتابىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

بىزنىڭ كىشىلەرگە باھا بېرىشتىكى ئاساسىي قائىدىمىز: «ھەقىقەتنى ئىنسانلارغا قاراپ ئەمەس، ئىنسانلارنى ھەقىقەتكە قاراپ تونۇش»تۇر.

## 6. مەنمەنچىلىكنىڭ ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇرۇشى

بۇ يەردە بۇزۇلغان ئەھۋاللاردىن يەنە بىرى باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلماي، ھەتتا تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى تۇرۇپ تەشكىلات رەھبىرىنىڭ پىكرىگە ياكى ئوقۇغۇچى تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىغا تامامەن خىلاپ ھالدا، ئۆز خاھىشىغا، مىجەزىگە ۋە پىكرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتۇر.

ئىسلام تەربىيەسى جانابىي ئاللاھنىڭ: ﴿**ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)**﴾[2] دېگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمدارلىقىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن نەپس، مىجەز، تەبىئەت ۋە خاراكتېرىدىن مەنمەنچىلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنى نىشان قىلىدۇ.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 144 - ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى، 36 – ئايەت.

## 7. بار بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈش زۆرۈر نەرسىلەر ئارىسىدا

ھازىرقى زامان ئىسلام ئوبرازىنىڭ بۇزۇلغان تەرەپلىرىدىن يەنە بىرى ئىسلام ئوبرازىنى ئەمەلىيەتكە سىڭدۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىشتا زەربىگە ئۇچرىشىدۇر. بۇ، نەتىجە ۋە مېۋە بېرىشى زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى نەتىجىسى كۆرۈلۈپ، مېۋىسى ئۈزۈلۈپ بولغان، مەۋجۇت نەرسىلەرگە ھەۋەسكار قىلىپ قويىدىغان ئامىلدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇ نەزەرىيە ئەمەلىي ھەرىكەتكە يۈتلىشىپ، نىشانغا يېتىشتىن توسۇپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇنداق پىلان تولۇقلىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرگە ئەمەس، تولۇقلىنىپ، سەمەرىسى كۆرۈلۈپ بولغان نەرسىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. مەۋجۇت نەرسىلەر بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ئارىسىدىكى پەرق خۇددى ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. بۇ، ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت... تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىسلامىي ئىسلاھات نەزەرىيەسىنى ئەمەلىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ياشلىرى چوقۇم ھەقىقەتنى سۆيىدىغان، باتىلغا باش ئەگمەيدىغان، بار بولغانغا ھەۋەسلىنىپ قالمايدىغان سەۋىيەدە تەربىيەلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

## مۇسۇلمان ياشلىرنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

بىز ۋەزىپىمىزنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىنتايىن قىيىن، مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ يەتتۇق. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق چوڭ، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ھەمدە ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىنى لايىقىدا ئورۇندىيالايدىغان ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ھەممىگە ئايان مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نۇقتىلىق قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇكەممەل يېتىشتۈرۈش: بۇ پەقەت نەزەرىيە، مەنىۋى تەربىيە ياكى سىياسىي ھەرىكەتتىلا يېتىشتۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ، پىكرىي، روھىي ۋە سىياسىي ھەرىكەت قاتارلىق ھەر تەرەپكە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنىۋېرسال تالانتقا ئىگە ھالەتتە يېتىشتۈرۈشتۇر. بۇنداق سەۋىيەدە يېتىشتۈرۈش ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق خاراكتېرىگە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق، رىقابەت ۋە خىرىسلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغان، ئىزچىللىققا ئىگە، نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تاقەتلىك، مۇكەممەل ئىسلامىي ئوبرازغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

2. ئۆلچەملىك يېتىشتۈرۈش: بۇ، تەلەپكە لايىق، ئۆلچەملىك، ئۇنىۋېرسال، ھەر تەرەپكە تەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان

سەۋىيەدە يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. قايسىبىر تەرەپكە كۆڭۈل بۆلۈشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش چوقۇم يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال خاراكتېردە قەتئىي ساقلانغىلى بولمايدىغان بۇزۇلۇش ۋە بىنورماللىققا ئېلىپ بارىدۇ.

3. ئەمەلىي يېتىشتۈرۈش: بۇ پەقەت نەزەرىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىش ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈش جەريانىدا ئەمەلىي يول ۋە ئۇسلۇبلارنى ھەمدە ھەرىكەتچان نەمۇنىلەرنى تولۇقلاشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى پەقەت ۋەز ـ نەسىھەت ۋە لېكسىيە سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەرىكەت ۋە ئەمەلىيەتچانلىق روھىنىمۇ سىڭدۈرۈش لازىم.

يېتىشتۈرۈش باسقۇچىدىكى بۇ نۇقتىلىق پىرىنسىپنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ نىشانى مۇجمەل، دوگما، بىنورمال ئەمەس، بەلكى توغرا، دۇرۇس خاراكتېرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈندۇر.

مۇشۇنداق سۈپەتكە ئىگە ھەرقانداق ئۇبراز بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلامىي ئىسلاھات جەريانىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇبرازدۇر.

# مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈش لايىھەسى

يېتىشتۈرۈش يولى تۆۋەندىكى ئۈچ لايىھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پىكرىي جەھەتتە يېتىشتۈرۈش؛
2. روھىي جەھەتتە يېتىشتۈرۈش؛
3. ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە يېتىشتۈرۈش.

**1. پىكرىي جەھەتتە يېتىشتۈرۈش: بۇنىڭدىن مەقسىتىمىز مۇسۇلمان ياشلىرىدا ئىسلام ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر ئامىللار قايسىلار؟**

مۇسۇلمان ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل ئىجرا قىلالايدىغان قابىلىيەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر مۇكەممەل پىكرىي ئاساسقا موھتاج.

– ئىسلام مەدەنىيىتى: ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن قوراللانغان بولۇشى، بۇ مەدەنىيەت ئۇلۇغ بولۇشى، ئۇل - ئاساسى مۇستەھكەم، تۇراقلىق ھەم ئۆزگەرمەس بولۇشى كېرەك. باشقىلارنى بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە جەلپ قىلىش زۆرۈر بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭمۇ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇشى زۆرۈر. چۈنكى، ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ.

ئىسلامىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئاللاھ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» دېگەن مۇبارەك سۆزىنىڭ مەزمۇنى بويىچە تۆۋەندىكى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم:

قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى، ساھابە كىراملارنىڭ ھاياتى، فىقھ، ئۇسۇلۇلفىقھ، ئەقىدە ئىلىملىرى، تەزكىيە ئىلمى (تەسەۋۋۇپ) ۋە ئىسلام تۈزۈمى قاتارلىقلاردۇر.

– ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت: مۇسۇلمان ياشلىرى ئىسلامىي مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىش بىلەن بىرگە دەۋرنىڭ رىقابەتلىرى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى ئۈچۈن، يەنە باشقا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن، شۇنىڭدەك ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە خىلمۇخىل كۆزقاراشلاردىن خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەتنىڭ تىلىنى بىلگەن كىشى ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ»؛ «ھېكمەتنىڭ قايسى قاچا (يەنى قايسى مەنبە) دىن چىقىشىغا (قارىماي) ئېلىڭلار».

ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ:

ئىنسانىي مەدەنىيەت، ئىلمىي مەدەنىيەت، رېئال مەدەنىيەت، تارىخىي مەدەنىيەت.

## 2. روھىي ھازىرلىق

روھىي ھازىرلىق دېگىنىمىز، مۇسۇلمان ياشلىرىدا ئىسلامىي روھ ۋە ئىسلامىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش (يەنى قەلبىدە ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئاشىلىق بويسۇنىدىغان خاراكتېر ۋە مايىللىق يىلتىز تارتقۇزۇش، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆز خاھىشىغا ئەگەشمەيدىغان، نەپسىنى ۋە ھەۋىسىنى رەھبەر قىلىۋالمايدىغان ياكى ئۆز مەنپەئىتىنىڭ كوييىغا چۈشمەيدىغان روھ يېتىلدۈرۈش) دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

روھىي ھازىرلىق شەكسىزكى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى تىزگىنلەش، ئاندىن تەربىيە ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن روھنى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگۈچى ئىسلاھاتچىلارغا بولۇپمۇ تەلىم ـ تەربىيەچى ئۇستازلارغا مۇھىم بولغىنى ياشلارنى روھىي جەھەتتىن ھازىرلاشتىكى ئاساسىي نۇقتىنىڭ مۇسۇلمان خاراكتېر يېتىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشتۇر.

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان ياشلىرىمۇ روھىنى پاكلاپ، نىيىتىنى خالىس قىلىشقا قاتتىق تىرىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىدراك قىلىشلىرى كېرەك. ئادەتتە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تەن ـ قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك غىزا ۋە ۋىتامىنلىق ماددىلارنى ئىستېمال قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر بولغاندەك، روھىي جەھەتتىنمۇ تەقۋادارلىققا ۋە رەببانىيلىققا (يەنى ھەر ئىشتا ئاللاھ تەرەپدارى بولۇشقا) كېتەرلىك مەنىۋى قۇۋۋەتلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

رەببانىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغان مۇسۇلمان ياشلىرى باشقا تەرەپتىن ھەرقانچە مەدەنىيەتلىك ياكى بىلىملىك بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشىلىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ۋە بىلىمى تەقۋادارلىق ئۈستىگە قۇرۇلمىغان.

مۇقەددەس قۇرئان كەرىم ۋە پاك سۈننەتتە ئىنساننىڭ قەلبىنى سۈپەتلەپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن قەلب ۋە روھنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز: ﴿**بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھۇزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار**﴾[1]؛ ﴿**ئۇ كۈنى**

[1] قاف سۈرىسى، 37 – ئايەت.

(ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، (پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾[1]؛ ﴿لېكىن، ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى﴾[2]؛ ﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى يا قېرىنداشلىرى يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيمەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى﴾[3].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننىتىدىمۇ مۇنداق دېيىلىدۇ: **«ئىنساننىڭ ئىككى كۆزى يېتەكچى، ئىككى قۇلىقى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، تىلى تەرجىمان، ئىككى قولى قانىتى، ئىككى پۇتى پوچتالىيون، قەلبى پادىشاھ. ئەگەر پادىشاھ ياخشى بولسا، ئەسكەرلىرىمۇ ياخشى بولىدۇ»**[4].

[1] شۇرا سۈرىسى، 88–89 – ئايەتلەر.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇجادەلە سۈرىسى، 22 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] ئىمام تەبەرانىي ۋە ئەبۇ نۇئەيم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

# قەلبىنىڭ تىرىكلىكىنىڭ ئالامىتى

مۇسۇلمان ياشلىرى قەلبلىرىنىڭ قاتتىقلىقى ياكى يۇمشاقلىقى، نازۇكلۇقى ياكى قوپاللىقى، تەسىرچانلىقى ياكى سالماقلىقى قاتارلىق تەرەپلىرىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ھەر ۋاقىت ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**شەكسىزكى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان؛ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان؛ پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر**﴾[1]؛ ﴿**ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن.** ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، **ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ**﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ياخشىلىققا سەپەرۋەر بولۇش، توغرا يولنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ۋە پائالىيەتچان بولۇشتەك ئالاھىدە سۈپەتلەر قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ زېمىن ئەھلىدىن قاچىسى بار. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قاچىسى سالىھ مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ

[1] ئەنفال سۈرىسى، 2 – ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى، 35 – ئايەت.

سۆيۈملۈكراقى ئەڭ يۇمشاق ۋە مۇلايىم بولغانلىرىدۇر». ئاندىن بۇ سۆزنى تېخىمۇ يېشىپ مۇنداق دېگەن: «دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش، جەزىملەشكەن (ئىشتا) ساپ بولۇش، قېرىنداشلىرىغا مۇلايىم، سىلىق بولۇش». بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كىشىنىڭ دىندىكى مۇستەھكەملىكى، ھەقىقەتتىكى جاسارىتى قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر، دېيىشكە بولىدۇ.

يەنە جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ**﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندا، كىشىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى، ئاللاھ رازى بولمايدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى ساقلىشى ۋە ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى، ئۇنىڭغا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىشى شۇ كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

يەنە قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئالامەتلىرى ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە ئالدامچىلىق تۇيغۇلىرىدىن خالىي بولۇشىدۇر. بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىم؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دەپ سورالغاندا، ئۇ زات: «ھەرقانداق مەخمۇمۇل قەلب بولغان مۇئمىندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن «مەخمۇمۇل قەلب» بولغان كىشىنىڭ كىملىكى ھەققىدە سورالغاندا: «ئالدامچىلىق، زۇلۇم، خىيانەت، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن خالىي، تەقۋادار، پاك كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟**﴾[2]. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ: «ئۇ كەڭلىك ـ قەلبكە نۇر تاشلانغان

[1] ئەئراف سۈرىسى، 201 – ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى، 22 – ئايەت.

چاغدا كۆكسىنىڭ كەڭرىشىدۇر» دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىشىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئىشىنىپ، خاتىرجەم بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنۇشىدۇر.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# قەلبكە ئەھمىيەت بېرىش

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ قەلبكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قەلب ئىگىسى قەلبىنى رەببانىيلىق، نۇر ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولدۇرۇشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسى ۋە رىقابەتلەرگە مۇناسىپ سەۋىيەگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قەلبىگە قانداق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن.

## بىرىنچى: ئاللاھنى ئەسلەش

ھەقىقەتەن ئاللاھنى زىكىر قىلىش قەلبنى ياشىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق نەرسىنى پارقىرىتىدىغان نەرسە بار، قەلبنى پارقىرىتىدىغان نەرسە ئاللاھنىڭ زىكرىدۇر. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن نىجاتلىق بەرگۈچى ئەڭ ياخشى نەرسە ئاللاھنىڭ زىكرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس**»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ**

[1] ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.

**تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر باردۇر. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ) پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن؛ پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ﴾**[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھاياتىمىزنى بىر پۈتۈن ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ئىبارەت پارلاق ۋە نۇرلۇق يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسان زىكىر ئېيتىپ (ئاللاھنى ئەسلىگەن) ۋاقىتتا شەيتىنى ئارقىغا چېكىنىدۇ، (ئاللاھنى ئەسلەشتىن) غاپىل قالغىنىدا ۋەسۋەسە سالىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، مۇسۇلمان ياشلىرى خۇددى ساپ ھاۋا سۈمۈرگىنىگە ۋە مەززىلىك غىزالارغا تويغىنىغا ئوخشاش، زىكىرنى ھاياتىنىڭ مۇھىم روھىي ئوزۇقى بىلىپ، داۋاملىق ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىشى لازىم.

## ئىككىنچى: ئاللاھنىڭ كىتابىغا يېپىشىش

مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل بولۇشى، ئۇنىڭغا يېپىشىشى، ئۇنى ئوقۇغاندا مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئاسان يولدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ زەرگە قىلغان بىر ۋەسىيىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **«قۇرئان ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرگىن، چۈنكى ئۇ ساڭا زېمىندا نۇر، ئاسماندا دەسمايەڭ بولىدۇ»**[2]. يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 190−192 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ زىياپىتىدۇر، ئاللاھنىڭ زىياپىتىنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قوبۇل قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى، روشەن نۇرى ۋە ئۈنۈملۈك شىپاسىدۇر؛ ئۇنىڭغا يېپىشقان كىشىنى ساقلىغۇچى، ئەگەشكەن كىشىنى قۇتقۇزغۇچىدۇر. قۇرئان كەرىمدە رۇسلاشقا تېگىشلىك ئەگرىلىك يوق، نۇقسان ئېلىپ كېلىدىغان (ھەقتىن باتىلغا) چەتنەپ كېتىش يوق. ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدۇ، كۆپ تەكرار قىلىش ئۇنى كونىرتالمايدۇ. ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇڭلار. شۈبھىسىزكى، جانابى ئاللاھ ئۇنى تىلاۋەت قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، ھەربىر ھەرپىگە ئون ياخشىلىقنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. بۇ، ‹ئەلىف، لام، مىم› قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر ھەرپ دېگەنلىكىم ئەمەس، ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر ھەرپتۇر»**[1].

## ئۈچىنچى: ئاللاھنىڭ نازارىتى

ئاللاھنىڭ نازارىتى مۇسۇلمان ياشلىرىنى خاتا يولغا كىرىپ قېلىشتىن، ئېگىز - پەس دەسسەپ يېتىنە - پاساتقا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ؛ ھاۋايى - ھەۋەسى بىلەن ئەمەس، ئاللاھقا سىغىنىپ، ھىدايەت تىلەپ تۇرۇشقا تەلپۈندۈرىدۇ.

مۇسۇلمان ياشلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى بىلىشى لازىم:

1. توغرىلىقى ئېنىق بولغاننى قىلىشى؛

2. ئازغۇنلۇقى ئېنىق ئىشتىن يىراق تۇرۇشى؛

3. قىيىن كەلگەن مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن سورىشى.

مۇسۇلمان ياشلىرى ئاللاھقا قانچە يېقىنلاشسا، ئۇلارنىڭ

[1] ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

روھىدا ئاللاھنىڭ نازارىتى شۇنچە كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئايەتلەر بار: ﴿**بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز. بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز**﴾[1]؛ ﴿**ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر؛ بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر. مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾[2]؛ ﴿**ئۇلار ئويلامدۇكى، بىز ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىرىنى ئاڭلىمايمىز. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىمىز). بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (پەرىشتىلىرىمىز) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ**﴾[3].

## تۆتىنچى: نەپسىگە قارشى كۈرەش

مۇسۇلمان ياشلىرى روھىي تەييارلىق باسقۇچىدا ئۆزلىرىنىڭ نەپسى بىلەن كۈرەش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، نەپسى - خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ئۆزىنى تارتالىغان ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ**﴾[4]؛ ﴿**روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانىنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر**

[1] قاف سۈرىسى، 16 - ئايەت.

[2] مۇجادەلە سۈرىسى، 7 - ئايەت.

[3] زۇخرۇف سۈرىسى، 80 - ئايەت.

[4] نازىئات سۈرىسى، 40– 41 – ئايەتلەر.

**بىلــەن) كەمســـتكەن ئـــادەم چوقــۇم نائۈمىد بولـــدۇ﴾**[1] دېگەن مۇقەددەس ئايەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەگەر ئىنسان نەپسىنى تەقۋادارلىق يۈگىنى بىلەن تىزگىنلەنمەيدىكەن، نەپس چوقۇم ئىگىسىنى يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرىدۇ.

مۇسۇلمان ياشلىرى داۋاملىق نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىپ تۇرۇشى، ئوشۇقچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئەھمىيەتسىز قۇرۇق پاراڭ، بىپەرۋالىق، بولمىغۇر نەرسىلەرگە قاراش ۋە ئاڭلاش، شەھۋەتكە بېرىلىش دېگەندەك بىمەنە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. بۇنىڭغا ئالاقىدار بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**مۇجاھىد دېگەن شانۇشەۋكەتلىك ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر**»[2].

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان ياشلىرى جەمئىيەتتە ئىسلامىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆز نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە ياخشى ئوبراز تىكلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرگە رەھبەر بولغان كىشى باشقىلارغا تەلىم بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز نەپسىگە تەلىم بەرسۇن، تىلى بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىشتىن بۇرۇن يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگەتسۇن. باشقىلارغا مۇئەللىم بولۇپ، ئۇلارنى تەربىيەلىگۈچى ئادەمدىن ئۆز نەپسىگە مۇئەللىم بولۇپ، ئۆزىنى تەربىيەلىگۈچى ئادەم ئالىيجاناب بولۇشقا بەكرەك لايىقتۇر».

ئۆزىنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىدە ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشكۈچىلەر دۇنيالىق ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، نەپسىنى يېڭەلىگىنى ئۈچۈن، ماھىيەتتە يەنە ھەممىدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولىدۇ. ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار دۇنيالىق ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆز نەپسىگە مەغلۇپ بولۇپ، نەپسانىي ھاۋايى - ھەۋەسكە قۇل بولغۇچىلاردۇر.

[1] شەمس سۈرىسى، 7−10 − ئايەتلەر.

[2] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

## بەشىنچى: ئاكتىپ يېتىشتۈرۈش

بۇنىڭدىن مەقسىتىمىز: ئىسلام ھەرىكىتى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئالاقىدار دەۋەت مۇھىتى ھازىرلاش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق پۈتۈن ئىشلاردا مۇسۇلمان ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چېنىقتۇرۇش، بۇنىڭدا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى يېڭى زامانغا ماس ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلامىي ھەرىكەت ھازىرلىقىمۇ خۇددى ئەسكەرلەر ئەمەلىي ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىشتىن بۇرۇن كۆچىنى سىناپ بېقىش ۋە يەكۈنلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى سىناق قىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ھەربىي مانېۋىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق ھەربىي مەشىقلەردە پىششىپ يېتىلمىگەن ئەسكەر ئۇرۇشتا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

ئىسلامىي ھەرىكەت مەيدانى ئەمەلىيەتتە قورال ـ ياراغ ئۇسكۈنىلىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنىلا كۈرەش ۋە جىھاد مەيدانىدۇر. دەۋەت مەيدانىدىكى ياش خۇددى ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەسكەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھازىرلىق قىلىش جەريانىدا چوڭ رىقابەت مەيدانى ۋە ھەقىقىي قارشىلىشىش ساھەلىرىگە چىقىشتىن بۇرۇن، نەزەرىيەدە ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىي مەشىقتىن ئۆتكۈزۈشى زۆرۈر.

ھەر ساھەدە مەلۇماتلىق نۇرغۇن مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ بىلىدىغانلىرى ئۆزلىرىدىلا قالدى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قورۇنۇش، تارتىنچاقلىق ئىللەتلىرى بىلگەنلىرىنى رېئاللىقتا يۈزلەندۈرۈشتىن توسۇپ، مىللەتكە ۋە جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمىدى. بۇ، ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە سەل قارىغانلىقىدىن ياكى خىزمەت مەيدانىدا قورۇنۇپ، قورقۇنچاقلىق قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

ئاكتىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى: ئىسلامىي

ھەركەت ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىش، پائال ھەركەت ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىش، مۇھەت ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى بىلىش، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئىقتىساد ۋە سىياسەت قاتارلىق ئاممىۋى ئېھتىياجلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بىلىش، سىناق ۋە تەربىيە ئىلىملىرىنى بىلىش، يەنە تۆۋەندىكى ئىشلاردا چېنىقىش:

– نەپسىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە كۆندۈرۈش، ناماز، روزا ۋە ھەج قاتارلىق پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش، ئىلىم ۋە زىكىر سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇش، ھەر دائىم ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇش، يادلاش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىش ئارقىلىق قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خۇلەپائى راشىدىنلارنىڭ تۇتقان يوللىرىدا تەۋرەنمەي مېڭىش.

دەۋەت ئۇسۇللىرىدا چېنىقىش: كۆرسەتمە بېرىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش، ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش، قىسسە ۋە رىۋايەت سۆزلەش ئۇسۇل ۋە يوللىرىنى مەشىق قىلىش.

– تەشكىللەش، پىلان تۈزۈش، باشقۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئالاقىدار پۈتۈن ئىشلاردا ئىزچىل چېنىقىش.

– ئېغىرلىقلارنى كۆتۈرۈش، قىيىنچىلىقلارغا كۆكرەك كېرىش، ئىرادىلىك بولۇش ۋە ئىرادىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن خەتەرلىك دولقۇنلارغا يۈزلىنىش ئارقىلىق مەشىق قىلىش، مۇسكۇل ۋە ئومۇرتقىلىرىنى چىڭىتىش، چىدامچانلىقنى ئاشۇرۇش، جاسارىتىنى بېيىتىش قاتارلىق خىسلەتلەر. بۇ، بىر شائىر ئېيتقاندەك:

«مەيىن شامالدىمۇ ئىككى مەڭزى يېرىلىپ كېتىدىغان،

بارماقلىرى يىپەككە تېگىپ كەتسىمۇ قاناپ كېتىدىغان»، نازۇك، بىلى بوش، پىشىپ يېتىلمىگەن كىشىلەردە تېپىلمايدۇ. ھەقىقەتەن ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن زور ۋە قىيىن بولۇپ، يولى تۈرلۈك خەتەر بىلەن ئورالغان. شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىسلام روھىنى يىلتىز تارتقۇزۇش قۇرئانغا مەنسۇپ، ئاۋۋالقى ئىسلام ئەۋلادلىرىنىڭ يولىغا باشلايدىغان يېتەكچى، رەھبەر بولالايدىغان قۇرئانغا مەنسۇپ يېڭى ئەۋلادلار يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿**بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ**﴾[1].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] رۇم سۈرىسى، 4-5 - ئايەتلەر.

# ئۈچىنچى باب

د. يۇسۇف قەرەداۋى

# تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار

تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

1998 - يىلى

قاھىرە

HAK
HAKSEVER
هەقسەوەر

# ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى كىم؟

ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى ھازىر قاتار پۈقراسى، مىسىرلىق مۇسۇلمان ئالىم ۋە خەلقئارا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى.

ئۇ 1926 - يىلى 9 - سېنتەبىر مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە غەربىيە ئۆلكىسىنىڭ چوڭ مەھەللە مەركىزىگە جايلاشقان سەفت تۇراب يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئىككى يېشىدا دادىسى ۋاپات بولغان. بالىلىق چېغى تاغىسىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكەن. ئۇن ياشقا بارماي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەزھەردە ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مىسىر بويىچە ئىككىنچى بولغان. ئالىي مەكتەپنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇسۇلىددىن فاكۇلتېتى»دا ئوقۇپ، 1953 – يىلى بىرىنچىلىك بىلەن تۈگەتكەن.

1958 - يىلى ئەرەب دۆلەتلىرى بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ئالىي ئەرەب تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تىل - ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ دىپلومىغا ئېرىشكەن. كېيىن 1960 - يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇسۇلىددىن فاكۇلتېتى»نىڭ قۇرئان ۋە سۈننەت بىلىملىرى بۆلۈمىنى پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1973 - يىلى يەنە شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا «زاكات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى رولى» دېگەن تېمىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاپ، ئەلىيۇلئەلا نەتىجە بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

يۈسۈف قەرەداۋى مىسىرنىڭ تانتا ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ھەسەنۇلبەننا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بىلەن تونۇشقان، كېيىنچە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دەپ قارىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى 1949 - يىلى مەلىك فارۇق دەۋرىدە بولغان. 1954 - يىلى جامال ئابدۇنناسىر دەۋرىدە يەنە ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىنغان. كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ، 1961 - يىلىغا كەلگەندە قاتاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1977 - يىلى قاتار ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ قاتار ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق «سۈننەت ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى تەتقىقات مەركىزى»نىڭ مۇدىرى بولغان.

1997 - يىلى 3 - ئايدا ياۋروپادىكى «پەتىۋا ۋە تەتقىقات كېڭىشى»نى قۇرۇپ، غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن تۈرلۈك دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقارغان. ئۇ يەنە خەلقئارا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ئىدى.

قەرەداۋى 2011 - يىلىدىكى مىسىر ئىنقىلابىدا 1981 - يىلىدىن بېرى قەدەم بېسىپ باقمىغان مىسىرغا بارغان ۋە شۇ يىلى 18 - فېۋرال كۈنى تەھرىر مەيدانىدا يىغىلغان نامايىشچىلارغا جۈمە نامىزى ئوقۇپ بېرىپ، نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ سۆزىدە مىسىر قىبتىيلىرىنىڭ (يەنى خىرىستىيانلارنىڭ) مۇبارەككە قارشى ئىنقىلابنى قوللىغانلىقىنى ماختاپ «ئى مۇسۇلمانلار، ئى قىبتىيلار!» دەپ خىتاب قىلغانلىقى ھەممە خەلقنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان.

2014 - يىلى 12 - ئايدا مىسىر ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، «INTERPOL) خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار

ساقچى تەشكىلاتى)» تەرەپتىن ئۇنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا قىزىل رەڭلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. 2018 - يىلى 12 - ئايدا مەركىزى بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. مىسىر ھەربىي سوت مەھكىمىسى 2015 - يىلى ئوقتەبىر ۋائىل ئاتىق تاھۇننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسىغا چېتىشلىق دەپ قاراپ، 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 17 ئادەمگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغاندا، «زوراۋانلىققا كۈشكۈرتكەن» دېگەن بەدنام بىلەن قەرەداۋىغىمۇ مۇددەتسىز قاماق جازاسى ئېلان قىلغان.

**ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتىكى تىرىشچانلىقى ۋە پائالىيەتلىرى**

دوكتور يۈسۈف قەرەداۋى ئالىم، پىكىر، دەۋەت ۋە جىھاد قاتارلىق ساھەلەردە بۈگۈنكى دەۋردە «ئىمام» دەرىجىلىك، مۇجتەھىد سەۋىيەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالاھىدە شەخسلەردىن بىرى. مەسچىت، ئۇنىۋېرسىتېت، كۇلۇب، رادىيو قاناللىرى، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، كىتاب، ماقالە، پەتىۋا، لېكسىيە، ۋەز - نەسىھەت ۋە دەرس ھالقىلىرى... قىسقىسى، خىلمۇخىل يوللار ئارقىلىق ئۇنى تونۇمايدىغان مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتىكى پائالىيەتلىرى پەقەت بىر تەرەپكە، مەلۇم بىر ساھەگە ياكى بىر ئېقىم ۋە مەزھەپكىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ئۇنىۋېرسال، كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، كۆپ خىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 120گە يېقىن ئەسىرى نەشر قىلىنىپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن ئەسەر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بار.

HAK
HAKSEVER

# كىرىش سۆز

بۇ كىتابچە جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇپپارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ**﴾[1] دېگەن ئايەت كەرىمە بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە سۆيۈملۈكتۇر» دېگەن سۆزىنى چىقىش قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى پادىچى، بۇتپەرەس بىر مىللەت ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئېتىقاد ۋە تەلىماتلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىنسانلار ئارىسىدا ھەقىقەت ۋە ئادالەت بەرپا قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا، خار-زەبۇنلۇقتىن ئەزىزلىككە ئېلىپ چىقتى. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ئۇلاردىن كېيىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار نامى بىلەن دىنسىز كاپىرلار ياكى ھېيلىگەر كوممۇنىستلار تەرىپىدىن غەرب ئەللىرىنىڭ پىكرى ئېقىپ كىرگەنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

بۇ كىتابچە «تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار»غا قارىغۇلارچە ئىش قىلىشنى توختىتىش، ئۆزىبېشىمچىلىقنى

[1] فەتھ سۈرىسى، 29 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشلاش، ھەقىقەتكە تايىنىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىكى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلغاندەك كائىنات ئالىمىدىكى تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگىمۇ رىئايە قىلىش، ئىلىمگە قايىل بولۇش، ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشنى، تەپەككۇرنىڭ پەرزلىكىنى، ئىلىم ئېلىشنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئۆگىنىش يوللىرىنى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەۋلادلار ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆگىنىدۇ. ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن تەپەككۇر قىلىدۇ. دائىم ئاللاھ تەرەپدارى بولۇپ، قەلبلىرى داۋاملىق ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە ئاتلىنىدۇ. ھەمىشە ئاللاھ بىلەن بولۇپ، سىجىل ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىپ، ئاللاھ تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ: ﴿**كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر**﴾[1] دېگەن كۈچلۈك ۋەدىسىگە لايىق بولغانغا قەدەر «تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار»غا لايىق خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ھەج سۈرىسى، 40 – ئايەت.

# تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار

خىزمەتدىشىمدىن بىرى بېيرۇت قىرغىنچىلىقىنى، سەبرا ۋە شاتىلا شەھەرلىرىدىكى قۇشخانىلاردىكىگە ئوخشاش ھېسابسىز تۆكۈلۈۋاتقان مۇسۇلمان قانلىرىنى، ياۋۇزلارچە بوغۇزلىنىۋاتقان بالىلار، ئاياللار ۋە ياشانغان ئاتا - ئانىلارنى، ھېچكىمگە دەخلىسىز يەرلەردىكى چېدىر ۋە ئۇ چېدىر ئەھلىنىڭ ۋەيران قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شەرق ۋە غەربتىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرىنىڭ تىرىك مۈردىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكەتسىزلەرنى ھەرىكەتلەندۈرمەي ياكى ھەرىكەتتىكى زوراۋانلارنى توختاتماي، ئاشۇ پاجىئەلەرگە قاراپ تاماشا قىلىپ، ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

– سەن بۇلارنى كۆرمىدىڭمۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ – دېدى.

– شۇنداق، كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. ئەرەبلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم لەختە - لەختە بولۇپ، نىرۋام چاراسلاپ، ئاشۇ پاجىئەنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتاتتىم. بۈگۈندىن بۇرۇنمۇ ئىسلام شەھەرلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچراپ، نۇرغۇن قەدىمىي ئىسلام دىيارلىرى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلىنغان، مەسچىتلەر يىقىلىپ، رۇكۇ - سەجدە قىلىۋاتقانلار ئۆلتۈرۈلگەن، پاك مۇئمىنە خانىم – قىزلىرىمىزنىڭ شەرەپ ۋە نومۇسى تۆكۈلگەن چاغلاردىمۇ، ئەرەبلەر بولسۇن ياكى باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى بولسۇن ھېچبىرىدىن ئۇ پاجىئەگە

قارىتا بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىمىغان ياكى بىرەر نارازىلىق پوزىتسىيەسى كۆرمىگەن ئىدۇق. ئۇلار قاراڭغۇ كېچىلەردىكى قورقۇنچلۇق قەبرىستانلىقتا ئوخشاش ئۇن - تىنسىز، سۈرلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولساڭ، ئۆز ئارىلىرىدىكى دەتالاشتا ئاڭلىيالايسەن؛ ھەرىكىتىنى كۆرمەكچى بولساڭ، ئۆزئارا ئۇرۇشلاردىكى جاسارىتى ۋە قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرىدىن كۆرەلەيسەن. ئۇلار گويا: (كۇپپارلارغا قاتتىق، ئۆزئارا كۆيۈمچان) بولغان پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىلىرىگە تامامەن زىت يول تۇتۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشى قاتتىقتۇر، ئۇلارنى ھەممىسى بىر دەپ ئويلايسەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى باشقا - باشقىدۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر**﴾[1] دېگەن سۆزىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنى جەلپ قىلىۋالغاندەك، ئۆزئارا قاتتىق، دۈشمەنلىرىگە رەھىمدىل، مۇئمىنلەر ئالدىدا كۈچلۈك، ئەزىز، كاپىرلار ئالدىدا روھسىز، خار تۇرىدۇ، – دېدىم ئۇنىڭغا.

– لېكىن، بۇ زۇلمەتنىڭ چېكى يوقمۇ؟ بۇ كېچە تاڭ ئاتماسمۇ؟ بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆز غايىسىنى تونۇپ، توغرا يولغا مېڭىش، بىر - بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن بىر پىكىرگە كېلىش، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندىن كېيىن ھوشىنى يىغىش، شانلىق غەلىبىلەر ئارقىلىق مەغلۇبىيەت داغلىرىنى يۇيۇش، يەرمۇكتىكى خالىد ئىبنى ۋەلىد، قادىسىيەدىكى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئەجنادىندىكى ئامىر ئىبنى ئاس، ئەندەلۇستىكى تارىق ئىبنى زىياد، ئەينىجالۇتتىكى سەيفۇددىن قۇتۇز ياكى ئىستانبۇلدىكى مۇھەممەد فاتىھنىڭ شانلىق كۈنلىرىگە ئوخشاش غەلىبىلەر ئارقىلىق كۈنىمىزدىكى زۇلمەتلىك مەغلۇبىيەت كۈنلىرىنى يورۇتۇش ۋاقتى كەلمەسمۇ؟ – دېدى ئۇ.

– ئۈمىدسىزلەنمە بۇرادەر! تۇن قاراڭغۇسىدىن كېيىن نۇرلۇق تاڭنىڭ كېلىشى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى. كېچىلەردىكى زۇلمەت

[1] ھەشر سۈرىسى، 14 - ئايەت.

تۈن قاراڭغۇسى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنقى ئازغىنا ۋاقىتتۇر. ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرى چوقۇم كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، بەرقارار تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزىمىز ۋە پەم - پاراسىتىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

# بىزنىڭ روھىمىز ئىسلام

ھەربىر ئادەمنىڭ روھى بولغىنىدەك، ھەرقانداق مىللەتنىڭمۇ روھى بولىدۇ ۋە شۇ روھ بىلەن ياشايدۇ. روھىنى يوقاتقان ئادەم جانسىز جەسەت بولغىنىدەك، روھىنى يوقاتقان مىللەتمۇ ئۆلسىز بىنا ياكى ئاڭسىز چارپايلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. دوستۇم! گېپىمگە ئىشەنسەڭ، زامانىمىزدىكى ئىسلام ئۈممىتى ياكى مۇسۇلمان ئەللىرىمۇ روھسىز ياشاۋاتىدۇ ياكى ئۆزلىرى شۇ يولنى تاللاۋاتىدۇ.

«بىز ئۈممەتنىڭ جېنى (يەنى روھى) نېمە؟ جانسىز ياشىشىمىزنى خالايدىغانلار كىم؟» دېيىشىڭ مۇمكىن.

كېيىسپ ئېيتىمەنكى، بىز ئۈممەتنىڭ روھى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام. چۈنكى، بۇ ئۈممەتنى ئىسلام دىنى ئۆتمۈشتە ئۆلۈك ھالىتىدىن تىرىلدۈرگەن، چېچىلاڭغۇ، تارقاقلىقتىن بىرلەشتۈرگەن، ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا باشلىغان، نادانلىقتىن ئىلىم يولىغا يېتەكلىگەن، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغان، نەتىجىدە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئىسلام دىنى ئەينى زاماندا پادىچى، بۇتپەرەس بىر ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنى تەربىيەلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن؛ ئۇلارنى شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالغا يەنى پۈتۈن ئالەمگە تارقىتىپ، كىتاب ۋە ھېكمەت (قۇرئان ۋە سۈننەت) نى قانات يايدۇرغان؛ مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈپ، ئادالەت ئورناتقان؛ ئۇلارنى ئىلىم ۋە

ھېكمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاپ، بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن بىر ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا، تار دۇنيادىن كەڭرى دۇنياغا، بۇرمىلانغان دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلام ئادالىتىگە ئېرىشتۈرگەن؛ بۇ ئۈممەت ئاجىزلاپ قالغاندا، ئىسلام ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارغا ئېنېرگىيە بېرىپ، ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارنى توسۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن؛ شەرقتىن بېسىپ كەلگەن تاتارلارغا[1] ۋە غەربتىن يۈرۈش قىلغان ناسارالارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىرلەشتۈرگەن؛ ئۇلارنىڭ «ھىتتىن»دىكى ناسارا ۋە «ئەينىجالۇت»تىكى تاتارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئارقا تىرەك بولغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ھەر زامان بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ھاياتىي كۈچىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرىنى بىر قىلىپ، ئىمانىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلامسىز ياشىشىنى خالايدىغانلار ئۇلارنىڭ سەل كۆپۈكلىرىگە ئوخشاش كېرەكسىزلىشىشى ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆزئارىلىرىدا تۈرلۈك نىزا ۋە دەتالاشلار بىلەن بوغۇشۇپ ئۆتسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى، قورقۇنچاقلىقى ۋە قارا نىيىتى ئىسلام ئۈممىتىگە قارشى سېپىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ئۆلگىلىك نەمۇنىلىرى بۇزغۇنچى يەھۇدىي، ھېيلىگەر خىرىستىيان ۋە ئالدامچى كوممۇنىست، شۇنىڭدەك بۇلارغا ياكى ئۇلارغا بەزىدە ئىقابسىز، بەزىدە ئىقابلىق ئىشلەيدىغان مۇناپىق - غالچىلاردۇر.

[1] بۇ يەردە موڭغۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، – ت.

## بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلىرىمىز

بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇشكۇلى خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان رىسالىتى (يەنى دىنىي ۋەزىپە ۋە دىنىي دەۋىتى) نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ئۆزىنى قاتتىق زەھەرلىۋالغانلىقى؛ دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەي، پەردە ئارقىسىدا پىلانلانغان سۇيىقەستلەرنى، ھەسەل يالىتىلغان زەھەرلەرنى ۋە «مەدەنىيەت» نامى ئاستىدا ئۆزلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خانىۋەيرانچىلىق ۋاستىلىرىنى كۆرمەيۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك دىنسىزلىقنى ئەركىنلىك، ئەخلاقسىزلىقنى مەدەنىيەت، كۆپۈكنى قايماق، ئالۋۇننى سۇ دەپ ئاتىۋالغانلىقىدا...

بۈگۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرىمىۋالغان يەنە بىر ئېغىر ئىللەت مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق ھەتتا شېۋە جەھەتتىكى كەمسىتىشلەر، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنى يولدىن چىقىرىپ، ئۆز خاھىشىنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان، پايدا - مەنپەئەتنى ئاللاھ رازىلىقىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى قويۇپ، شەخسىي مەنپەئىتىنى ياكى ئۆز جامائىتى ۋە تەشكىلاتىنىڭ مەنپەئىتىنىلا چىقىش قىلىدىغان تەرەپبازلىق ۋە ئەمەل - مەنسەپ تەمەخورلۇقىدۇر. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر ئېغىر ئەھۋال ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتى، تارىخى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن دىنىي مۇھىت ئىچىدە ياشاشنى خالىسا، ئەمەلدارلارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق

ماقامىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى مۇستەبىتلىك قىلىشى. ئۇلار گەرچە ئىسلامنى يامان كۆرمىسىمۇ، ئىسلامىي تۈزۈمنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قېلىشىدىن ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق يېتەكچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى پاراللېل سىزىققا ئوخشاش، ئۆزلىرى بىر ۋادىدا بولسا، خەلقى باشقا بىر ۋادىدا قالىدۇ.

كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا يەنە بىر بوشلۇق داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ئاۋام خەلق ئومۇمەن دىنىي ئاڭ، دىنىي تۇيغۇ ۋە دىنىي پرىنسىپلارنى تەشەببۇس قىلسا، كۆزگە كۆرۈنگەن كۆپىنچە زىيالىيلارنىڭ ئىدىيەسىگە «مىمسىز» مەدەنىيەت[1] مۇستەملىكىسى تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئاساسىدىن يىراقلاشتۇرغان؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا، دىنىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە، تارىخىغا ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولغان. نەتىجىدە، ئۇلار پىكىر ۋە ئۇسۇل جەھەتلەردە دىنسىزلارغا ۋە ھېيلىگەر كوممۇنىستلارغا ئىشىنىپ كەتكەن.

شۇڭلاشقا، ئۇلار دىنىنى پەقەت ئاللاھ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دەپلا قاراپ، دىنىنىڭ ھاياتقا رەھبەر، دۆلەتكە قانۇن، جەمئىيەتكە نىزام ياكى ئىجرائاتچى بولۇشىغا يول قويمايدۇ. يول قويغاندىمۇ، پەقەت ناماز ياكى ۋەز - نەسىھەت ئۈچۈن مەسچىتتىنلا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ. مەكتەپلەردە ۋە رادىيو - تېلېۋىزورلاردا بىرەر سائەتلىك دىنىي پىروگرامما ئورۇنلاشتۇرۇپلا بولدى قىلىدۇ، گېزىت - ژۇرناللاردا بىرەر دىنىي ستون ئېچىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى دىنىنىڭ خىزمەتكارلىرى چاغلاپ، پەزىلەت دەۋاسى قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا دىنىي ھاياتنىڭ نىزامى، دۆلەتنىڭ قانۇنى قىلايلى دېيىلسە، مىڭلارچە «ياق!» دەيدۇ.

[1] مەدەنىيەت - مەدەنىيەت (يەنى مەدەنىيەتسىزلىك)، (ت).

## غەلىبە قانۇنىيەتلىرى

ھەقىقىي غەلىبە ئىستىخىيەلىك ھالدا، ئۆزىچىلا كېلىپ قالمايدۇ. غەلىبىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. جانابى ئاللاھ مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ توغرا تونۇپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئىش كۆرۈشلىرى ئۈچۈن كىتابى قۇرئان كەرىمدە مەزكۇر قانۇنىيەتلەرنى بايان قىلغان.

بىرىنچى قانۇنىيەت: ھەقىقىي غەلىبە ئاللاھتىن كېلىدۇ. ئاللاھ ياردەم قىلغان كىشى پۈتۈن دۇنيا خەلقى قارشى چىققان تەقدىردىمۇ، مەغلۇپ بولمايدۇ. ئاللاھ تاشلىۋەتكەن كىشى سان جەھەتتە ھەرقانچە كۆپ، تەييارلىقى ھەرقانچە تولۇق بولغان تەقدىردىمۇ، غەلىبە قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇجمەل ئەمەس، ئوچۇق؛ ئېھتىماللىق ئەمەس، كەسكىن قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەرگە ئاللاھ ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى بارلىق ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)**﴾[1]؛ ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن، دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. ئاللاھ سىلەرگە بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرەپتىنلا بولىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن**

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 160 – ئايەت.

**غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**[1].

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئاز سانلىقلارنىمۇ كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرىدۇ. خۇددى تالۇتنى ئازغىنا ھەمراھلىرى بىلەن جالۇتنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرغىنىدەك. چۈنكى، (ئۆز ۋاقتىدا) تالۇتنىڭ ھەمراھلىرى جالۇتنىڭ سان ـ ساناقسىز قوشۇنلىرىنى ۋە بۇ قوشۇنلار ئىچىدىكى زور تەييارلىقلارنى كۆرگەندە، ئۇلار: ﴿**بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز، دېدى. (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا چىن ئىشىنىدىغانلار: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېدى. ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾**[2]. ئاللاھ خالىسا «سەۋر غارى»دا[3] پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگىنىدەك، پەقەت قورالسىز ۋە ئەسكەرسىز كىشىلەرگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كۇپپارلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (ئاللاھ رەسۇلى) ھەمراھىغا: غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە، دەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار. كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى**

[1] ئەنفال سۈرىسى، 9–10 ـ ئايەتلەر.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 249 – ئايەت.

[3] سەۋر غارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 622 ـ يىلى مەككىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندا، مەككە مۇشرىكلىرىدىن قېچىپ، سەپەردىشى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە يوشۇرۇنغان غار بولۇپ، ئۇلار شۇ غاردا ئۈچ كۈن تۇرغان، (ت).

**شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى. ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**[1].

ئىككىنچى قانۇنىيەت: ھەقىقەتەن ئاللاھ پەقەت ئۆز دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ قانۇنىدا شەرت ۋە ئۇ شەرتنىڭ جاۋابى بىلەن مۇنداق دېيىلىدۇ: **﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ)؛ (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾**[2].

ئەرەب تىلىدىكى كۈچەيتىش قوشۇمچىسى «ن» ۋە قەسەمنى ئىپادىلەيدىغان «ل» ھەرپلىرى بىلەن ئىنتايىن كۈچلۈك خەۋەر شەكلىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾**[3].

دەرۋەقە، ئاللاھقا ياردەم بېرىش ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش، ئۇنىڭ كەلىمىسى يەنى «لا إِلٰه إلاّ الله مُحمّدٌ رَسُوْلُ الله» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشقا تىرىشىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى مەخلۇقاتلار ئىچىدە كۈچكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. جانابى ئاللاھ يۇقىرىقى ئايەت كەرىمەنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆزىگە ياردەم بەرگۈچىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: **﴿(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا قايتىدۇ﴾**[4].

[1] تەۋبە سۈرىسى، 40 – ئايەت.

[2] مۇھەممەد سۈرىسى، 7 - ئايەت.

[3] ھەج سۈرىسى، 40 – ئايەت.

[4] ھەج سۈرىسى، 41 – ئايەت.

كىمكى ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشىنىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئەسكەرگە ئايلىنىدۇ - دە، ئۇنىڭغا ئاللاھ چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿**مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزگە تېگىشلىك بولدى**﴾[1] دېيىلگەن.

يەنە بىر ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئۆز قوشۇنىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر**﴾[2].

ئۈچىنچى قانۇنىيەت: ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرگە خاس بولغىنىدەك، مۇئمىنلەر بىلەنمۇ بولىدۇ. پۈتۈن ياردەم ئۇلار ئۈچۈن ھەم ئۇلار بىلەن بولغان ئىكەن، دېمەك، ئۇلار غەلىبە بايرىقى ۋە ياردەم ئۈسكۈنىلىرى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھ سېنى ئۆز ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىلىنى بىرلەشتۈردى**﴾[3].

ئاللاھ ياردەم بېرىشنى خالىغان كىشىگە خەندەك ۋە ھۇنەين غازاتلىرىدىكىدەك ئاسماندىن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىقمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن، دەپ ۋەھيي قىلدى**﴾[4]؛ ﴿**بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق**﴾[5]؛ ﴿**ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى**

[1] رۇم سۈرىسى، 47 – ئايەت.

[2] ساففات سۈرىسى، 173 – ئايەت.

[3] ئەنفال سۈرىسى، 62–63 – ئايەتلەر.

[4] ئەنفال سۈرىسى، 12 - ئايەت.

[5] ئەھزاب سۈرىسى، 9 – ئايەت.

**سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبىگە ئېرىشتىڭلار). ئاللاھ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى﴾**[1].

ئاللاھ تائالا يەنە ياردەم بېرىشنى خالىغان كىشىگە، خۇددى بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا يامغۇرنى رەھمەت قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگىنىدەك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىقمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**(تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى﴾**[2]. ياكى خەندەك غازىتىدا شامالنى كاپىرلارغا قارشى يۆزلەندۈرگىنىدەك، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىقمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ئۇلارغا قارشى بوران ئەۋەتتۇق**﴾[3].

ئاللاھ تائالا خۇددى «بەنى نەزىر ھادىسىسىگە ئوخشاش»، بىراۋنىڭ دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن؛ مەنىۋى جەھەتتىن مەغلۇپ قىلىش، ئىنسانيي خاراكتېرىنى يوقىتىش ۋە دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار. ئۇلار**

[1] تەۋبە سۈرىسى، 26 – ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى، 11 ئايەت.

[3] ھەزاب سۈرىسى، 9 – ئايەت.

**قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ (ئازابىدىن) توسۇپ قالالايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى**﴾[1].

لېكىن، بۇ ياردەم قورالللىرىنىڭ ھەممىسى ياردەم بېرىلگۈچىنىڭ مۇئمىن بولۇشىغا باغلىق. مەسىلەن، بەدرى غازىتىدا جۇشكەن پەرىشتىلەرگە جانابى ئاللاھ: ﴿**مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار**﴾[2] دېگەن بولسا؛ ئەھزاب غازىتىدا چۈشكەن پەرىشتىلەرگە: ﴿**مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى**﴾[3] دېگەن. شۇ چاغدا ئاللاھ كاپىرلارغا قارشى بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلغان. ھۇنەيىن غازىتىدا: ﴿**ئاندىن ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى**﴾[4] دېگەن.

بەنى نەزىر ئۇرۇشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇلار (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى) ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى**﴾[5].

[1] ھەشر سۈرىسى، 2 – ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 12 – ئايەت.
[3] ئەھزاب سۈرىسى، 11 – ئايەت.
[4] تەۋبە سۈرىسى، 26 – ئايەت.
[5] ھەشر سۈرىسى، 2 – ئايەت.

## ئىماننىڭ كۈچلۈك بولۇشقا ۋە پەرۋىش قىلىشقا بولغان ئېھتىياجى

ئاللاھنىڭ ياردىمى مۆئمىنلەرگە يار بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇنداقتا، بۇ مۆئمىنلەر ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلار زېمىندا يېتىشىدۇ. ئۇلار چۆل - باياۋاندا ئۆسۈپ چىقىدىغان ياكى پەرۋىشسىز مېۋە بېرىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئەمەس، بەلكى ئۆز غولى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، باراقسانلىشىپ، ھوسۇل بېرىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن يېيىشكە نېسىپ بولغانغا قەدەر، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا سۇغۇرۇش، ئوغۇتلاش ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھازىر، ھەقىقىي چىداملىق دېھقانغا موھتاج ئۆسۈملۈكلەردۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىبارەت تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

﴿**ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ. (مۆئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇپپارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر**﴾[1].

[1] فەتھ سۈرىسى، 29 – ئايەت.

# مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى

پۈتۈن ئۈممەتلەر ئىچىدە «غالىب ئەۋلادلار» دەپ ئاتىلىشقا لايىق يېڭى مۇئمىن - مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىز ئۈممەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامنى ساپ مەنبەلىرىدىن ئالىدىغان، كېرەكسىز ئارىلاشمىلاردىن ساپلاشتۇرۇپ، توغرا چۈشىنىدىغان ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش بۈگۈنكى ئاڭلىق مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلار ئەڭ مۇھىم بىلىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى خۇراپاتلار بىلەن بۇلغانغان، ئىبادەتلىرى بىدئەتلەر بىلەن بۇزۇلغان، ئەخلاقىنى ئەخلاقسىزلار مونوپۇل قىلىۋالغان، بىلىم نەزەرىيەسى تۇرغۇنلۇققا بەنت بولغان، شەكىلۋازلىق ۋە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىدىن ئىبارەت ئاساسسىز ئىشلار ئارىلىشىپ، ئارقىدا قالغان زامانلاردىكى ئىسلام ئەمەس، ھەقىقىي ئىسلام دىنى بولسا قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە چاقىرغان، ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك ساھابىلىرى ۋە خۇلەپائى راشىدىنلار (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە) ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتى يۈكسەلگەن زامانلاردىكى مەدەنىيەت ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان، مۇستەھكەم تۇتقۇسى بىلەن زېمىننى ئاسمانغا باغلاپ، دۇنياغا «دىن» ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، بىلىم بىلەن ھەقىقەتنى بىرلەشتۈرگەن، ئاۋۋالقى ئىسلامدۇر.

ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن توغرا ۋە كۈچلۈك، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي، كۆرەش ۋە تىرىشىش، ئومۇمىي ۋە تەڭپۇڭلۇق دىنىدۇر. ئىسلام دىنى، ھەر شەخس ۋە ھەر ئائىلىنىڭ شان-

شەرىپىنى قوغداشنى، جەمئىيەتتە ھەمكارلىقنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا كېڭىشىش ئىش قىلىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى، تەقسىماتتا ئادىل بولۇشنى، ھەرقانداق ھەق - ھوقۇقتا ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى ۋە ئۇنى قوغداشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنى ھەرقانداق شەخستىن پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىدا گاڭگىراش ۋە ھەيرانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ئىسلام ئۇنىڭ نىشانىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىرادىسىگە چەك قويۇپ، مېڭىش يولىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر**﴾[1].

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ھاكىمىيەتنى ھۆكۈمدارلارغا، دىننى ئاللاھقا بۆلۈپ بېرىپ، ھاياتىنى ئىككى ھۆكۈمدار ئارىسىدا تاشلاپ قويمايدۇ. چۈنكى، دۆلەت ھۆكۈمدارى ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر ماھىيەتتە يەككە - يېگانە ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ئىسلام دىنى دۈشمەنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان تەقدىردىمۇ، ئادىل بولۇشقا ۋە ھەققانىيلىققا چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. ئادىل بولۇڭلار. بۇ (يەنى ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار**﴾[2].

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا ھەرقانچە دۈشمەنلىك قىلغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنى ئۇلارغا ناھەق تاجاۋۇز قىلىپ، دۈشمەنلىك قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەم (زىيارىتى) دىن توسقانلىقىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ**

[1] ئەنئام سۈرىسى، 162 – ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى، 8 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن. ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾**[1].

ئىسلام دىنى چېكىدىن ئاشقان كاپىتالىستلارغا قارشى تۇرغىنىدەك نەيرەڭۋاز، دىنسىز كوممۇنىستلارغىمۇ قارشى تۇرىدۇ، ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشتىن توسقاندەك سىنىپىي كۆرەشچىلىكتىنىمۇ توسىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى چاچىدىغانلارنى ئەمەس، مېھىر ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى بىخلاندۇرىدىغان دىندارلارنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ھوقۇقدارلارنىڭ زۇلمىغا ۋە زومىگەرلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ھوقۇقدارلارغا: «زۇلۇم قىلما!» دېسە، پۇقرالارغا: «زۇلۇمغا تىز پۈكمەي، روھلۇق، ئەركىن ياشا!» دەيدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆز ۋاقتىدا «جىھادنىڭ ئەۋزىلى ھەرقانداق زالىم ئالدىدىمۇ قورقماي، دادىللىق بىلەن ھەقىقەتنى سۆزلىيەلىگەنلىك» دەپ كۆرسەتكەن ۋە مۇئمىنلەرگە دۇئالىرىدا: «ئى ئاللاھ! ئۆزلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، ئۆزلىرىگە تۇزكورلۇق قىلمايمىز، ئۆزلىرىگە باشتۇڭلۇق قىلغانلارنى تاشلاپ، ئۇلاردىن يىراق تۇرىمىز» دېيىشنى ئۆگەتكەن.

ئىسلام دىنى ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈك، زومىگەرلەردىن ھەققىنى ئېلىشىغا ياردەم قىلغىنىدەك، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي، سۈكۈتتە ئولتۇرغانلارنى جىھادقا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر؟﴾**[2].

تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار ئىسلامنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە

[1] مائىدە سۈرىسى، 8 - ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى، 75 – ئايەت.

چاقىرىدۇ؛ ئەقلىنى تېپىپ، قەلبىنى نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى تونۇيدۇ؛ ئۆتمۈشىنىمۇ، ھازىرىنىمۇ تونۇيدۇ؛ دوستىنىمۇ، دۈشمىنىنىمۇ تونۇيدۇ؛ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەت يولىنى نۇرلاندۇرىدىغان كىشىنىمۇ، نىشانىدىن ئازدۇرۇپ، توغرا يولدىن بۇرۇۋېتىدىغان ئادەم سۈرەت شەيتانلارنىمۇ تونۇيدۇ.

## قىز ـ ئوغۇل مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى

ئۇلار مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار، مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللار، ئىتائەتچان ئەر ۋە ئىتائەتچان ئاياللاردىن ئىبارەت ئەۋلادلاردۇر.

ئىسلام دىنىدا ئەر – ئايال بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان قىلىپ ياراتقان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: (سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن) دېگەن.

جانابى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ﴿**سەن ئايالىڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار!**﴾[1] دېگەن زاماندىن باشلاپ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھەمراھلىرىدۇر. ﴿**بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار**﴾[2] دېگەندىن باشلاپ ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى، ئەلەرگە ئوخشاش قىلغان ئىشىغا قاراپ جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن، ھەرقانداق ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن**﴾[3]. ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى توغرا يول ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاماندىن باشلاپ ئىسلامغا دەۋەت قىلىشىدا ۋە ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق يۈكسەلدۈرۈشتە ئاياللارنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك ھەسسىسى بار.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 35 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 35 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 195 – ئايەت.

ئىسلام دەۋىتى يېڭىدىن باشلانغان دەۋردىكى خۇۋەيلىدىنىڭ قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ تارىختىكى ئورنى، ئىسلام ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە تۇنجى شېھىت بولغان كىشى ھەزرىتى ياسىرنىڭ ئايالى (ئەممارنىڭ ئانىسى) ھەزرىتى سۇمەييەنىڭ ئورنى، ھىجرەت كۈنىدىكى ئىككى بەلباغ ئىگىسى ھەزرىتى ئەسمانىڭ ئورنى، ھۇنەيىن كۈنىدىكى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلىمەنىڭ ئورنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋە ھاياتىدىن كېيىنكى تارىختىكى شانلىق ئورنىنى ئۇنتالمايمىز.

ئىسلام تارىخىدا شۇنداق ئاياللار ئۆتكەنكى، ئۇلار ئوغۇللىرىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، شېھىت بولۇشقا ئۈندىسە، ئەرلىرىنى پىداكار بولۇپ، پۇل ـ ماللىرىنى جىھاد ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا ئۈندەيتتى. گېزى كەلگەندە ئۆزلىرىنى دۈشمەنگە ئوق قىلىپ بەللەپ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئاللاھ يولىغا ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىملار، قارىيلار، ھەدىس راۋىلىرى ۋە دىنىدا ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە نۇرغۇنلىغان ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار يىراقنى كۆرۈش بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھقا (يەنى ئۇنىڭ دىنىغا) دەۋەت قىلاتتى؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق شىجائەتلىك ئاياللار بولغانكى، مۇنبەر ئۈستىدىكى خەلىپىگىمۇ تۈزىتىش بېرەلەيتتى. دېمەك، ئۇلار ئەينى زاماندا جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىن جانلىق بىر پارچە بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلىگەن ئىدى: ﴿**مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش**

قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش رولى ۋە قايتىدىن ھەربكەتكە كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئاۋۋال ئۆزلىرىنى پاكلايدۇ، ئارقىدىن ئۆز تىپىدىن بولغان قىزلىرىغا يېتەكچى بولىدۇ. ئادەتتە، ئاياللار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ يېرىمىنى ياكى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. دەۋەت يولىدا ئەرلىرىگە ياردەملىشىپ، قىز - ئوغۇللىرىنى ياخشى ئىش قىلىشقا، ناچار ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

[1] تەۋبە سۈرىسى، 71 – ئايەت.

# بۇ ئەۋلادلارنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئالامىتى

قۇرئان كەرىمنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئويلاپ كۆرگەن كىشىلەرگە بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئالامىتى ۋە سۈپەتلىرى ھەرگىز مەخپىي قالمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان كىشىلەر كۆپلىگەن سۈرە ۋە ئايەتلەردە ئۇلارغا ئالاقىدار سۈپەتلەرنى ئۇچرىتىدۇ. مەسىلەن، سۈرە ئەئرافتىكى: ﴿**بىز ياراتقان ئۇممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۇممەت بار**﴾[1] دېگەن ئايەتتە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى، يولى ۋە ئوبيېكتى ھەقىقەتتۇر. ئۇلار ھەقىقەت نۇرى بىلەن توغرا يول تېپىپ، كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرىدۇ، ھەقىقانىي ۋە ئادىل ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە مائىدىدە مۇئمىنلەرگە شۇنداق كىشىلەر بىلەن بېشارەت بېرىپ، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاخىر زاماندىكى مۇرتەدلەر (يەنى دىنىدىن يېنىۋالغۇچىلار) غا قارشى ساقلاپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش) ئاللاھنىڭ**

[1] ئەئراف سۈرىسى، 181 – ئايەت.

HAK HAKSEVER

**پەزلىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر. (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾[1].

مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە روشەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دوستلۇقنى ئاللاھ بىلەن ئورنىتىدۇ؛ مۆئمىنلەرگە مېھرىبان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز كېلىدۇ؛ جىھاد ئاللاھ يولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەقىقەتنى ياقىلاپ، شەخسىي غەرەزدىن تامامەن پاك ھالدا جىھاد قىلىدۇ؛ خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ؛ نەسىھەت قىلىش يولىدا ھەرقانداق مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ.

سۈرە تەۋبىدە ئۇلارنىڭ بۇ خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىنى مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر بايان قىلىنغان. مۇناپىقلار باتىلنى دوست تۇتۇشتا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشاپ قالىدۇ: ﴿**مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ، ھەقىقەت يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلمايدۇ)**﴾[2].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۆئمىنلەرنىڭ مەزكۇر مۇناپىقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت**

[1] مائىدە سۈرىسى، 54 – ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى، 67 – ئايەت.

**بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**[1].

ئاللاھ ئۆزىنىڭ روشەن بايان كىتابىدىكى «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ بېشىدا توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققۇچى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. يەنە شۇ سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكلەن ئەمەس، ھەقىقىي، چىن ۋە ساپ قەلبى بىلەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: **﴿ئەنە شۇلار (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾**[2].

ئۇلارنى «مۇئمىن» سۈرىسىنىڭ بېشىدا «جەننەتۇل پىردەۋسنىڭ ۋارىسلىرى» دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، «فۇرقان» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا «راھمان تائالاغا ئىبادەت قىلغۇچىلار» دەپ سۈپەتلىگەن ۋە «رەئد» سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئەقىل ئىگىلىرى» دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: **﴿(ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾**[3].

ئاللاھ «ھۇجۇرات» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا پەرۋەردىگارى يولىدا مال ـ مۈلكىنى چىقىم قىلمىغان، ئەمەلىيىتى يوق، قۇرۇق دەۋاگەر بولۇپ، ئىماندا شەكلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەئرابىيلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر﴾**[4]. بەلكى، قۇرئان كەرىمنى ئېچىپ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ كۆرگەن كىشىگە جانابى ئاللاھ: **﴿ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾**[5]

[1] تەۋبە سۈرىسى، 71 – ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 177 – ئايەت.

[3] رەئد سۈرىسى، 19 - ئايەت.

[4] ھۇجۇرات سۈرىسى، 15 – ئايەت.

[5] فاتىھە سۈرىسى، 4 – ئايەت.

دېگەن بۇ يولنى بويلاپ ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى ۋە شان ـ شەرىپىگە لايىق ئاللاھىدە سۈپەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەۋلادلار ھەقىقىي تەۋھىد ئىگىلىرى بولۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىغا يېلىنمايدۇ، بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەمىشە ئاللاھتىن تىلەيدىغىنى ئۇلارنى غەزەپ قىلىنغان (يەھۇدىي) ۋە ئېزىپ كەتكەن (ناسارالار) نىڭ يولىدىن يىراق قىلىپ، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلار، سالىھ ۋە ياخشىلارغا ئىنئام قىلىنغان «صِرَاطَ الْمُسْتَقِيْمِ» (يەنى توغرا يول) غا يېتەكلىشىدۇر. چۈنكى، بۇ يول يەھۇدىي ۋە ناسارالار ماڭغان يولدىن ئاللاھىدە ۋە پەرقلىق يولدۇر. ئۇلار «توغرا يولغا» يېتەكلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشقا تامامەن لايىق كىشىلەردۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننىتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولغان، سۆزلىرىنى قىسمەن بولسىمۇ ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ھەرقانداق كىشى گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلار تېخى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن كۆرۈپ، ئۇلارنى تەرىپلەپ، ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن خەۋەر بەرگىنىدەك، زۇلمەتتىن خالىي قەلب كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئېنىق تونۇيالايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھالاك بولىدىغان 73 پىرقە ئارىسىدىكى «نىجات تاپقۇچى» بىر پىرقىنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇلار ئىت ئىگىسىگە ئەگىشىۋالغاندەك ئۆز خاھىشىغا ئەگەشمەيدۇ، ياچاقتىن چىقىپ كەتكەن ئوقتەك دىنىدىن تېز چىقىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ماڭغان يولدىن ماڭىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدىكى، ئۇ مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشەنچلىك پادىچىلار ئۆز

پادىسىنى ئاسىرىغىنىدەك، ئۆزلىرى مىراس ئالغان ۋەزىپىلىرىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاسرايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزلىرى مىراس ئالغان ئامانەتنى جايىدا ساقلىمىغانلارنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ﴿**تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتەرمىگەنلەر (يەنى ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ**﴾[1]. چۈنكى، ئۇلار «ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى (يەنى ئۆز كىتابىنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى) ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئايەتلەردىن ئۆزىنى تارتقان ئىدى» دەپ بايان قىلغان يەھۇدىيلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان، بەلكى ئۆز مىراسىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى، روشەنلىكىنى، ئورتاقلىقىنى ۋە ئومۇمىيلىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ ئۆزگەرتمىسىنى ۋە ناتوغرا ئەقىدىلىرىنى، جاھىل ۋە بىلىمسىزلەرنىڭ تەئۋىللىرىنى يىقىتىدىغان «ھەققانىيەتچى ئىزباسارلار»دۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەمراھلىرى بولغىنىدەك، كېيىنكى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ ھەمراھلىرى بار بولۇپ، ئۇ «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قېرىنداشلىرى» (يەنى ئۆز قېرىنداشلىرى) نى كۆرگەن، ئۇلارنى سېغىنغان ۋە ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ: «مەن قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟!» دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن: «سىلەر مېنىڭ ھەمراھلىرىم، ئەمما قېرىنداشلىرىم بۇندىن كېيىن كېلىدىغان قەۋمدۇر» دېگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زايە بولۇپ كەتكەن سۈننەتلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان، بۇرمىلانغانلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان «غۇربەت»تە قالغانلارنى كۆرگەن. ئەنە شۇ غېرىبلارغا مۇبارەك بولسۇن!

[1] جۇمە سۈرىسى، 5 – ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىدىغان «كىشىنى ئەجەبلەندۈرەرلىك ئىمانلىق كىشىلەر»نى كۆرگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە دىنىنى زايە قىلغۇچى ۋە زايە قىلدۇرغۇچىلار ئارىسىدىكى پىتنە - پاساتلىق كۈنلەردە، قاتتىق بېسىم ئاستىدا، ياردەمسىز تۇرۇپمۇ «يالقۇنجاپ تۇرغان چوغنى تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشاش دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇچىلار»نى كۆرگەن. شۇڭا، ئۇلارغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئۇرلانىڭ ئىچىدە سەپسەتىچىلەر بىلەن بىدئەتكە چاقىرغۇچىلار ئارىسىدا «ھەقىقەتنى ئاساس قىلىپ تۇرغۇچى بىر جامائەت»نى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن سەل قارىغۇچىلار ئارىسىدا نورماللىقنى ساقلاپ تۇرغۇچىلارنى، غەزەپ قىلىنغان (يەھۇدىيلار) بىلەن ئېزىپ كەتكەن (ناسارالار) ئارىسىدا «توغرا يول»دا ماڭغۇچىلارنى كۆرگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنى يېڭىپ، پەلەستىننى ئازاد قىلىدىغان، پۈتۈن مەۋجۇدات ھەتتاكى ياغاچ - تاشلارمۇ شۇلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ مەدەت بېرىدىغان، شۇنىڭدەك ئۇلارغا دۈشمەنلىرىنى: «ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر!» دەپ ئۆزلىرىگە خاس ئىشارەتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان، غالىب ئەۋلادلارنى كۆرگەن.

# ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي نەزەرىيەگە ئىشەنگۈچى ئەۋلادلار

بۇ ئەۋلادلار قارىغۇلارچە ئىشلەشنى تاشلايدۇ، سۈرەلمىلىكنى تۈگىتىدۇ. مەۋھۇم خىياللارغا ئەمەس، ھەقىقەتكە ئەگىشىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە تۇرۇپمۇ، ھامان بىر كۈنى ئاسمانغا ئۆرلەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ. سۇسىز سۇ ئۈزىدىغان، قاناتسىز كۆكتە ئۇچىدىغان تەلۋىلىك ۋە شېرىن چۈشلەر بىلەن ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇ - ئارمانلارنى قوغلاشمايدۇ. ئۇلار تولىمۇ ئۈمىدۋار ياشلاردۇر، لېكىن ھەر زامان نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدۇ. چۈش ساھەلىرىگە نەزەر سالىدۇ، ئەمما دېڭىزنىڭ ئۆركەشلەپ، قاتتىق دولقۇنلىنىشىنى، كېيىن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق شامال قوزغىلىشىنى كۈتىدۇ. ئۇلار زامانىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، دەۋرنىڭ قودۇقا تاشلانغان سوغىغا ئوخشاش ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. زامانىنىڭ داۋاملىق بىر رىتىمدا داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، يەنە بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)**﴾[1].

بۇ ئەۋلادلار ئەمەلىيەتچىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، قۇرۇقلۇقتا سۇ ئۈزمەيدۇ، دېڭىزغا زىرائەت تېرىمايدۇ، خىيال يىپلىرىدا گىلەم توقۇمايدۇ، قۇم ئۈستىگە قەسىر سالمايدۇ.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 140 - ئايەت.

ئۇلار ئاللاھتىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، رەھمىتىدىن نائۈمىد بولمايدۇ، قۇدرىتى ئىلاھىيىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى تونۇيدۇ، ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن نەتىجە كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتمەيدۇ، چامى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ، چىقىشنى بىلمەي تۇرۇپ خالتا كوچىغا ماڭمايدۇ. ئۇلار بىر شائىر مۇنۇ شېئىردا تەسۋىرلىگەندەك كىشىلەردۇر:

ئارتۇق كىشى ھىممەتتە ئۇ، ئۆلسىمۇ ئەگەر ئۇسسۇزلۇقتىن،

بىلمەي تۇرۇپ چىقىشنى ئۇ، بىر تامچە سۇغا بولماس يېقىن.

ئۇلار ئاللاھنىڭ شەرئىي قانۇنلىرىغا قانداق رىئايە قىلغان بولسا، كائىناتتىكى تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىگىمۇ شۇنداق رىئايە قىلىدۇ. نەپسىنى تىزگىنلەپ، سالغان ئۇرۇق بىخلىنىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ياپراق چىقىرىپ، چېچەكلەپ، مېۋە بېرىپ، مېۋىلەر پىشىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن يېيىشكە نېسىپ بولغانغا قەدەر چىرايلىقچە سەۋر قىلىدۇ.

ئۇلار ئىلىمگە ئىشىنىدۇ، ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ، پاكىتقا بويسۇنىدۇ، خۇراپاتلىقنى رەت قىلىدۇ، گۇمانغا ئەگەشمەيدۇ، ئۆزىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئۇرمايدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتىن تەپەككۇر قىلىشنى پەرز، (كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئۈستىدە) چوڭقۇر ئويلىنىپ، مۇلاھىزە قىلىشنى ئىبادەت، ئىلىم ئۆگىنىشنى جىھاد، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دەپلا بىر قىسىم خاتا ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشنى جاھىللىق ۋە ئازغۇنلۇق، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى توغرا ئەمەس دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن تەپەككۇر قىلىدۇ، ئىشلەشتىن بۇرۇن ئۆگىنىدۇ، ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن دەلىل ئىزدەيدۇ، ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن پىلان تۈزىدۇ، پاكىتسىز ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمايدۇ، دەلىل ـ ئىسپاتسىز دەۋا قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ: ﴿**راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!**﴾[1]؛

[1] . ئەنئام سۈرىسى، 143 – ئايەت.

**﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار!﴾**[1]؛ **﴿ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دېگىن!﴾**[2] دېگەن ئايەتلەرنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ئەنئام سۈرىسى، 148 - ئايەت

[2] بەقەرە سۈرىسى، 111 – ئايەت.

## پائالىيەتچان ۋە جامائەتپەرۋەر ئەۋلادلار

ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان - شەرەپلىك ئىش - ئىزلىرىنى ناخشا قىلىپ تووۋلاپ، ھازىرقى مەغلۇبىيىتىگە قاقشاپ، «ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش!» دەپ ئولتۇرمايدۇ... ئۇلار ھەرقانداق غەلىبىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان - شەرىپىگە پەخىرلىنىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئەمەس، چىقىم بىلەن، بەدەل بىلەن؛ قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن؛ سەل قاراپ سۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەمەس، جىددىي ئىشلەش بىلەن؛ بۇزۇش بىلەن ئەمەس، تۈزەش بىلەن؛ ۋارقىراپ - جارقىراش بىلەن ئەمەس، يېتەكچى بولۇپ ئىشلەش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەقىقىي ئىماننى ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتتە ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىش قىلىش ئۈچۈنلا ياراتقان ئەمەس، بەلكى: (ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئىش - ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن...) ياراتقان. شۇڭلاشقا، (ئىسلام دىنىدا) ئىشلەش پەرز، ئىشلىگەندە راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ياخشى ئىشلەش ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىش جىھاد دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا ۋە قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك پات يېقىندا پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئىشلىشى لازىم.

ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە بىردەك، بىر گەۋدە بولۇپ ئىشلەشنىڭ «ئىسلام دىنى» تەلەپ قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان زۆرۈر پەرزلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز قىلغان ئىسلاھاتى ھەرقانچە سىستېمىلىق ۋە جانلىق بولسىمۇ، يەنىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇ ۋەزىپە پەقەت كوللېكتىپ ھالەتتە قىلغاندىلا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن ئۆزلىرىگە بۇيرۇغان ئەمىر - پەرمانلارنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە: (ئى مۆئمىنلەر!) دەپ كەلگەنلىكىدىن كوللېكتىپچانلىقنى ئۆگىنىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتا ۋە توسقىنىدىن يېنىشتا ھەممەيلەننىڭ ئورتاقلىقىنى سېزىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن؛ ھەر نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغاندا: ﴿**رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن**﴾[1] دېگەن دۇئانى قايتا - قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن پەرۋەردىگارى بىلەن جامائەت شەكلىدە سىردىشىشنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزى جامائەتتىن خالىي، تەنھا بولسىمۇ، تاكى قەلبىدە جامائەتچىلىك ئۇرۇقى بىخلانغانغا قەدەر تىلىدا جامائەتچىلىكنى تەكتىلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىنى ئۇممەتنى يولىدا قۇربان قىلىپ، «مەن»نىڭ ئورنىغا «بىز» دەپ ياشايدۇ.

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىپ، قەتئىي بۆلۈنمەسلىكنى، تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشنى، بىر - بىرىگە ھەقنى ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشنى، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ ھالاك بولۇپ كەتكەن بۇرۇنقى ئۇممەتلەردەك ئىختىلاپلاشماسلىقنى، ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىنى خورىتىپ، ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ ئولتۇرماسلىقنى ئۆگىنىدۇ.

[1] فاتىھە سۈرىسى، 4 – ئايەت.

شۇنداق، ئاللاھ ئۇلارغا دىنىنى، تارىخىنى ۋە ھەقىقەتنى ئۆگەتتى. ئازلار قېرىنداشلىرى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، ئاجىزلار جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇش ئارقىلىق كۈچىيىدۇ. بىر قولدىن چاۋاك چىقمىغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭمۇ ئاۋازى يۇقىرى چىقمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قولى جامائەت ئۈستىدە بولىدۇ. چوقۇم توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ. سانى ئاز كىشىلەر بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلاشسا، كۈچىيىپ، سان تۆپەيلى كېلىپ چىققان ئاجىزلىققا خاتىمە بېرەلەيدۇ. ئايرىلىردا ئىختىلاپ بولغانلار سان جەھەتتە ھەرقانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاجىزلىشىپ، ۋاقتى كەلگەندە سانىنىڭ كۆپلۈكى بىر تىيىنغا يارىمايدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئازادلىقىنى، بىرلىكىنى، گۈللىنىشىنى، يۈكسىلىشىنى، ئاۋانگارت ئۇممەتلەردىن بولۇشىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ھۆكۈمران بولۇپ، ئاندىن باشقا يەرلەردە ئىجرا قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بۈيۈك غايىسى ئەمەلىيەتچان جامائەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىسىز ئەمەلگە ئېشىشى تولىمۇ يىراق، بەلكى مۇمكىن ئەمەس. ۋاجىپنىڭ تاماملىنىشى نېمىگە باغلىق بولسا، شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ ۋاجىپتۇر. (يەنى ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات، ئىسلامىي ھاكىمىيەت، ئىسلامىي تۈزۈم بىلەن ياشىشى ۋاجىپ. ئەمما، بۇ ئىش بىر ياكى بىرنەچچەيلەننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. بەلكى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىش ھەقىقىي پائالىيەتچان جامائەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئىسلامىي دۆلەتتە، ئىسلامىي تۈزۈم ئىچىدە، ئىسلامىي جەمئىيەتتە، ئىسلامىي ئائىلىدە، ئىسلامىي ھاياتتا ياشاشنى خالايمەن دەيدىغان ھەرقانداق شەخسنىڭ چوقۇم جامائەت بولۇپ ياشىشى ۋاجىپتۇر).

ئۇلار باتىل تەرەپدارلىرى باتىلنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىكەن، ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنىڭمۇ چوقۇم ھەقىقەت ئەتراپىغا

ئۇيۇشۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار پاراۋان كۈنلەردە ئۆزلىرىنى سېپىدىن چىقىرىۋەتكەن كىشىلەرگە بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا، (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەتنى) «ھەممەيلەننىڭ مۇسىبىتى» دەپ قاراپ، شۇلارغىمۇ ھېسداشلىق قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغۋار كۈرەشلەر ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا پىكرىي ئىختىلاپ ۋە خىلمۇخىل ئىقىم مەسىلىلىرىنى تاشلاپ، بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆز يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جەڭ قىلغانلارنى (يەنى جىھاد مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا، مەۋقەسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن خىشلاردەك بىرلىشىپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ**﴾[1].

چېچىلاڭغۇ خىشلار ھەرقانچە كۆپ بولسۇن ياكى ھەرقانچە پىششىق بولسۇن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۇرمەي تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بىنا قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى سىزىلغان لايىھە، قائىدە ۋە سىستېمىلارغا ئۇيغۇن ھالدا بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ، رەتلىك ھالدا، بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھەقىقەت ئىزدەپ، باتىلنى رەت قىلىدىغان؛ گۈزەل ئەخلاقتا چاقىرىپ، بۇزۇقچىلىقنى خالىمايدىغان؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان كىشىلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئىزدەيدۇ ۋە قوللىرىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا قويۇپ، چېچىلاڭغۇ خىشلاردىن مۇستەھكەم تاملار، مۇستەھكەم تاملاردىن يۈكسەك بىنالار، يۈكسەك بىنالاردىن گۈللەنگەن شەھەر قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچىنى بىرلەشتۈرىدۇ؛ ھەر زامان پائالىيەتچان جامائەت يولىدا يۈرۈپ، راستچىللىق بىلەن ئىشلەيدۇ؛ مەيلى قىيىنچىلىقلاردا بولسۇن ياكى ئاسانچىلىقلاردا بولسۇن ھېچقاچان توختاپ قالماي،

[1] سەف سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.

سەۋرچانلىق بىلەن ھەققانىيەت ئىزدەيدۇ؛ ياخشى - يامان كۈنلەردە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەملىشىشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ، چۈنكى مۇئمىن خۇددى مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاش بىر - بىرىنى چىڭىتىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## بارلىقنى ئاللاھقا ئاتىغان ئىخلاسمەن ئەۋلادلار

بارلىقنى ئاللاھقا ئاتىغان ئىخلاسمەن ئەۋلادلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، دۇنيادا تۇرۇپ ئاخىرەت ئەھلىنىڭ قەلبى بىلەن ياشايدۇ، زېمىندا تۇرۇپ ھېچ سايە يوق كۈندە يەتتە تۈرلۈك ئادەم سايىدايدىغان پەرۋەردىگارنىڭ ئەرشىسىگە تەلپۈنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلغان ھالدا، يوللىرىنى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتىدۇ، دىللىرىنى ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ياشنىتىپ، داۋاملىق ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، پۈتۈن ئەزالىرىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە ئاتلاندۇرىدۇ، ھەر ئىشتا دائىم ئاللاھ تەرىپىگە قايتىدۇ، ئاللاھقا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە بويۇن ئىگىدۇ، ياردەمنى ئاللاھتىن تىلەپ، ئۇنىڭغا سىغىنىدۇ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان نۇرىغا پۈركۈنىدۇ.

ئۇلار پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ، باشقىلارغا بىر نەرسە بېرىشتە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بېرىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن توسىدۇ، باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە ئاللاھ ئۈچۈن ئىناق ئۆتىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلىشىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەر ئىشتا ئاساسي پىرىنسىپى ۋە ئالىي غايىسى ئاللاھتۇر. (ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر)، (ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر).

ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز دىنىغا خاس قىلغىنىدەك ئۇلارمۇ

«دىن»نى ئاللاھقا خاس قىلىپ، «ئىخلاسمەنلەر» (يەنى ھەر ئىشتا سەمىمىيلىك بىلەن خالىس ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغانلار) ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت يېگانە بىر ئاللاھ ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ: ﴿**(ئېيتقىنكى) مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (يەنى دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر**﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ئىنسانلار پۇل - مالغا، نام - ئابرۇيغا ۋە ھوقۇق - مەنسەپكە ھېرىسمەن بولۇش، (ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن) جىنسىي مۇناسىۋەتكە بېرىلىش ۋە دۇنيا چىمپىيونلۇق لوڭقىسىغا ئېرىشىشنىڭ كويىدا پايپېتەك بولۇشتەك خىلمۇخىل غايە - نىشانلارغا ئىنتىلىپ ياشايدىغان بۇ ھاياتىي دۇنيادا ئۇلار يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىشنى خالىمايدۇ؛ يۈز - ئابرۇي، مال - مۈلۈككە قىزىقمايدۇ؛ شۆھرەتكە ۋە ھەۋەسكە بېرىلمەيدۇ، دۇئالىرىدا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! دۇنيانى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە ئىلمىمىزنىڭ غايىسى قىلىپ قويمىغىن!» دەپ تىلەيدۇ.

ئۇلار مال - دۇنيانى قوللىرىدا تۇتىدۇ يۇ، دىللىرىغا كىرگۈزمەيدۇ. مال - دۇنيانى پەقەت پەرۋەردىگارىنىڭ ئامانىتى دەپ بىلىدۇكى، ھەرگىز ھەممىگە قادىر ئىلاھ تىكلىشنى ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىلىدىغىنى ئاخىرەت، غايىسى ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش، ھەرقانداق نەرسىنى ئاللاھتىن تۆۋەن كۆرۈش، باغۇبوستانلارنى ئېزىتقۇ، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنى تۇپراق دەپ قاراشتۇر.

[1] ئەنئام سۈرىسى، 162-163 - ئايەت.

ئۇلارنىڭ قەلبى تەۋھىد بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىشقا، ھۆكۈمدار تىكلەشكە ۋە دوست تۇتۇشقا رازى بولمايدۇ؛ ھاياتىدىكى پۈتۈن بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، يالغان - ياۋىداق، ساختا ئىلاھلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، قەلبى ۋە ئەقلىنى ئاللاھ كەلىمىسىدىن باشقىسىغا ئەگمىگەندەك، بېشىنىمۇ ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باشقىسىغا ئەگمەيدۇ؛ پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىپ: (ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز) دېگەن دۇئالىرىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمدىن ياردەم سورىمايدۇ؛ ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ياكى ئاللاھقا باشقا بىرەر نەرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزىنى قۇتقازغىنىدەك، نەپسىگە ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىگە چوقۇنۇشتىنمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى، يەر يۈزىدە چوقۇنۇلۇۋاتقان مەبۇدلارنىڭ ئەڭ يامىنى ھاۋايى - ھەۋەستۇر. ئۇلار بۇت، مەۋھۇم خىيال، ھاۋايى - ھەۋەس، تەبىئەت، مەشھۇر شەخسلەر ياكى «شەيتان» كۆرۈنۈشىدىكى ھەرقانداق نەرسىگە چوقۇنمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنىڭ: ﴿**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتقا (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا چوقۇنۇشتىن) يىراق بولۇڭلار**﴾[1] دېگەن چاقىرىقىنى دىللىرىدا ساقلايدۇ، ئازغۇنلۇق يوللىرىدىن توغرا يولنى ئايرىۋالالايدۇ، مەبۇد قىلىپ تىكلەنگەن ھەرقانداق نەرسىنى تاشلاپ، بىر ئاللاھقىلا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەڭگۇ ئۈزۈلمەيدىغان مۇستەھكەم تۇتقۇسىغا ئېسىلىدۇ.

[1] نەھل سۈرىسى، 36 - ئايەت.

# ئىسلامىي ئەۋلادلار

ئۇلارنىڭ مىللىتى، نەسەبى ياكى خاراكتېرى سورالسا، ئۇلار پەقەت «مۇسۇلمان». ئۇلار ئىسىم، لەقەم، مىراسخورلۇق ياكى شارائىت تۈپەيلى «مۇسۇلمان» ئاتىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئىسلام ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئىسلامنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق «مۇسۇلمان» ئاتالغان. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىسلامغا پاكىت ئارقىلىق ئىشىنىدۇ، جاھىلىيەتنى تونۇپ رەت قىلىدۇ، ئەقىل كۆزى بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ئىلىم ئارقىلىق ھەرقانداق تاغۇتقا بوي ئەگمەيدۇ.

ئۇلار ئىسلام دىنىدىن باشقىسىنى خالىمايدۇ، ئىسلام تۈزۈمىدىن باشقىسىغا رازى بولمايدۇ، باشقا قانۇنلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ دىنى بولۇشقا ئاللاھ رازى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئىسلام دىنى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمىتىنى تاماملىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئىسلام دىنىغا رازى بولمىسۇن؟ بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا رازى بولدۇم**﴾[1]؛ ﴿**كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى ئىزدەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر**﴾[2]؛ ﴿**(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا:**

[1] مائىدە سۈرىسى، 3 – ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 85 – ئايەت.

**ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، دېيىشلىرى كېرەك﴿**[1].

ئۇلار تاغۇتنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلسا، باش تارتىپ قوبۇل قىلمايدۇ، شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە ئەگىشىشنى تامامەن رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرى مۇبارەك دەرەختىن چىقىرىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپمۇ ئەمەس، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ﴿**[2].

ئۇلار كاپىتالىزمنىڭ زومىگەرلىكىنى، كوممۇنىزمنىڭ زۇلمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار نە ئوڭچىللىقتا، نە سولچىللىقتا ئېغىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ مەۋقەسى مۇقىم بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئوخشىمىغان تەرەپلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ھالىلىقتۇر.

ئۇلار ھېچقانداق بىرەر شەخس، تەبىقە، پارتىيە ياكى تۈزۈم ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىسلام ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ، ئىسلام ئۈممىتىدىن باشقىسىنى دوست تۇتمايدۇ، پەقەت شۇلارنىلا دوست تۇتىدۇ. ئۇلارمۇ ئىسلام ئۈممىتىدىن، ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئۇلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پەقەت ئىسلام ئۈممىتىگىلا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، دائىم ئىسلام ئۈممىتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، شۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر)، ئاللاھنىڭ جامائەسى ئەلۋەتتە غالىبتۇر﴿**[3]. دېمەك، ئۇلار رەھمان تائالادىن باشقىسىغا مەنسۇپ بولمايدۇ.

ئۇلار پەقەت ئاللاھنى دەپ ئەمەل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈنلا قەدىرلىنىدۇ، قۇرئاندىن باشقىسىغا قانائەت قىلمايدۇ،

[1] نۇر سۈرىسى، 51 - ئايەت.

[2] نۇر سۈرىسى، 35 – ئايەت.

[3] مائىدە سۈرىسى، 56 – ئايەت.

ئىسلامدىن باشقىسى بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شوئارى مۇنۇ بېيىتتا ئېيتىلغاندەكتۇر:

«باشقىلار قەيس قەبىلىسى ياكى تەمىم قەبىلىسىگە مەنسۇپلۇقى بىلەن پەخىرلەنسە، مەن ئىسلامغا مەنسۇپلۇقۇم بىلەن پەخىرلىنىمەن».

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## دەۋەتچى ۋە جىھادچى ئەۋلادلار

دەۋەتچى ۋە جىھاد قىلغۇچى ئەۋلادلارنىڭ يولى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ساھابە كىراملارنىڭ يولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ يولىدىن ماڭىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دۈشمەننى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلغىنىدەك، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەنمۇ جىھاد قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر جىھاد يەنە بىر جىھادتىن، بىر ساھە يەنە بىر ساھەدىن توسۇپ قويمايدۇ. ئۇلار دائىم يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشلەردە بولۇپ، ئىچكى بۇزغۇنچىلىق ۋە تاشقى كاپىرلىقتا قارشى كۈرەشنى ئۇزۇپ قويمايدۇ. ئاۋۋال ئافغانىستانغا، ئاندىن چېچىنىستان مۇسۇلمانلىرىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان قىزىل كوممۇنىستلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان نۇرغۇن ئەرەبلەرنى؛ پاكىستانلىق تۇرۇپ پەلەستىنىدە ياكى لىۋاندا قارا يەھۇدىي ئۇرۇشىغا قارشى جىھاد قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرىسىز. دېمەك، پۈتۈن ئاللاھنىڭ زېمىنى ئۇلارنىڭ زېمىنىدۇر، پۈتۈن ئىسلام دىيارلىرى ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدۇر. جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**كاپىرلار بىر ـ بىرىنىڭ دوستلىرىدۇر**﴾[1] دېگەن سۆزى بويىچە، پۈتۈن كاپىرلار بىر مىللەت بولغىنىدەك؛ ﴿**مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر**﴾[2] دېگەن سۆزى بويىچە، پۈتۈن مۇئمىنلەرمۇ ئۆزئارا قېرىنداشتۇر.

ئۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە، پۈتۈن قورال ـ ياراغلىرى

[1] ئەنفال سۈرىسى، 73 – ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى، 71 – ئايەت.

بىلەن ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىدۇ، گېزى كەلگەندە ئېغىر زەمبىرەكلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جىھاد قىلىدۇ، مالغا ئېھتىياجلىق بەزى جىھادلاردا مال - مۈلكى بىلەن جىھاد قىلىدۇ، چۈنكى جىھاد ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە مال - مۈلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ئادەم ئاللاھ يولىدا بىر مۇجاھىدنى جابدۇسا (يەنى بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۇرۇش چىقىملىرىنى تەق قىلىپ، ئۇرۇشقا يولغا سالغان بولسا)، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار**﴾[1].

ئۇلار ھەقىقەتنى سۆزلەپ، باتىلنى بەربات قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، تىللىرىدا ھەقىقەتنى سۆزلەش ئارقىلىق ياكى ئاڭلىتىش ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. تىلى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە، قۇرئان بىلەن جىھاد قىلىشقا سۇسلۇق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بايان قىلغىنىدەك قۇرئان كەرىم بۈيۈك جىھاد قورالىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ) بار كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن**﴾[2].

ئۇلار ئۆزلىرىنىمۇ بەكرەك دىنىنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن دىن ئالدىدا دۇنيا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلار دىنىغا بولغان ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەپ، دىنى ئۈچۈن جان ۋە ماللىرىدىن ۋاز كېچىشكىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى گۈزەل بىر نازىنىن بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسا، ئۇ گۈزەلنىڭ تويلۇقى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ ئادەمگە ھېچقانچە بىلىنمەيدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەنگەن ھەرقانداق بەدەل ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

[1] تەۋبە سۈرىسى، 41 – ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى، 52 – ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى سېتىۋالدى، ئۇلارمۇ خۇشاللىق بىلەن سېتىپ بەردى. ئۇلار پەرۋەردىگارى بىلەن سودىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئېھسان - مەرھەمىتىدىن بىزنىڭ تۆلىگەن بەدىلىمىز ئېشىپ كەتتى دېمىدى، قىلغان سودىسىدىن پۇشايمانمۇ قىلمىدى. بەلكى ئۇلار (قىلغان سودىسىدىن) رازى بولۇپ، پۇل - ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلدى. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ، شېھىت بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ھېچكىم يوق). شۇڭا، قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئالاقىدار) بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: **«(كۆزلىگەن مەنزىلگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالماسلىقتىن) قورققان ئادەم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يولغا چىقتى. كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە يولغا چىققان ئادەم مەنزىلگە يېتىپ باردى. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ مېلى قىممەتتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ قىممەتلىك مېلى (بۈيۈك) جەننەتتۇر»**[2]. يەنى ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان ئادەم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ئالدىرايدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ئالدىرىغان ئادەم جانابى ئاللاھنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، بۈيۈك نېمىتى بولغان جەننەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار تىجارەت قىلىپ، قىلغان تىجارىتىدە قىلچە زىيان

[1] تەۋبە سۈرىسى، 111 – ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

تارتىپ باقمىغان تىجارەتچىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشاللىقتا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئىمان ۋە جىھاد تىجارىتىدۇر. ئۇلارنىڭ تىجارەت بازارلىرى جەڭ ئورنى ۋە جىھاد مەيدانىدۇر، سەرمايىلىرى ۋاقتى ۋە ئۆمرىدۇر، ئالىدىغان پايدىسى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتتۇر.

ئۇلار تەرەپ - تەرەپتە يامراۋاتقان جاھىلىيەتنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىگە بولغان غەيۇرلۇقى تۈپەيلى قەلبلىرى خۇددى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازاندەك قايناپ كېتىدۇ، بەلكى سۇدا ئېرىپ كېتىۋاتقان تۇزدەك ئېرىپ كېتىدۇ. مۇئمىن كىشىگە باتىلنى بازار تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەقىقەتكە زەربە بېرىشتىنمۇ، تاغۇت كەلىمىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يوشۇرۇشتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك.

ھەقىقەتەن ئۇلاردىن باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىدىن باشقا ھەرقانداق غەم - ئەندىشىدىن خالىي ياشايدۇ؛ ئەمما، ئۇلار ياتسا - قوپسا بىر ئوكياندىن يەنە بىر ئوكيانغىچە بولغان پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غەم - قايغۇلىرى بىلەن ياشايدۇ. بۇ غەم - قايغۇلار ئۇلارنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەندىشىلەر ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى داغلايدۇ.

ئۇلار ئاۋۋال دىنىنى، ئاندىن دۇنيالىقىنى ئويلايدۇ، ھەممىسى ئۈممىتىم دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلار تېپىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن غاپىل كىشىلەرنى تەۋبە قىلدۇرۇپ، ئاللاھقا قايتۇرۇش ئۈچۈن؛ ئىسلامىيەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئىسلامىيەتكە قايتىشقا چاقىرىش ئۈچۈن؛ قۇرئان ئۈممىتىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئۈچۈن قوللىرىدىن كېلىشىچە تىرىشىدۇ. **﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن**

مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك
ئادەم بارمۇ؟﴿[1].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى، 33 – ئايەت.

# ھەرقانچە چەتكە قېقىلسىمۇ، خەلقى بىلەن بىرگە ياشايدۇ

ئۇلار ئۇرغۇپ تۇرغان روھى، ئۆزگىچە پائالىيەتلىرى ۋە ئۈزلۈكسىز كۈرەشلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە، ئائىلىسىدە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا غۇربەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ غۇربەتچىلىكى يۇرتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، يۇرتىدىكى يۈز- ئابرۇيسىزلىقى، ئاجىزلىقى ياكى جەمئىيەتتىكى ئېتىبارسىزلىقى قاتارلىق خۇسۇسىي سەۋەبلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ غۇربەتچىلىكى ئىدىيە، روھ ۋە كۆزقاراش جەھەتتىكى غۇربەتچىلىكتۇر. ئۇلار جىسمەن 15 - ئەسىردە[1] ياشىسىمۇ، پىكىر ۋە سەزگۈر ئەزالىرى بىلەن بىرىنچى ئەسىردە[2] ياشايدۇ؛ زامانداشلىرىغا ۋە ۋەتەنداشلىرىغا نورمال كۆزلىرى بىلەن قارىسىمۇ، ساھابە كىراملارغا كۆز نۇرلىرى بىلەن قارايدۇ، ئىچىدە ھېس قىلغان غۇربەتچىلىككىمۇ كۆنۈپ كېتىدۇ. «غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن».

بۇ غۇربەتچىلىك تۈپەيلى ئۇلارنىڭ روھىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالمايدۇ، خىرىستىيان راھىبلار ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ياخشىلىققا مايىل دەرۋىشلەرگە ئوخشاش يالغۇز ياشاپ، خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىشقا ئۆزىنى ئاتاپ، مەخسۇس بىر جايغا بېكىنىۋالمايدۇ. ئۇلارنىڭ راھىبلىقى جىھادتۇر، توغرا

[1] ھىجرىيە 15 - ئەسىر كۆزدە تۇتۇلغان (ت).

[2] ساھابە كىراملار ياشىغان دەۋر كۆزدە تۇتۇلغان (ت).

يولغا بۇرۇلۇشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىگە چاقىرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇ مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز ئىشلەيدۇ. كىشىلەر ئازلىق قىلسا، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۆپەيتىدۇ؛ بۇزۇلسا، ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە بۇزۇلغان نەرسىلەرنى تۈزەيدۇ.

ئۇلار شۇ تۇيغۇسىنى ئۇبرازلاشتۇرىدىغان، شۇ گۆھەرنى شەكىللەندۇرىدىغان، شۇ نەمۇنىنى مۇجەسسەملەشتۇرىدىغان، شۇ ئۈلگىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، سەپەرۋەرلىككە چاقىرىلغاندا بىرىنچى بولۇپ ھازىر بولىدىغان، لېكىن غەنىيمەت تەقسىم قىلىنغان چاغلاردا ئارقىدا تۇرىدىغان ئەۋلادلاردۇر. ئۇلار شۇنداق ئاڭلىقلىقتا، يۈكسەك پىداكارلىق ۋە بېغىشلاش روھىغا ئىگە تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئالىي سارايلاردا ياشىمايدۇ، ئەكسىچە خەلقى بىلەن بىرگە ئىشلەيدۇ. ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن ياشاپ، ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇلىرى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدۇ؛ ئۇلار خۇشال بولسا، تەڭ خۇشال بولىدۇ؛ قايغۇرسا، تەڭ قايغۇرىدۇ؛ ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پىداكارلىقى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار مۇسۇلمان ئاممىسىدىن، مۇسۇلمان ئاممىسى ئۇلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلاردىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا چوڭچىلىق قىلىشنى ياكى ئۇلارنى ياقتۇرماسلىقنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ سالمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا ئىنتايىن قىزغىن، مېھرىبان بولۇپ، ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ، بىلمىسىزلىرىگە ئۆگىتىدۇ، غاپىللىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇنتۇغۇچىلارغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، يولىدىن ئادىشىپ قالغانلارغا يول كۆرسىتىدۇ، كېسەللەرنى داۋالايدۇ، ئاجىز - يوقسۇللارغا يار - يۆلەك بولىدۇ.

ئۇلار كىچىكلەر ئۈچۈن ئاتا، چوڭلار ئۈچۈن ئوغۇل، تەڭتۇشلىرى ئۈچۈن قېرىنداشتۇر، ئومۇميۈزلۈك دەۋەتچىدۇر. دەۋەت قىلىشتىن ھەرگىز مالال بولمايدۇ، دەۋەت قىلىنغۇچىلارنىڭ توغرا يولغا قايتىشىدىنمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئومۇمىي ئىسلامىي ھەرىكەت ۋە ئىمانىي دەۋەتنىڭ تەبىئىي دوستى ۋە تۈگىمەس بايلىقىدۇر.

# كۆچلۈك ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلار

ئۇلار ئۆز دەۋرى ۋە خەلقى ئىچىدە غېرىب بولسىمۇ، يەنىلا «ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ شەرەپلىكتۇر». ئۇلارغا سېپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئازلىقى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايدۇ، قارشى كۈچلەرنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. ئۇلار غۇرۇرلۇق، جۇشقۇن، روھلۇق ۋە ئىشەنچىسى كامىلدۇر. ئۇلار مۇستەھكەم تاغقا ياكى ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ، پايدا ـ مەنپەئەت ۋە سوۋغا ـ سالاملارغا ئاچ كۆزلۈك قىلمايدۇ. ئۆلۈمگە چىدايدۇكى، ھېچكىمگە خارلىقتىن باش ئەگمەيدۇ.

ئۇلار پۇلدار ۋە ھوقۇقدارلارغا خۇددى دوختۇرلار ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بىمارغا قانداق كۆڭۈل بۆلسە، شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى پىر تۇتۇۋالمايدۇ، ئۇلۇغلاپمۇ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ زىممىسىدىكى يۈكلىرىنى ۋە قەلبىدىكى كېسەللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە، ئۇ بۇيۇملارنىڭ ئوتتا قانداق قىزىتىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىدە قارايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار، دېيىلىدۇ**﴾[1].

ئۇلارنىڭ كۈچى، ئۇلار چاقىرغان ھەقىقەتنىڭ كۈچى ۋە

[1] تەۋبە سۈرىسى، 35 – ئايەت.

شەرىپى ئۇلار ئىشەنگەن ئاللاھنىڭ شەرىپىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن)**﴾[1].

ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ، پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، تەقدىرنىڭ قولى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەرقانداق ۋەدىگە مەغرۇرلىنىپ، ئالدىنىپ كەتمەيدۇ، تەھدىتلەردىن قورقۇپ، بەللىرى ئېگىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئوتتا ئېرىمەيدىغان، بازغاندا سوقۇلمايدىغان مەدەنگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالا توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئازمايدۇ، ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن خارلانمايدۇ، ئاللاھنىڭ كۈچىگە تايىنىپ غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ بايلىقى بىلەن ھاجىتىنى قامدىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىمگە موھتاج بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ باشلىرىغا سىناق يۈزىسىدىن مۇشەققەتلەر كېلىدۇ، ئەمما بۇ مۇشەققەتلەر ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى بوشىتالمايدۇ، يالقۇنىنى پەسەيتىپ، نۇرىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ، چىدامچانلىقىنى بېسىپ، غايىسىنى بوشىتىۋېتەلمەيدۇ ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى سۈزۈكىنى ئايرىپ، نەپسىنى تەكرار تازىلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ ۋە ئەتىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئۇ مۇشەققەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمايدۇ، بوشاپ قالمايدۇ ۋە باش ئەگمەيدۇ، مەزكۇر سۈپەتلەردە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغان كىشىلەر جانابى ئاللاھ ئۆز كىتابىدا تەرىپلىگەن ئاللاھقا مەنسۇپ، ئالىم كىشىلەردۇر.

ئاللاھ ئۇ رەببانىي، ئالىم كىشىلەرنى مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق تەرىپلىگەن: ﴿**نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن رەببانىي ئالىملار بىرلىكتە جىھاد قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۈچ**

[1] فاتىر سۈرىسى، 10 – ئايەت.

**كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى ۋە ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، دېگەندىن باشقا بولمىدى. ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾[1].

ئۇلار ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ ۋە ھەرقانداق زور قىيىنچىلىقلارنى بويسۇندۇرىدۇ؛ مۇشەققەتلەر ئىچىدىن پاكلىنىپ، سۈزۈك ۋە ساپ ھالەتتە چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسىبەت يەتكەن مۇئمىننىڭ مىسالى ئوتتا تاۋلىنىپ، غەلغەشلىرى كېتىپ، ياخشىسى قېپقالغان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ».

ھەقىقەتەن ئىنساننى خارلىققا تاشلايدىغان ۋە زالىم ھوقۇقدارلار ئالدىدا ئاجىزلاشتۇرۇپ، قۇل قىلىپ قويىدىغان ئىككى تۈرلۈك ئامىل بار: بىرى قورقۇنچاقلىق، يەنە بىرى تەمەخورلۇقتۇر.

ئۇلار نەپسىدىكى تەمەخورلۇق ئىشىكىنى تاقاپ، كۆڭلىدە پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتىنى ۋە ئاسمان - زېمىندەك كەڭرى جەننىتىنى تەمە قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق تەمەخورلۇق قالدۇرمىغىنىدەك، قەلبىدىكى قورقۇنچاقلىق دېرىزىسىنى تاقاپ، دىللىرىنى ۋە ئەقىل - ئىدراكىنى پەقەت ئۆز ئىرادىسى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدىغان، ھەممىگە غالىب، بىر ئاللاھقىلا ئاچىدۇ.

ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، رىزقىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى ئەزەلدىن ھەممىگە ئالىم ئاللاھنىڭ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 146–148 – ئايەتلەر.

بېكىتىشى بىلەن مۇقەررەر بىر ۋاقىتقا توختىتىلىپ، رىزقى ئاللىبۇرۇن تەقسىم قىلىنىپ بولغان. ھەرقانداق تەكەببۇر، زالىم ھوقۇقدار ئۇلارنى خارلىيالمايدۇ؛ زالىملار ئۇلارغا ئازاب قامچىسى ياغدۇرسىمۇ ياكى ھەندا (زەھەردەك ئاچچىق بىر خىل ئۆسۈملۈك) نى سىقىپ ئىچكۈزسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەگدۈرەلمەيدۇ؛ ھوقۇقدارلار ئۇلارنىڭ جىسمىنى باش ئەگدۈرەلىگەن بىلەن، روھىنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ؛ مىس، قوغۇشۇنلارغا ئىگە بولغان بىلەن، جەۋھەر ۋە مەرۋايىتلارغا ئىگە بولالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتالىغان بىلەن، روھلىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتالمايدۇ. ھازىرقى زامان پىرئەۋنلىرىدىن بىرى ئۇلارغا ئۆلتۈرۈش ياكى تۈرمىگە قاماش بىلەن تەھدىت قىلسا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋردىكى ئىمان ئېيتقان سېھىرگەرلەر: ﴿**(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا كۈچكە ئىگە**﴾[1] دېگىنىدەك دەيدۇ. زالىملار ئۇلارنىڭ نېمىسىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ ئۇلار ساپ ئالتۇن ئوتتا تاۋلانغاندەك، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە تاۋلىنىدۇ يۇ، ئوت ئالتۇننىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە پارقىراقلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىنىدەك، جاپا ـ مۇشەققەت ئۇلارنىڭمۇ پاك ئىمانىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

زالىملار ئۇلاردەك ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئازاب چېكىشنى راھەت بىلىدىغان، ئىماننى كۈچەيتىشتە جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تاۋلىنىپ، ھەقىقىي ئادەم بولۇشنى كۆزلەيدىغان، ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلىنىشنى ئاللاھقا ھىجرەت قىلىش دەپ بىلسە، تۈرمىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان خىلۋەت، ئۆلۈمنى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش دەپ قارايدىغان مۇئمىنلەرنىڭ نېمىسىگە ئېرىشەلەيتتى؟

[1] تاھا سۈرىسى، 72 – ئايەت.

# لاياقەتلىك ئەۋلادلار

ئۇلار ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىكى، كۆچلۈكلۈكى، تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتى بىلەن (توغرا يول ئۈستىدە) ئۆلچەمگە لايىق ۋە ئوتتۇرا هال بولىدۇ، هەرگىز ئوڭچىللىق ياكى سولچىللىق قىلمايدۇ، ماددىچىلىققا غەرق بولمايدۇ ۋە روهانىيلىقتا (يەنى غەيرى ماددىچىلىقتا) چېكىدىن ئاشمايدۇ.

ئۇلار ئائىلىسىنىڭ ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيىتىنىڭ هەققىنى تونۇپ يېتىپ، هەربىر هەق ئىگىسىنىڭ هەققىنى جايىدا ئادا قىلىدۇ، ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم - زىيادە قىلمايدۇ، تارازا - مىزان تىكلىنىدىغان كۈندە باشقىلارنى ياكى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. ئۇلار مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، رۇخسەت قىلىنغان كەڭچىلىكلەردىن غاپىل قالمايدۇ. چۈنكى، جانابى ئاللاھ بەندىلەرگە كەسكىن بۇيرۇغان ئىش ۋە ئەمەللەرنى ئادا قىلىشنى ياخشى كۆرگەندەك، كەڭچىلىك يۈزىسىدىن يولغا قويغان رۇخسەتنىمۇ قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇلار كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدۇ، نەپرەتلەندۈرمەيدۇ؛ ئاسانلاشتۇرىدۇ، تەسلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا ئاللاھنىڭ هەقىقەتەن بەندىلىرىگە ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقىنى، تەسلىكنى خالىمايدىغانلىقىنى، دىندا ئۇلارنى تاقىتىدىن تاشقىرى هېچقانداق ئىشقا بۇيرۇمىغانلىقىنى تەلىم بەرگەن.

ئۇلار كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتا قوپاللىق بىلەن ئەمەس، مۇلايىملىق بىلەن؛ هاماقەتلىك بىلەن ئەمەس،

ھېكمەت بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. قارشى پىكىردىكىلەر بىلەن چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆھبەتلىشىدۇ. ئاسىيلارغا ساقچىلار جىنايەتچىگە قارىغان نەزەردە ئەمەس، بەلكى دوختۇرلارنىڭ كېسەلگە ھېسداشلىق نەزىرىدە قارايدۇ. كاپىرلىق ئۆزىگە يېنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاسىيلارنى كاپىرلىق بىلەن قارىلىمايدۇ. ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، باشقىلارنى قارىلاپ ھالاكەتكە ھۆكۈم قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى كىشىلەرنى ھالاك بولدى دېسە، ئۇلارنى ئۇ ئادەم ھالاك قىلغان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار دىنىغا ئىنتايىن قىزغىنىدۇر. ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارغا ناھايىتى كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆز پىكرىدە مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ تۇرۇۋالمايدۇ، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ پىكرىگىمۇ قۇلاق سالىدۇ، ئويلاپ كۆرىدۇ، جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمايدۇ. توغرا بولسا، خاتالىقىنى ئۇستىگە ئالىدۇ؛ خاتا بولسا، توغرىسىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇلار ئاساسىي ئىشلار بىلەن قوشۇمچە ئىشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ. ئاساسىي ئىشلاردا چىڭ تۇرسا، قوشۇمچە ئىشلاردا سەل كەڭ قورساق يول تۇتىدۇ. قىلماسلىقى ياكى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەل ۋە ئەھكاملارنىڭ ئارىسىنىمۇ پەرقلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئىش ۋە ئەھكامنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەرىجىسى ۋە ئورنى بولىدۇ. پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسى ۋە مۇھىملىقى مەندۇب (يەنى قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا جازالانمايدىغان) ئەمەللەرگە ئوخشىمايدۇ. ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلارنىڭ دەرىجىسى ۋە مۇھىملىقىمۇ مەكرۇھ (يەنى تەرك ئەتسە، ساۋاب بولىدىغان؛ قىلمىسا جازالانمايدىغان، قىلسا كايىشقا ئۇچرايدىغان) ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ. چوڭ گۇناھلار كىچىك گۇناھلارغا ئوخشىمايدۇ.

ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەسكىن، ئوچۇق دەلىللەر بىلەن ۋاجىپ ياكى ھارام دەپ بېكىتىلگەن، ئۆلىمالارمۇ بىردەك قاراشتا بولغان ئىش ۋە ئەمەللەردە بىلەرمەنلىك قىلمايدۇ، بىلەلمىگەن مەسىلىلەرنى ئەھلى ئىلىملەردىن سورايدۇ ۋە شۇ ئىلىمنىڭ

ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىلىمنىڭ لاياقەتلىك كىشىلىرى ۋە ھەر پەننىڭ تەجرىبە ئىگىلىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېيتىپ بىرەلمەيدۇ**﴾[1]؛ ﴿**بۇنى بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن**﴾[2]؛ ﴿**بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار**﴾[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قىسمەنلىكنى دەپ پرىنسىپاللىقتىن ۋاز كەچمەيدۇ؛ ئاددىي مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرگە سەل قارىمايدۇ.

ئۇلار ۋاقىتلىرىنى ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى ئەھمىيەتسىز جېدەل ـ ماجىرا، تالاش ـ تارتىش ۋە يەپ ـ ئىچىش سورۇنلىرىدا زايە قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدۇ، يىقىش ئورنىغا بىنا قىلىدۇ، بۆلۈنۈش ئورنىغا بىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىمىي شوئارى مۇنداق: «بىرلىككە كېلەلەيدىغان ئىشلاردا بىرلىشىمىز، بىرلىككە كېلەلمىگەن ئىشلاردا ئۆزئارا كەڭ قورساق بولىمىز».

ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدىن ھەربىرىنى لايىقىدا ئادا قىلىدۇ. خرىستىيان دىنىدىكى دەرۋىشلەر دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەنھا ياشاش ئۈچۈن مەخسۇس بىر جايغا مۆكۈۋالغىنىدەك دۇنيادىن قاچمايدۇ ياكى غەپلەتتە قالغان، ئاچ كۆز، بېخىل ئادەملەردەك دۇنيانى تالىشىپمۇ كەتمەيدۇ.

ئۇلار جاھىللار ئېيتقاندەك: ﴿**ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن**﴾[4] دېمەيدۇ، بەلكى مۇئمىنلەردەك: ﴿**ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!**﴾[5] دەيدۇ.

[1] فاتىر سۈرىسى، 14 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] فۇرقان سۈرىسى، 95 – ئايەت.

[3] نەھل سۈرىسى، 43 – ئايەت.

[4] بەقەرە سۈرىسى، 200 – ئايەت.

[5] بەقەرە سۈرىسى، 201 - ئايەت.

ئۇلار دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ دۇئاسىنى قىلىدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىشىمنى (خاتادىن، كېلىشمەسلىكتىن ۋە تۈرلۈك مەغلۇبىيەتلەردىن) ساقلىغۇچى (قالقىنى بولغان) دىنىمنى، تىرىكچىلىكىمنىڭ ئاساسى بولغان دۇنيايىمنى، بارار جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشىلاپ بەرگىن!».

ئۇلار روھىنى پاكلاشقا بېرىلىپ، جىسمىغا سەل قارىمايدۇ؛ جىسمىغا بېرىلىپ، روھىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ؛ روھ ۋە ماددا ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئارىسىنى باغلايدۇ؛ ئىلىم بىلەن ئىماننى، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيەنى، ئەقىل بىلەن ئىدراكنى، سەمىمىي قەلب بىلەن پاك ئىستىلنى، زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەت بىلەن تېگىشلىك ھەق - ھوقۇقلارنى، كونىسىدىن پايدىلىنىش بىلەن يېڭىلىققا ئىنتىلىشنى بىرلەشتۈرىدۇ؛ ئۆتمۈشتىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇۋالمايدۇ، ھازىردىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ؛ كونىلىققا ئېسىلىۋېلىپ، يېڭىلىقلارنىڭ پايدىسىغا كۆز يۇمۇۋالمايدۇ.

ئۇلار باشقىلار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىگە چېپىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ: «يەنە خىزمەت بارمۇ؟» دەيدۇ. ئەكسىچە، «قانداق مۇكاپات بار؟» دېمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ كۈندۈزى قارا ئىشچىلارنىڭ كۈنىدەك ئۆتسە، كېچىلىرى داۋاملىق ئىبادەت بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلار كۈندۈزلىرى چەۋەنداز، كېچىلىرى ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن دەرۋىشلەردۇر.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇددى ساھابە كىراملاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغاندەك بىلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار كۈندۈزنىڭ ئىشىنى كېچىنىڭ ئىشىغا، كېچىنىڭ ئىشىنى كۈندۈزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋالمايدۇ. ئۇلارنى نەپلە ئەمەل پەرز ئەمەلدىن، بىر پەرز يەنە بىر پەرزدىن ياكى بىر پەرز ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق باشقا بىر پەرزدىن توختىتىپ

قويمايدۇ.

ئۇلار يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدىگەن ھالدا، ئاللاھ بەندىلىرىگە ھالال قىلىپ بەرگەن گۈزەل ۋە پاك رىزىقلاردىن مەنپەئەتلىنىدۇ؛ ئەمما ئاچلىقتىن ئۆچەيلىرى تارتىشىپ، قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قولىنى، كۆزىنى ۋە نەپسىنى ھارامغا سۇنمايدۇ؛ بىر لوقما تائام ياكى ۋاقىتلىق، ئازغىنا راھەتنى دەپ ھالاك قىلغۇچى ئوتقا چۈشۈشتىن ھەزەر قىلىدۇ؛ جەننەتتەك بۈيۈك مۇكاپاتنى پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ئەرزىمەس نەرسىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋېتىشتىن قورقىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆیەر

# تەۋبە بىلەن ئاللاھقا قايتقۇچى ئەۋلادلار

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر سۈپەتلىرى بىلەن بىرگە ھەقىقىي «تەۋبە بىلەن ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى» ئەۋلادلاردۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھەزەر قىلغاندىنمۇ بەكرەك ھەزەر قىلىدۇ. دائىم ئاللاھتىن ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاپ، ھالالغا قانائەت قىلدۇرۇشىنى؛ ئاسىي بولۇشتىن ساقلاپ، ئىتائەتكە بويسۇندۇرۇشىنى سورايدۇ. پۇت - قوللىرى بىلەن گۇناھ ئىشلەپ سېلىشتىن بەكرەك قەلبى بىلەن گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ. چۈنكى، قەلبنىڭ ئاسىيلىقى ئىنتايىن خەتەرلىك جىنايەت.

ئۇلار باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، چوڭچىلىق قىلىش، مەغرۇرلىنىش، بىرەر ياخشى ئىش قىلغاندا رىياكارلىق قىلىش، باشقىلارنى مەنپەئەتنى دەپ ياخشى كۆرۈش، بىرىنى ئورۇنسىز يامان گۇمان قىلىش، ھەسەت قىلىش ياكى ئۆچمەنلىك قىلىشتەك قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ چەكلىگەن پۈتۈن يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىنى قەلبىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئىمام غەززالىي بۇنداق ئىللەتلەرنىڭ تۇتقان روزىلارنىڭ پەزىلىتىنى ۋە تەھەججۇدلەرنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىپ، پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنى خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكىنىدەك، كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋېتىدىغان ھالاك قىلغۇچىلار دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە بىرقانچە ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپ نەقىل قىلىپ ئۆتۈش يېتەرلىك:

﴿«قەلبىدە زەررىچە چاغلىق كىبىرى بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»؛ «ئۈچ (تۈرلۈك) ھالاك بولغۇچى (كىشىلەر) بولۇپ، (ئۇلار): ئاچ كۆز، بېخىل، ھاۋايى - ھەۋىسىنىڭ كەينىگە كىرگۈچى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلانغۇچىلار»؛ «ھەقىقەتەن كىچىككىنە رىيامۇ شېرىكتۇر»؛ «ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك سىلەرگە بۇرۇنقى ئۈممەتلەردىن ئېقىپ كىرگەن كېسەلدۇر. ئۆچمەنلىك بىر ساتىراچتۇر، (بۇنىڭدىن مەقسەت) چاچ چۈشۈرىدىغان ساتىراچ ئەمەس، ئۇ دىننى چۈشۈرىدىغان (ساتىراچتۇر)». (ئى مۆئمىنلەر! كۆپ گۇماندىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر﴾[1].

ئۇلار ھەقىقەتەن گۇناھ - مەسىيەتتىن قورقىدىغان بولغاچقا، گۇناھ يولىنى تاشلاپ، ئۇزۇل - كېسىل يىراقلىشىدۇ؛ شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىپ، گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلەردىن ياكى يېقىنلاشتۇرىدىغان يوللاردىن ئۆزىنى ئۇزاق تۇتىدۇ. شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشى ھەقىقەتەن دىنى ۋە يۈز - ئابرۇيىنى پاك ساقلىغان بولىدۇ.

ئۇلار مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەر بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا جانابى ئاللاھ: ﴿بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق﴾[2] دەپ بايان قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھېچقاچان گۇناھتىن پاك مالائىكىلەردىن ياكى «گۇناھ قىلىشتىن ساقلانغان» پەيغەمبەرلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارمۇ پۈتۈن ئادەمزاتقا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى كىشىلەردۇر. لېكىن، ئۇلار خاتالىقتىن زېمىننىڭ تارتىش كۈچىدىنمۇ تېز قول ئۈزۈپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، تەۋبە قىلغان ھالدا ئاللاھقا

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 – ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى، 115 – ئايەت.

قايتىدۇ.

جانابى ئاللاھ مانا بۇ تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تەقۋادار كىشىلەر شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ**﴾[1]. ئۇلار ھەرقاچان ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ۋەسىيىتىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ: ﴿**ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار. ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار. بۇ توغرا يولدۇر**﴾[2].

ئۇلار: (ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق) دېگەن چاغدا، ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرمەكچى بولغان ئاسمان ـ زېمىندەك كەڭرى جەننەتتىن ئىبارەت نېمىتىنى ۋە چىن ئەھدىسىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا خاتىرىلىنىپ، ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەللىرىگە ئاللاھنىڭ ئەمەللەر ئىشلىنىشتىن بۇرۇن كاتتا مۇكاپاتلارنى ۋەدە قىلىپ بولغانلىقىنى ئەسلەيدۇ؛ ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان نەرسىلەرنى ئەقىل كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ يېتىدۇ. ھەرقاچان ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە ئىنسانىي تەبىئىتى ئۈستۈن كېلىپ قالسا ياكى دىنىي چۈشەنچىسى ھاۋايى ـ ھەۋىسى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، يەنىلا ئۇلار شەيتان ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىگە قەتئىي بوي ئەگمەيدۇ، ئەكسىچە ئاتىسى ئادەم ۋە ئانىسى ھەۋۋا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز**﴾[3].

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار يامان بىرەر گۇناھ قىلىپ سالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، دەرھال ئاللاھنى**

[1] ئەئراف سۈرىسى، 201 – ئايەت.

[2] ياسىن سۈرىسى، 60–61 – ئايەت.

[3] ئەئراف سۈرىسى، 23 – ئايەت.

**يـاد ئېتـــدۇ، گۇناھلـــرى ئۇچـۈن مـەغپـــرەت تـلـەيـدۇ. گۇناھنـــى كـەچۈرىدىغـــان ئالـلاھتــن باشــقا كـم بـــار؟ ئۇلار قـلـمـشـــلـرىنى بـىلــــپ تـــۇرۇپ داۋاملاشـــتۇرمايدۇ﴾**[1].

ئـۇلار دائـــم ئۆزلـرىگـە بېرىلـگۈاتقـان نېمـەتلـەردە نـهايـتـى يـوق ئالـلاھنـىڭـمۇ ھـەققـى بارلـىقىغـا، (ھـالبۇكـى جانابـى ئالــلاھ ئۇلاردىــن بـىھاجـەت) لاياقـەتسـىـز ئـىش ـ ئەمەللـىرىنـىڭ ئالــلاھ تـەرەپكـە ئۆرلـەيدىغانلـىقـغـا، ئالـلاھقـا موھتــاج تۇرۇقلـۇق ئۇنـىڭ ئەمـر ـ پەرمانلـىرىغـا خـىلاپلـىق قـىلغانلـىقـغـا قـاراپ، ئالـلاھنـىڭ ھـەققـىنـى تولـۇق ئـادا قـىلالـمـغانلـىقـىنـى سـېزىـپ، ھـەقـىقـەتـەن بۇ ئـىشـقا سـەل قارىغانلـىقـىنـى ھـېس قـىلـىـدۇ ـ دە، يۇنـۇس ئەلـەيهىسـسالامنـىڭ قاراڭغـۇ زۇلـمـەت ئـىچـىـدە (يەنـى بېلىقنـىڭ قارنـىـدا) تـۇرۇپ: ﴿**(پەرۋەردىگارىــم!) ســەندىن باشــقا ھېــچ مـەبۇد (بـەرھــەق) يوقتۇر، سـەن (جىمى ئەيىب ـ نۇقسـانـدىن) پاكـتۇرسـەن، مـەن ھەقـىقـەتـەن (ئۆزۈمگـە) زۇلـۇم قـىلغۇچـىلاردىن بولـدۇم**﴾[2] دەپ پەرۋەردىگارىغا قىلغان نىداسى بىلەن ئالـلاھقـا يالـۋۇرىـدۇ.

يەنـە ئـۇلار دائـم تەۋبـە قـىلـىـپ، ئالـلاھقـا ئـىسـتىغپار ئېيتقۇچـىلاردۇر. ئـۇلار (پەرۋەردىگارىغـا) ئەقـىل ئـىگـىلـىرىنـىڭ قـىلغـان مۇنـۇ دۇئاسـى بىلـەن دۇئـا قـىلـىـدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىــز ھەقـىقـەتــەن بىـــر چاقىرغۇچـىنـىـڭ (يەنـى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغـا ئىمـان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغـا** چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، **دەرھـال ئـىمـان ئېيتتـۇق. پەرۋەردىگارىمىـز! بىزنىـڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامان قىلمىشلىرىمىزنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن!**﴾[3].

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 135 – ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 87 – ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 193 – ئايەت.

## تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار

بۇلار بىز ۋە بىز بىلەن بىر سەپتىكى، جاكارتادىن فەتھە راباتقىچىلىك بولغان پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى تەلەپ قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ، يۈرەكلىرىمىز پارە - پارە بولۇپ، ئېرىپ كېتىۋاتقان ئەۋلادلاردۇر.

ئۇلار شۇنداق ئەۋلادلاردۇركى، پۈتۈن دۇنيا كۈچلىرى بولۇپمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۇلارنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە؛ ناۋادا تۇغۇلۇپ قالسا، تىرىك كۆمۈۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنى يا بۇ، يا ئۇ ئۇۋلاپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ ئەۋلادلارنى ھەقىقىي نىشانىدىن چەتنىتىۋېتىدىغان قاراشلار بىلەن ئازدۇرۇشقا، ئەھمىيەتسىز غوۋغالار بىلەن بۈيۈك جىھادتىن مەشغۇل قىلىشقا، قەستەن توقۇنۇشۇپ يولىدىن توسۇشقا ياكى ئۆزئارا جېدەل - ماجىرالارغا سېلىپ، پىتنە - پاساتقا غەرق قىلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسۇن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنىنىڭ بۇنداق رەزىل سۇيىقەستىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا ۋە پىتنە تۇزىقىغا چۈشمەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ بۇ ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇھىم دەپ قارىغان بىردىنبىر ۋەزىپىسى دەۋەتچىلەر، مۇتەپەككۇرلار، زىيالىيلار، ئىلمىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەربىيەچى ئۇستازلار ھەممە بىردەك ھەمكارلىشىپ، بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى باشتا ئۆز نەپسىدىن قوغدىنىشقا، ئاندىن دۈشمەنىنىڭ ھىيلە - مىكرى ۋە جاھىل دوستلارنىڭ پالاكىتىدىن ساقلىنىشقا

ھەركەتلەندۈرۈشى؛ ئۇلارنى روھىي، جىسمانىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە مۇكەممەل تەربىيەلىشى ۋە ياخشى تەييارلىق قىلدۇرۇشى لازىم.

ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇ ئەۋلادلارنى مۇرتەدلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان. بۇ توغرىدا جانابى ئاللاھ ئۇلارنى ئەنە شۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈمچان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلەردىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾[1].

تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ ئەۋلادلار ھەقىقەتەن غالىب ئەۋلادلاردۇر. ئۇلارنىڭ قولى بىلەن پەلەستىن، ئىرترىيە، بۇخارا، شەرقىي تۈركىستان ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن تاغۇت ۋە بۇزغۇنچى قانخور تاجاۋۇزچىلارنىڭ قول ئاستىدا ئېزىلىپ، ئاھ ئۇرۇۋاتقان مەھكۇم مىللەتلەر قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ.

بۇ ئەۋلادلار يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئالىي، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى شاد - خۇرام قىلىدۇ، زۇلمەت قاپلىغان زېمىندا نۇر چاقنىتىدۇ. بۇ ئەۋلادلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، مالائىكىلەر سېپىدە تۇرۇشقا، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ھەتتاكى تاش - دەرەخلەر: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئى مۇسۇلمان! مېنىڭ ئارقامدىكى بۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ، كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن!» دېگەنگە قەدەر

[1] مائىدە سۈرىسى، 54 – ئايەت.

HAKSEVER

پۈتۈن مەۋجۇداتلار بويسۇنۇشقا لايىق ئەۋلادلاردۇر.

بۇگۈنكى مۇسۇلمان ئوغۇل - قىزلىرىنى كۆپۈكتەك كۆچسىز ھالەتتىن كۈچلۈكلۈككە ۋە مۇستەھكەملىككە ئاتلىنىشقا؛ تەلەپ قىلىنىۋاتقان، ھەر تەرەپتىن كامىل يېتىشكەن، رەببانىي ئەۋلادلار كارۋىنىغا قوشۇلۇشقا چاقىرىمىز.

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن بۇ «تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار»نىڭ خۇش خەۋىرى كەلدى. ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ھەقىقىي سەمىمىيەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى چاڭ - توزانغا ئايلىنىپ، زايە بولۇپ كەتمىدى: ﴿**ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر**﴾[1].

ئەمما، ئۆز نەپسىنى دەپ ئۆتكەن كۈنگە رازى بولۇپ، ھېچ ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرغۇچىلار، ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز دۇنيا ھەۋەسىگە بېرىلگۈچىلەر ياكى ھەقىقەتتىن ئۆزىنى تارتىپ، ناتوغرا كارۋانلار سېپىدە يۈرگۈچىلەر ئەمەلىيەتتە ئېغىر زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بۇنداق كىشىلەردىن چوقۇم شەيتان پايدىلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار پەرۋەردىگارىنى غەزەپلەندۈرۈپ، دۈشمىنىنى خۇرسەن قىلىدۇ، خالاس. دېمەك، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەڭ چوڭ مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

«زايە قىلسا كىم ئۆمرىنى، يىغلىسۇن ئۆز - ئۆزىگە،

تاغار قۇرۇق، خۇرجۇن ھەم، يوقتۇر ئاڭا ھېچ نېسىۋە».

[1] بەقەرە سۈرىسى، 143 – ئايەت.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# تۆتىنچى باب

سامىي ئارسلان

## قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ نۇرلۇق تاڭلىرى

تەرجىمىدە: تاھىرجان ئابباس

2001 – يىل

قاھىرە

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# سامىي ئارسلان كىم؟

سامىي ئارسلان 1936 – يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دېنىزلى ۋىلايىتىنىڭ ئاجىپايام ناھىيەسىگە تەۋە دەدەباغ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىستانبۇل ئالىي ئىسلام ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، 1963–1966 - يىللىرى ئارىسىدا دېنىزلى مۇپتىسى بولغان، يەنە ئىسپارتا مەركىزىدە خاتىپلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن، 1977 - يىلى تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىكىدە خىزمەت قىلغان، 1983 – يىلىدىن باشلاپ تاكى دەم ئېلىشقا چىققۇچە ئىسپارتا ئىمام خەتىپ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ خەلق ئارىسىدا تونۇلغان يازغۇچى بولۇپ، بىرقانچە مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان. كېيىن سىياسەت يولىغا كىرىپ، 3- ۋە 4 – قېتىملىق دېنىزلى مىللەت ۋەكىلى بولۇپ پارلامېنتقا كىرگەن.

# سۆز بېشى

تارىختىن بېرى ئىسلام دىيارلىرىدا تا بۈگۈنگىچە نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىب ۋە يازغۇچىلار ئاللاھ دەۋاسىنى قىلىپ كەلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى ئۇچۇن تالايلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، جىنچىراغ ۋە شام يورۇقىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ ئەسەرلەر ئۆتمۈشتە ئوقۇلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە چاڭ - توزان ئاستىدا قالدى.

ھازىر بىز تەرەپ - تەرەپتە ئەۋج ئېلىۋاتقان ساختا مەدەنىيەتكە مەستانە بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس قىممەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان؛ دادىسىغا مۇش، ئانىسىغا تەستەك ئېتىپ، «مەدەنىيەت، مەدەنىيەت» دەپ كۇپۇرلۇقنى ئۆگىنىدىغان؛ «ئاللاھ» دېيىشنى خارلىق دەپ بىلىدىغان بىر قىسىم شۇم ئەۋلادلارنىڭ پەريادىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. خەلق يىغلايدۇ، ئەسلا كۈلمەيدۇ. ئاسمان قارا بۇلۇتلارغا، زېمىن گۇناھكارلارغا تولغان... «قەلبىمدە ئىمانىم بار، قولۇمدا قۇرئانىم» دەيدۇ يۇ، ئىشەنچ يوق، ساختىپەز كۆپ، ئىسيان بار، ئىتائەت يوق.

مەنىۋىيەتكە ئورۇن قالدۇرمىغان نادانلىقنىڭ ساختا گەۋدىسى ۋە ۋەھشىي ياۋايىلار توپى ئارىسىدا ھالسىراپ ئىڭراۋاتقان بۇ خەلق ئاممىسى ئىمانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىغان، تولدۇرالمىغاندىن سىرت يەنە يىللاردىن بېرى بوش قالغان قەلبىدە سىقىلىش ۋە ھەسرەتلىك دەرد - ئەلەملىرى

بار. ھەممىسى بىر «قۇتقۇزغۇچى»غا تەلمۈردۇ. سىقىلغان روھلىرىغا تانسىخانىلاردا، مەيخانىلاردا، قىمار سورۇنلىرىدا، پاھىشىخانىلاردا تەسەللى ئىزدەيدۇ. قەلبى قارىيىپ كەتكەن، ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم. يىراقنى كۆرمەيدۇ، ئەزان ئوقۇلىدۇ يۇ، بارالمايدۇ؛ قۇرئان ئوقۇلىدۇ يۇ، تىڭشىيالمايدۇ. ئائىلىلەر بۇزۇلغان، بالىلار يېتىم، قىزلار ھامىلىدار، ئاياللار تۇل، پەرياد چېكىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە ياۋروپا ۋە يىراق شەرق ئەللىرىنىڭ پىكىر ئېقىمىنى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك پىرىنسىپىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غەرەزلىك يېزىلغان تالاي كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، بېسىپ تارقىتىپ، نادان ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيەسىگە زەھەرلىك ئۇرۇق سېلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار. مۇشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇپ چوڭ بولغان بالىلار ئۆز يولىنى بىلمەيدۇ، دادىسىنىڭ نامىزىغا كەلمەيدۇ، ھارام پۇلدىن، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تۇمانلىرىدىن، بۇزۇق ئاياللاردىن بەخت كۈتىدۇ. بۇنداق كېچىنىڭ تاڭ ئېتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟

جەمئىيەتنىڭ بۇنداق دىنىي ۋە ئىجتىمائىي جاراھەتلەردىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى قەلبكە ئىمان قۇياشى تىكلەش. چۈنكى:

«ئىمان ئۇ بىر جەۋھەركى، شانى ئەجەب بۈيۈكتۇر،

ئىمانسىز قالغان دات يۈرەكلەر بەدەنگە يۈكتۇر».

بۇ ئەسەردە ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل رېئال ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر ئۆرنەك قىلىپ كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدەك، ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق تەرەپلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ نۇرى ئاستىدا تەتقىق قىلىندى.

خەلقىمىزنىڭ قاراڭغۇ كېچىلەردىن نۇرلۇق تاڭغا چىقىشى ئۈچۈن، بىر تامچە بولسىمۇ «ئىمان» شەربىتى تەقدىم قىلىشقا

تىرىشتىم. كىتابخانىلىرىمىزنىڭ سۈسىز قالماسلىقى ئۈچۈن، تەشنالىقنى ئۇلۇغ قۇرئان ۋە كائىناتنىڭ قۇياشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن قاندۇرۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىشنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

شۇم جاھالەتنىڭ، غەرب ۋە يىراق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان، تونۇگىنىنى ئەسلىمەيدىغان بىر قىسىم بەختسىزلەر بىزنى ئالداپ قويمىسۇن! كىتابخانىلاردا بىز تېخى ئىسمىنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك شەخسلەرنىڭ بۇ ئەۋلادىغا نېمە بولدى؟ «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ چۆللەردە ئات چاپتۇرغان، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئىمانى بىلەن داستانلار يازغان شېھىت ۋە غازىلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادىنىڭ تېگى يوقمۇ؟ نادان ياشلار «ئاللاھ» دېيەلمەيدىغان، ھەقىقەتنى كۆرەلمەي «ئۇسسۇدۇم... ئىمان، ئىمانىم ئۆچتى، ياردەم قىلىڭلار!...» دەۋاتسا، بىز شۇنى كۆرۈپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرامدۇق؟

ئەي مۇسۇلمان!
سەن بىر پادىچى،
ئەھلىڭنى قىلما قۇربان،
قارا!...
نېمە دەيدۇ ئۇلۇغ قۇرئان،
سەندە بولسا ئەقىل ۋە ۋىجدان،
ئاللاھتىن بىر ئاز بولسىمۇ ئۇيات!

قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھامان بىر كۈنى ئىمان قۇياشى تۇغىدۇ، خۇشاللىق تېڭىغا ئۇلىشىمەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى

قاغجىراپ كەتكەن قەلبىڭ شۇنداق ئاۋات بولىدۇكى، ئۆزۈڭنى تولىمۇ بەختىيار ئىنسانلار ۋە ياخشى بىر ئۈممەت ئىچىدە كۆرىسەن. مەنىۋى شادلىق شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇركى، «يىغلايمەن يۇ، يىغلىتالمايمەن؛ ھېس قىلىمەن يۇ، سۆزلىيەلمەيمەن؛ تىلى يوق قەلبىمنىڭ، تولىمۇ بىزارمەن» دېيىلگىنىدەك، ئىمانىنىڭ تەمىنى پەقەت تېتىغان كىشىلا بىلەلەيدۇ.

مەن ئەزەلدىن مۇسۇلمانمەن، ئۆزىنى مۇسۇلمان بىلمىگەن كىشىدىنمۇ بىزارمەن. ئىمانسىز ئىنساننىڭ قەلبى خاراب بولغان مازارلىققا ئوخشايدۇ، مازارلىقتا ھاياتلىق نېمىش قىلىدۇ؟ مەن بۇ كىتابچىنىڭ خەلقىمگە پايدىلىق بىر ئەسەر بولۇپ قېلىشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ تەۋپىق ۋە ھېدايەت تېپىپ، قاراڭغۇ كېچىلەردىن تاڭغا چىقىشىنى جان دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

– سامىي ئارسلان

# كىتابنى ئوقۇغىن!

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ھايات بىر شىۋىرغاندۇر، ئىنسان شۇ شىۋىرغاندا يولغا چىققان بىر كارۋاندۇر. ئۇ شۇنداق بىر كارۋاندۇركى، يولباشچىسى يوق، ۋەھىمە ئىچىدە مەنزىلگە يېتەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيدۇ. قەدەم باسقان تۇپراقلاردا شېھىت دادىسى، ۋاپادار ئانىسى، غېرىب قېرىنداشلىرى ياتىدۇ، ئۇلاردىن ھېچبىر خەۋەر يوق. ئىمان – ئىسلام يولىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ جىھاد قىلغان مۇجاھىدلار دىيارىدا ياشىسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس، چۈنكى روھى چۈشكۈن، قەلبىدە مەنىۋى بوشلۇق بار، يىللاردىن بېرى يىغلايدۇ، ئەسلا كۈلەلمەيدۇ. ھاياتنى زەھەرلىك پىكىر بوھرانلىرى قاپلىۋالغان... بىر قۇتقۇزغۇچى ئىزدەيدۇ.

ئەجەبا، كۈلۈشنى بىلمىگەن ياكى كۈلدۈرەلمىگەن، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى، پايدا بىلەن زىياننى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالمايدىغان، قۇرئاننى ئېچىپ بىر قېتىم بولسىمۇ «ئاللاھ» دېيەلمەيدىغان بۇ نادان بىچارە خەلقنى كىم قۇتقۇلدۇرىدۇ؟ ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان بۇ خەلقنى ئۇلارنىڭ ئەزەلىي دۈشمىنى بولغان غەرب كۈپپارلىرى قۇتقۇلدۇرارمۇ؟ قېرىنداشلىرىم! يىغلاش، ئەلەم چېكىپ ئىڭراش بىز مۇسۇلمانلارغا يارىشامدۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر پەيغەمبەركى، ئاللاھنىڭ رەھمەت خەزىنىسىنى بىزگە ئوخشاش كۆزى ياش، دىلى سۇنۇق، ھالى خاراب، يۈزى قارا ئىنسانلار ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن.

قېرىنداشلىرىم! تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان شانلىق دەۋر ياراتقان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن مېڭىڭلار. بۇ ھەقتە پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە قۇلاق سېلىڭلار: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتۈپ كەتكەن) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾[1].

ئەي مۇسۇلمان! شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ياخشى كۆرمىسەڭ، ياخشى كۆرۈلمەيسەن. ياخشى كۆرگەندىمۇ سەمىمىي بولغىن. جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىي ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھوزۇر - ھالاۋەت ۋە نېمەتلەرگە تەلپۈنگەن؛ ئۇنىڭ ھوزۇرىدا تەسلىم بايرىقى چىقىرىپ، رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن؛ سەجدىدىن باش كۆتۈرمەي كۆز يېشى قىلىپ زارلانغان، ئاللاھنىڭ ئاشىق قۇللىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن، لەيلىسى ئۈچۈن دەشت - چۆللەردە تەر تۆككەن مەجنۇننى ئەستىن چىقارمىغىن!... ئويلاپ باق، قېرىندىشىم! پۈتۈن نازۇنېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ تۇرغىن؛ پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى نامايان قىلغىن؛ دىنىڭغا ئىخلاسى يوق، مۇتەئەسسىپ خۇشامەتچىلەر بىلەن ھوقۇقدارلارغا غالچا بولۇپ، توغرا يولدىن ئازغان ئەخمەقلەرنىڭ قىلىقىنى قىلمىغىن!

قەدىرلىك ياش قېرىنداشلار! تۆۋەندە بىر ياشنىڭ ياشانغان

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 31 – ئايەت.

دادىسىدىن سورىغان: «دادا! ياشلىق چاغلىرىڭنى ئەسلەمسەن؟» دېگەن سوئالىنىڭ جاۋابىغا دىققەت قىلىڭلار:

«بالام ياشلىقىمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتمىگىنى قالمىدى، گۈل چىرايىمنى سولاشتۇردى. رەھىمەتلىك ئاتامنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىم. ئۇلار ناماز ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ۋە پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلغاندا، مەن مەيخانىلاردا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈردۈم؛ سۇ ئورنىغا ھاراقنى، ھالال ئورنىغا ھارامنى، ھەقىقەت ئورنىغا باتىلنى تاللىدىم. ياشلىقىمغا تاغدەك ئىشىنىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئاللاھنىڭ: ﴿**دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە غەپلەتتىنلا ئىبارەت**﴾[1] دېگەن پەرمانىنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭغا قىلچە ئېرەنشىمەي، سەل قارىدىم. ئىمانىمنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىدىم - دە، نەپسىمنىڭ قۇلى بولدۇم. ئەمدىلىكتە ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم. بالام! قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن. چىشلىرىم تۆكۈلگەن، بېلىم پۈكۈلگەن ھالدا، ئاتەشنى نۇر بىلىدىغان كۆزلىرىم كۆرمەس بولدى. ئەمدىلىكتە ئالدىڭدا بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ تۇرۇپتىمەن. مەن تۈگەشتىم. سەن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزغىن، پۈتۈن ئالەمنىڭ رەھمىتى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رىشتە باغلا، ئۇنىڭ يولىدىن ماڭغىن! ئۇنتۇمىغىنكى، دىنسىز ئادەملەر كۆپ، ئەمما ئەسلىي ھەقىقەت ھەق دىننى بىلىشتە. قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەت كەرىمنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارمىغىن: (كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر).

قېرىندىشىم، ئويلاپ باققىن! ياشلىقىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن، كۆزىنى ياشلاپ پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر دادىنىڭ دەرد ئەھۋالىنى ئاڭلىدىڭ. سەن ماددىي ئالەمنىڭ مەنىۋى قەھرىمانى بولۇش ئۈچۈن يارىتىلدىڭ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى، 32 - ئايەت.

ھۆزۈرىدا ھېساب بېرىسەن. ياشلىق باھارىڭ بىر چۈش كەبى ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇنياغا كېلىش غايەڭ نامايان بولىدۇ. بۈيۈك ئىمتىھان بېرىسەن. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿**ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكارغا ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋانلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟**﴾[1] دېگەن ئايەت كەرىمەنىڭ جاۋابىنى ھازىرلىغىن، ھەقىقىي بەخت باغچىسى بولغان ئاخىرەت چىمەنزارلىقىنىڭ بۇلبۇلى بولغىن، مەھشەردە ئاللاھنىڭ ھۆزۈرىدا ھېسابىنى بېرىدىغان ھايات كىتابىنىڭ قۇرلىرىنى دىققەت بىلەن يازغىن، ھايات فىلىمىنى ياخشى ئىشلىگىن، قۇرئانغا يېپىشقىن، ھەقىقەتكە قۇلاق بەرگىن، ئىمتىھاننىڭ جاۋابىنى بېرىشكە ھازىر تۇرغىن!

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مۇنۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈڭ بەرگىن: سەن ھەقىقىي مۇسۇلمانمۇ؟ كامىل مۇئمىن بولساڭ، دەلىلىڭ نېمە؟ ﴿**پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلسا، ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر**﴾[2].

قەلبىنىڭ تىترىشى ئۈچۈن ئىمان شەرت. روھنىڭ غىزاسى بولغان ئىمان لامپىسى يانمىغان قەلب خاراب بولغان مازارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئۆلۈك قەلبتە قورقۇش نېمىش قىلسۇن؟ ۋەتەن ئاسمىنىنىڭ قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىشى، مۇقەددەس تۇپراقلىرىدا ھەر كۈنى چەكتىن ئاشقان ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، خەلقىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان ئەلەملىك ياشلار نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار نېمىسىنى يوقاتتى؟ تۇپراقلىرىمىز ئۈستى ئوچۇق تۈرمە ئىمپېراتورلۇقىغا ئايلاندى، زۇلۇم – سىتەم كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇلار نېمە ئۈچۈن؟

[1] مۇئمىن سۈرىسى، 115 – ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 2 – ئايەت.

جەمئىيەتتە ئۆزئارا ئىشەنچ يوق، ساختىپەزكۆپ، ئىسيان بار، ئىتائەت يوق، يوق... بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟...

مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئەمما ئۇلار ناماز ئوقۇمايدۇ، ئوقۇيدىغانلىرىدىمۇ ئىخلاس يوق، مىللىتىمىزنى خورلاپ، قېنىنى ئىچىپ، يىلىكىنى شوراۋاتقان جىنايەتچى، زومىگەر، ھارامزادىلەرگە قارشى قورالىمىز ھەمدە بۇ دەرد - ئەلەم ۋە قايغۇ - ئەلەملىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك دەرمانى پەقەت ئىماندۇر. خەلقىمىز قاچان ئاللاھقا باغلانسا، پەيغەمبىرىگە ئەگەشسە، قۇرئانغا يېپىشسا، ئاندىن ھۆر دۇنياغا ۋە ئەركىن ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھالەت ۋە ۋەھشىيلىك قاپلىغان بىر جايدا پارلىغان قۇياش ئىدى. ئۇ نۇرىنى ئۇپۇقلارغا چاچقاندا، ئىنسانىيەت ئىمان شەربىتىنى ئىچكەن ئىدى. بۇ نۇر چاچقۇچى پەيغەمبەرنىڭ ئىلاجىمۇ ئىمان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ تاش يۈرەك ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئىمان كۈچى بىلەن ئاللاھ قورقۇنچىسىدىن تىترەپ تۇرالمايدىغان قەلبىلىك كىشىلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

بۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر ھايات خاتىرىسىگە قاراڭ:

بىر شەنبە كۈنى ئىدى. پۈتۈن مائارىپ ۋە ئىدارە - جەمئىيەت ئورگانلىرى ناھايىتى جاراڭلىق ھالدا مۇستەقىللىق ۋە ھۆرىيەت سىمۋولى بولغان «ئىستىقلال مارشى»نى ئوقۇۋاتاتتى. مۇسۇلمان تۈرك خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتقان بۇ مىللىي مارش پۈتۈن ۋەتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ئىشچى، دېھقان، يولۇچى ۋە ھۆپىگەرلەر ھەممىسى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى... «ئەزىز شېھىتلىرىمىز! روھىڭلار شادلانسۇن، سىلەر ئارمان قىلغان بۇ ۋەتەن ئەۋلادلىرىڭلار تەرىپىدىن ئاداققىچە قوغدىلىدۇ، بۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسەتمىگەن كىشىلەرنىڭ مىللىتىدىن گۇمان قىلىمەن».

ئىستىقلال مارشى ئوقۇلۇپ ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتەر -

ئۆتمەي يوللار ئادەم دېگۈزىغا ئايلاندى. بۇ چاغدا ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن جامە مۇنارلىرىدىن ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەزاننى ئاڭلاپ، جامەگە يۈزلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەزانغا قۇلاق سالىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى.

بۇلار مۇسۇلمان ئەمەسمىدى؟! يا ئاڭلىمايۋاتامدىغاندۇ؟! مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي چاقىرىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرمەسلىك نېمىنىڭ ئىپادىسى؟

ئى مۇسۇلمان خەلقىم! رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا دىققەت بىلەن «تەنھەرىكەت» خەۋىرى تىڭشاۋاتقان سېنىڭ ئاشۇ ئەۋلادىڭ ھۆرمەت بىلەن ئەزان تىڭشىيالمايۋاتىدۇ. بۇ مەنزىرىلەر ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتنى ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم ۋە جانابى ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلىدىم: ﴿**سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر**﴾[1].

ئويلاپ باقايلى، قېرىنداشلار! دىننى ئويۇنچۇق، ئەزاننى تاماشا قىلىۋالغان بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ يولىدا شېھىت بولمىغانمىدى؟ «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ جان بەرمىگەنمىدى؟ مۇسۇلمان قېرىنداش! تومۇرۇڭدىكى قېنىڭ، قەلبىڭدىكى ئىمانىڭ قاچان سوقىدۇ؟ بىلىپ قويغىنكى، سەن پەرۋەردىگارىڭنى تونۇپ، ھۇزۇرىدا تەسلىم بايرىقىنى چىقارغان كۈنۈڭ يۈزۈڭ كۈلىدۇ، زالىم ۋە شەيتانلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ھۆرىيەتكە چىقىسەن. يارىتىلىشىڭدىكى غايىنى تونۇپ، نۇرلۇق ئىنسان سۈپىتىدە پۈتۈن يامانلىقنىڭ دۈشمىنى ۋە پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ دوستى بولىسەن.

ئەگەر قەلبىمىزدە ئىمانىمىز مۇھاپىزەتچى بولمىسا،

[1] مائىدە سۈرىسى، 58 – ئايەت.

ئاللاھقا تەقۋادارلىق يىلتىز تارتمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئاھۋالى داۋام قىلىۋېرىدۇ، خالاس.

جەمئىيىتىمىزدە ھەر كۈنى سان - ساناقسىز جىنايى ھەرىكەتلەر، ۋەھشىيانە زورلۇق - زومبۇلۇقلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئاڭلاۋاتىمىز ۋە ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ھەممە ئادەم بىر - بىرىدىن شىكايەتچى، ئايالى يولدىشىدىن، يولدىشى ئايالىدىن، ھوقۇقدارلار پۇقرالاردىن، پۇقرالار ھوقۇقدارلاردىن رازى ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماددىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى. مەنىۋىيەتكە ئورۇن بەرمىگەن ئىستىبداتلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان بۇ خەلق قەلبىنى ئىمان نۇرىغا تولدۇرالمىغان، ھالبۇكى قەلبلەرنىڭ ئاللاھقا يۈنىلىشى زۆرۈر تۇرۇغلۇق، ئۇلار ئېيتىدۇكى: «بىزنىڭ ئىمانىمىز يوقمۇ؟...». ئىمانىڭىز بولسا، ئىمتىھانغا مەرھەمەت؟ «ئاللاھ» دېيىلگەن ھامان قەلبىڭىز تىترەمدۇ؟ ئىشلىرىڭىزدا دۇرۇس، سۆزلىرىڭىزدە راستچىلمۇسىز؟

راستچىل بولسىڭىز، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك مۇنۇ ۋەقەگە قۇلاق سېلىپ ئۆزىڭىزنى ئۆلچەپ كۆرۈڭ:

بىر ئوقۇتقۇچى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن بىر ئوقۇغۇچىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى ئىكەن. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىدىن سوراپتۇ: «مۇئەللىم! پالانى ساۋاقدىشىمىزنى بەك ياخشى كۆرىسىز، ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا قانداق پەرق بار؟».

ئوقۇتقۇچى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق بېرىشنى ئويلاپ، سىنىپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا بىردىن قوشقاچ تۇتقۇزۇپ، ئۇنى بوغۇزلاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ، ئەمما قوشنى بوغۇزلىغاندا ھېچكىمنىڭ كۆرمەسلىكىنى شەرت قىپتۇ.

ئارىدىن بىر - ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بوغۇزلىغان قوشنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ...

ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كەلگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا مۇئەللىمىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ... ئەمما، ئوقۇتقۇچى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ئوقۇغۇچى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئوقۇغۇچى نېمە ئۈچۈن كەلمىدى؟ بىر قۇشقاچنى بوغۇزلاپ كېلەلمىگەن ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟...

بۇ سوئاللار ئۇستىدە تالاش ـ تارتىشلار بولۇۋاتقان بىر پەيتتە ھېلىقى ئوقۇغۇچى قولىدا قۇشقاچ تىرىك، كۆزى ياش يۇقى، خۇددى بىر جىنايەتچىدەك، غەمكىن ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى... ئوقۇتقۇچى:

– ئوغلۇم، قۇشنى نېمىشقا بوغۇزلاپ كەلمىدىڭ؟ قارا، ساۋاقداشلىرىڭ ۋەزىپىسىنى بىر ئوبدان ئورۇنداپ كېلىشتى. ئەمما، سەن! ھەي...

ئوقۇغۇچى پەرىشان ھالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تەمتىلەپ تۇرۇپ:

– ئۇستازىم! سىزنىڭ ماڭا نۇرغۇن ئەمگىكىڭىز سىڭدى. مەن سىز ئۈچۈن ئۆلۈمگە رازى، ئەمما سىز تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدىم، – دېدى.

– نېمىشقا؟

– چۈنكى، مەن ئاللاھ كۆرمەيدىغان ھېچبىر يەر تاپالمىدىم. قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھ كۆرمەيدىغان يەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ئىمانىمنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەچۈرۈم سوراپ كەلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، ئۇستازىم! – دەپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

بۇ مەنزىرە ئالدىدا باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىدۇ ـ دە، خىجىل بولۇشۇپ، ئۇستازىدىن ۋە ھېلىقى

ئوقۇغۇچىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ.

ئى مۇسۇلمان! ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭ ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمانىچىلىك بولسا ئىدى، پۈتۈن قىلمىش-ئەتمىشىڭنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن بولساڭ ئىدىڭ، گۇناھ قىلغان بولاتتىڭمۇ؟ قېرىنداشلار، ئەمدى بىھۇدە ئاۋارە بولمايلى! قەلبىمىزگە ئاللاھ قورقۇنچىسىنى يىلتىز تارتقۇزماي تۇرۇپ باشقا ھىمايىچى تاپالمايمىز.

ماددىياتلار دۇنياسىغا ۋەكىل بولغان بۇ ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشلىتىشى لازىم. ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىرەر ئەمەلدارنىڭ سۆزلىرىنى ياكى ئۇستاز ۋە پېشۋالىرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى نېمىشقا تىڭشىمايدۇ؟ قۇلاقلىرى گاس، كۆزلىرى كور بولغانلار ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى شەپەرەڭ قۇياشتىن قاچقاندەك بۇنداق ئادەملەرمۇ نۇردىن قاچىدۇ.

بۇ گۇمراھلار تېپى «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇق» دەيدۇ يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللاھقا تايانمايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلەلمىگەن بۇ ئادەملەر ئازراق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ھامان: «جېنىم دوختۇر! مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇڭ، نېمە تەلىپىڭىز بولسا، بەجا كەلتۈرەي!» دەپ دوختۇرغا يېلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ھاياتنى ئاتا قىلىپ، ساناقسىز نېمەتلەر ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىگىلىشكە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەسلىم بولۇشقا بويۇنتاۋلۇق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇزكوردۇر.

ھەرقانداق جىنايەتچى ياكى چېكىدىن ئاشقان زالىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈم كەلگەندە چوقۇم بىر مەنىۋى قۇتقۇزغۇچى (ئاللاھ) غا سىغىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ كىمگە يېلىنىدۇ، بىلەمسەن؟ ئۆمۈر بويى گۇناھ ئىشلەپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان چاغدىلا ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ. توغرا، ئىنسان بىرەر ھادىسىگە دۇچ كەلگەن ھامان تەبىئىي ھالدا «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەيدۇ. ھەرقاچان

«ئاللاھ!» دېگەن چېغىڭدا دىققەت قىلىپ باق. ۋۇجۇدۇڭدا بىر ئارامبەخش تۇيغۇ ھېس قىلماي قالمايسەن. بۇ سېنىڭ يارىتىلىشىڭدىن باشلاپ ئاللاھقا موھتاج بولغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## هايۋاندىن بەتتەر پەسلىك

بىرلىگەن ئەقىل، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر، نازىل قىلىنغان كىتاب ۋە نەسىھەتلەر بىلەنمۇ ئۆزىنى تۈيمىغان، بەتقىلىق، كۆزى كور، بەتبەختلەر ئەجەبا ئىنسانلىق سۈپىتىگە لايىق كېلەمدۇ؟ ﴿**ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپىنچىسىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر**﴾[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئوچۇق باياناتىغا قۇلاق سالغىن: ئىبەتسىيات قىلغىنىكى، ئاشۇ گۇرۇھتىن بولۇپ قېلىپ ھاياتىڭنى زەھەرلىمە؛ سەن قەلبى نۇرلۇق، توغرا يوللۇق، ئۆتكۈر پىكىرلىك بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بۇ ھايات پاجىئەلىرىدىن ئىبرەت ئالغىن! ئادەمزات كور بولمىسا ئىدى، قۇرۇق كۆلچەككە ئۆزىنى ئاتاتتىمۇ؟

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىپاقتىن قايتمايدۇ)، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ). ئۇلار ئىبرەت ئېلىشۋاتامدۇ؟ ئىنسان ئاللاھقىلا تايانمىغاندا، باشقا يار - يۆلەك ئىزدەشكە باشلايدۇ. بەزىسى شەيتان ئاسارىتىگە، بەزىسى نەپسىگە، بەزىسى دۇنياغا باغلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تايانغۇچىلىرىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە بىر

[1] فۇرقان سۈرىسى، 44 – ئايەت.

تايانغۇچى، پەرۋىشچىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

يېقىندىن ئۆرنەكلەر: بىر پاراخوت سۇغۇرتا قىلىنىدۇ. يەنى سۇغۇرتا شىركىتى تەرەپتىن پاراخوت بىلەن بىرگە يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. كاپىتان ۋە پاراخوتتىكىلەر دېڭىزدا خاتىرجەم ھالدا، قورقماي ساياھەتكە چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلارچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئامانلىقى سۇغۇرتا شىركىتىگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇسكۇدار پورتىدىن پاراخوت بىلەن يولغا چىققان 200 ئۆپچۆرىسىدە ياش پاراخوت قوزغىلىپ ئۇزۇنغا بارماي دېڭىزنىڭ تېگىدە «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپ جان تالىشىۋاتقاندا، بىز ئۇلارغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇق؟ سۇغۇرتا خادىملىرى كېلىپ، دېڭىزدىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈك جەسەتلىرىنى سۇزۇۋالمىدىمۇ؟ قېنى ئۇلارنىڭ ھاياتى سۇغۇرتا ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدىغۇ؟ سۇغۇرتا خادىملىرى نېمە دەپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزالمىدى؟

قېرىنداشلىرىم! تېخى يېقىندا فەتھىيە[1] ناھىيەسىدە بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە چالما - كېسەك ئاستىدا قالغان مىڭلارچە قېرىندىشىمىز «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ يالۋۇرغاندا، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق دەپ سىزغان لايىھەلىرى لاياقەتسىزمىدى؟ ياق، لاياقەتلىك ئىدى، ئەمما مۇلۇك ئىگىسى ئاللاھ ئىدى. شۇنىڭدەك دوختۇر: «بۇ ئادەم ساغلام، ھەرقانداق يەردە ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ» دەپ ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەرگەن كىشى بىر - ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى...

بۇنداق ھادىسىلەردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، بۇ، كۆزى ئوچۇق، ئەقىل - ھوشى جايىدا ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن ئىبرەت بىلەن تولغان دۇنيادۇر. ئەقىل كۆزىنى ئىشقا سالغان ئىنسان دۇنيا ھاياتىنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ قۇياشىدۇر. ئۇ دۇنيا ھاياتىغا ئىشەنمىگەن ياكى ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىنسانلار باياۋاندىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بەتتەر،

[1] تۈركىيەنىڭ مۇغلا ۋىلايىتىدىكى بىر ئىلچە.

ۋەھشىي ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كېلىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان! سەن بۇ دۇنيادا ئىمتىھان مەيدانىدىكى بىر ئوقۇغۇچى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىڭ. جانابى ئاللاھنىڭ: (سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتتى) دەپ بىلدۈرگەن ئايەت كەرىمەنىڭ تەلىپىگە لايىق رەۋىشتە ھازىرلىق قىلغىن، تىرىشقىن. تىرىشمىساڭ، جەننەتكە كىرەلمەيسەن. سېنى ئۆتمۈشنى ئەسلىمەيدىغان، كەلگۈسىنى ئويلىمايدىغان بۇگۈننىڭ ناتىۋانلىرى ئالدىمىسۇن! سەن ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇرسەن. ئويلاپ باق، بىرەر مەمۇرىي ئورۇنغا خىزمەتكە كىرىش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئوقۇش ئۈچۈن «تېببىي ئىسپات» كېرەك. بىرەر كېسەللىك بولۇپ قالسا، دوختۇرخانىغا بارغاندا بىرەر كېسەللىم چىقىپ قالسا، ھالىم نېمە بولۇپ كېتەر دەپ قورقمامسەن؟ بىر پارچە دۇنيانىڭ بىرەر پارچە يېرىگە كىرىش ئۈچۈن ئىچكى ۋە تاشقى پۈتۈن ئەزالىرىڭ تەكشۈرۈلىدۇ...

HAK
HAKSEVER
هەقسۆيەر

## ئى مۇسۇلمان دىققەت!

ئى مۇسۇلمان! جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىسەڭ بولمايدۇ. بۇ تەكشۈرۈشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئىسپاتى» لازىم. بۇ ئىسپات ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ، كېسەللەر جەھەننەمگە، ساغلاملار جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولسۇن دېسەڭ، بۇ دۇنيادا مېھمان تۇرۇپ پەرئەۋندەك ياشىما؛ ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن باش تارتىپ، زەھەر بىلەن ۋىجدانىڭنى بۇلغىما؛ جەننەتنى تاشلاپ، جەھەننەمنى تاللىما!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# يورۇق يۈزلەر

مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى داھىيلىرى بولغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار، ئىمان شەربىتىنى قانغۇچە ئىچكەن پەيغەمبەرنىڭ دوست - يارەنلىرى پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاھالەتتىن چىقىپ، شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان ئىدى. ئەينى چاغدا «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ جىنىنى ئالىمەن» دەپ قىلىچ كۆتۈرۈپ كەلگەن ھەزرىتى ئۆمەرمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ئىدى. ئۇ كېيىنكى چاغلىرىدا «ھەركىم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چېكىدىغان بولسا، مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇپ كېتەر؟» دەپ يىغلاپ، كېچە - كۈندۈز پۇچۇلىناتتى. چۈنكى، ئۇ بۈيۈك زات: (ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر) دېگەن ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن بۈيۈك دوختۇر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن داۋالانغان ئىدى. ناۋادا سىزنىڭمۇ قەلبىڭىزدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمىتىڭ بولسا، ئۇنىڭ شىپالىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە سەل قارىمىغىنكى، مەھشەردە، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن، ياخشىلىقى يوق بەندە، ياخشىلىقى يوق ئۈممەت بولۇپ قالمىغىن! بۇ بۈيۈك ئىسلام نېمىتىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىغىن! **﴿كىمكى، (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم**

**بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققىنى، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ﴾**[1]

دېگەن ئايەت كەرىمەنىڭ مەنىۋى كۆچىنى سەل چاغلىمىغىن! ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ بارار جايىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنسان سۈرەتلىك، شەيتان تەبىئەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئورنىنى ئالمىغىن! ھايات دۈشمەنلىرىنىڭ قىلىچى بىلەن ھاياتىڭنى چاپمىغىن! نەپس بۇتىنى چېقىپ تاشلىغىنىكى، ئىبرەتكە تولغان مۇنۇ ھادىسىگە قۇلاق سالغىن:

بىر ئادەم كېچىدە ئۇخلاۋېتىپ كۆزۈڭنى ئاچ دېگەندەك بوپتۇ ـ دە، كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر چاشقان يېنىغلىق چىنچىراغنىڭ پىلىكىنى چىشلەپ تارتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ.

ئى قېرىنداشلار! ئەگەر ئۇ ئادەم چىراغنىڭ پىلىكىنى سۆرەۋاتقان چاشقاننى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىسسىق ئورنىدىن قوپقۇسى كەلمەي ياكى پەرۋاسىز قاراپ چاشقاننى ئۆلتۈرمىگەن بولسا ئىدى، ھېلىقى چاشقان ئەلۋەتتە بىر ئوت ئاپىتىگە سەۋەب بولاتتى، بەلكى ئۇ ئادەم ئۆزىمۇ كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى ياكى ئوت كەتمىگەن تەقدىردىمۇ قاراڭغۇدا قالغان بولاتتى.

ئەي مۇسۇلمان! ياخشى ئويلىنىپ باق ۋە شۇنى پەقەت ئۇنتۇمىغىنكى، دۇنيا چاشقىنى ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرگەن بىلەن، نەپس چاشقىنى ئىمان نۇرىنى ئۆچۈرىدۇ. قەلبتىن ئىبارەت ئۇ نۇرلۇق ئىبادەتخانىنى زۇلمەتتە قويمىغىن!... قەلبىنىڭ زۇلمەتتە قېلىشى مەنىۋى ھاياتنىڭ تەمىنى قاچۇرىدۇ؛ ئايالىنىمۇ باشقىلاردىن كۈنلىمەيدىغان، خەلقئالەمدىن خىجىل بولمايدىغان، پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ. جەمئىيەتتە بۇ خىل ئادەملەر كۆپ، ئۇلاردىن پەخەس

[1] نازىئات سۈرىسى، 37–41 – ئايەتلەر.

بولغىن، ئۇلارغا ئوخشاپ قالمىغىن، ئەۋلادىڭنى بۇ يولغا سالمىغىن، ئۇلۇغۋار بىر غايەڭ بولسۇن، پۈتۈن ئىشىڭنى قۇل ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلغىن، نەپسىڭنى تىزگىنلىگىن، ئىسلام ئاساسلىرى بويىچە ياشىغىن، يۈزۈڭنى ۋە قەلبىڭنى نۇرلاندۇرغىن! نۇرلاندۇرغىنكى، ئورنۇڭ جەننەت بولسۇن. ئەي مۇسۇلمان! يۈزۈڭ يورۇق بولسا، ئورنۇڭ جەننەت بولىدۇ.

## ئى دادا، ئەۋلادىڭنى مۇھاپىزەت قىل!

سىلەر ئاللاھنىڭ ئامانىتى، ئائىلىنىڭ ھۇزۇرى ۋە خۇشاللىقى بولغان سەبىي بالىلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى. كەلگۈسىدە ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان، چوڭ - چوڭ ۋەزىپىلەرگە ئاتلىنىپ، تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرىدىغانلار بۈگۈننىڭ ياش ئۆسمۈرلىرىدۇر. ئى قېرىندىشىم! ۋەتىنىمىزنىڭ دوزاخقا ئايلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ شەيتانىي سۈپەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ، ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشىغا ۋىجدانىڭ چىدامدۇ؟

ئى ئادەمزات! ئاللاھنىڭ مۇنۇ مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سال: ﴿**ئى مۆئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە ئەۋلادىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾[1].

دۇنياغا باغلىنىپ، ئاللاھنى ئۇنتۇغان غاپىللارنىڭ ھالاكەتكە دۇچار بولۇشى سىنى ھەيران قالدۇرمىسۇن. توغرا، ئەگەر ئەۋلادىڭنى تەربىيەلەشتە بىپەرۋالىق قىلغان بولساڭ، مىلىڭغا ئىشىنىپ گۇناھ ئىشلىگەن بولساڭ، ھالىڭ خاراب، دىققەت قىلغىن! كېلەچەكنىڭ يىرتقۇچ، ۋەھشىي ھايۋىنى، قاتىلى، ئوغرىسى، دىنسىزى بولىدىغان بىر ئەۋلادنىڭ دادىسى بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈنمۇ چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن. بۇ مال - مۈلۈك ۋە بالا - چاقا ساڭا نېمە ئۈچۈن بېرىلدى؟ ئەۋلادىڭنىڭ

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى، 9 - ئايەت.

قولىدىن يېتىلەپ مەيخانىلارغا ئاپارغىن دەپمۇ؟ قېرىندىشىم! دىققەت قىلىدىغان بولساق: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئاياللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھاندۇر**﴾[1] دېگەن بۇ ئايەتتىن ئۇلارنىڭ ئىنسانغا ئىمتىھان ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئى ئاتا! ئۇنداقتا سەن ئىمتىھانغا ھازىر بولغىن. يىللارچە خاپىلىقىنى تارتىپ، جاپاسىنى چېكىپ ئاران چوڭ قىلغان ئەۋلادىڭنى قەلبى ئىمانسىز، تىلى قۇرئانسىز، قۇلىقى ئەزانسىز تاشلاپ قويمىغىن. بۇنداق دېسەم، چىرايىڭنى تۈرۈپ: «مەن نېمە قىلاي؟» دەپ ماڭا ماي تارتماي، مۇنۇ ھەقىقەتكە نەزەر سالغىن:

بىر ئەتىگىنى نەگىدۇر بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ بېكەتتە ئاپتوبۇس ساقلاۋاتاتتىم. دىققىتىم توساتتىن بىر بالىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بالا ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە، ئاپتوبۇس كەلمىگەنلىكىدىن تىت - تىت بولۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

– قېرىندىشىم، نەگە بارماقچى ئىدىڭىز؟

– ئانترەنىمانغا بارماقچى ئىدىم.

– ئانترەنىمان دېگىنىڭىز... قەيەر ئۇ؟

– بۇ يەر ئىسمى ئەمەس. پۇتبول مەشىقى دېگەن بولىدۇ، ئەپەندىم!

بۇ ئەسنادا ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى. مەن يەنە سورىدىم:

– بۇ نېمە ئاۋاز، بىلەمسىز؟

– ئەزان، ئەپەندىم! بۇ ئادەم شۇ قەدەر تېتىقسىزكى، كېچىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ، ئەمدى ئۇخلاي دېگەن ھامان مۇشۇنداق ۋارقىراشقا باشلايدۇ. داۋامى قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىدۇ بۇ

[1] سۈرە تەغابۇن، 14 – ئايەت.

تېتىقسىزدىن...

– سىز ناماز ئوقۇمامسىز؟

– بۇ ئەزان مۇسۇلمانلارغا خاس.

– سىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟

– مۇسۇلمان، ئەمما مەسچىتكە بارمايمەن، چۈنكى ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيمەن دەپ ئاۋارە بولىدىغان گەپ. ھازىرقى دەۋر ئەھمىيەتسىز يېتىپ ـ قوپىدىغان دەۋرمۇ؟ تېخى ئاخشىمى دەل كىنو ـ تىياتىرلار باشلىنىدىغان چاغدا مەسچىتكە بارىدىغان گەپ...

– دادىڭىز بارامدۇ؟

– ئۇ جۈمە كۈنلىرى بارىدۇ، مەن ھېيت كۈنلىرى بارىمەن.

– ئانىڭىز ناماز ئوقۇمدۇ؟

– ۋاي ۋۇۋۇي ... ئۇنىڭ قانداقمۇ ناماز ئوقۇغىلى چولى تەگسۇن!؟ ئۇنىڭ ئىشى شۇنچىلىك كۆپكى، ھەر كۈنى دېگۇدەك دوست ـ يارەنلىرىمىز كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەتىگەندىن باشلاپ شۇلارغا تاماق ئېتىش، مېھمان ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش. كەچلىك تاماقتىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارىمىز ـ دە، كېچە سائەت 12لەردىن ئاشقاندا ئاران ئۆيگە قايتىپ كېلىمىز.

– ئۇنداقتا، بامدات نامىزىغا قوپىمامسىلەر؟

– نېمە دەيدىغانسىز، ئەپەندىم! بىرئاز ئىنساب بىلەن گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ دادام داۋاملىق كەيپ ياتىدىغان تۇرسا، ئانام ھېرىپ ـ چارچاپ كېتىدىغان تۇرسا، مەن كېچىچە پۇتبول كۆرىمەن، پۇتبول يوق كۈنلىرى ئامېرىكا فىلىملىرىنى كۆرىمەن ـ دە، تاڭ ئاتارغا يېقىن چارچاپ، تېلېۋىزور ئالدىدىلا ئۇخلاپ قالىمەن...

– سىلەرمۇ ھاراق ئىچەمسىلەر؟

– ھەئە، ئىچىمىز. ھاراق دېگەن ئىشتىھانى ئاچىدىغان تۇرسا، سىز ئىچمەمسىز؟

– ياق! ھاراق ئىچىش دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىش. سۇ، سۈت، مېۋە سۈيى دېگەندەك ئىچىملىكلەر تۇرسا، ھاراق ئىچىپ نېمە قىلىمەن؟

– ھاراقنىڭ پايدىسى كۆپ. سوغۇققا تونۇرمايدۇ، ئەمەسمۇ؟!

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر! سىلەرمۇ شۇنىڭدەك بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ قالماسلىقىڭلاردىن خاتىرجەممۇ؟ ياق، خاتىرجەم بولالمايسىلەر، چۈنكى ئوخشاش شارائىت ۋە ئوخشاش مۇھىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەجەبا، بۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىنو ـ تىياتىرلاردىن توسىمايدۇ يۇ، مەسچىتكە بېرىشتىن توسامدۇ؟ پۇتبول مەشىقىگە سالىدۇ يۇ، قۇرئان ئوقۇتۇشقا سەل قارامدۇ؟ بىز پۇتبول دۈشمىنى ئەمەس، ئەمما مۇسۇلمان خەلق مۇسۇلمان تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانغا يارىشا ياشىمايدۇ؟ ئى خەلقىم! جانابى ئاللاھنىڭ ئادەمنى ۋەھىمىگە سالغۇچى مۇنۇ ئاگاھلاندۇرۇشىغا دىققەت قىلايلى: ﴿**ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار!**﴾[1].

بەلكىم: «نېمىدىن ساقلايمىز؟» دېيىشىڭلار مۇمكىن. بىز ئالدانغان نۇقتا مانا مۇشۇ. رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىدا سېنى يەرگە قارىتىدىغان، پەرىشان قىلىدىغان، ئاخىر جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىغىن! بىز نېمىشقا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايمىز؟ ئائىلە بويىچە قول تۇتۇشۇپ، بالىلىرىنى كىنو ـ تىياتىرلارغا، ئويۇن ـ كۈلكە ۋە توي ـ مەرىكىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان دادىلار نېمىشقا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ مەسچىتكە ئېلىپ بارالمايدۇ؟ ئەھۋالىمىز

[1] تەھرىم سۈرىسى، 6 – ئايەت.

مۇشۇ تۇرسا، قايسى يۈزىمىز بىلەن پەيغەمبىرىمىزدىن شاپائەت، ئاللاھتىن جەننەت كۈتىمىز؟

ئىسلامىيەتنىڭ مۇنۇ ئىجتىمائىي تەرتىپ قانۇنىنى ئېسىڭىزدە تۇتقىن: «سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادائڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر».

ئى مۇسۇلمان! سەن بىر پادىچى!

ئەھلىڭنى قىلما قۇربان،

قارا، نېمە دەيدۇ ئۇلۇغ قۇرئان؟

سەندە بولسا ئەقىل ۋە ۋىجدان،

ئاللاھتىن بىرئاز بولسىمۇ ئۇيات!

ھازىرقى نادان ياشلارنىڭ ھالى مانا مۇشۇ. بىر كۈنى بىر ياشقا: «بالام، خەلق ناخشىلىرىدىن بىرەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز؟» دېگەن ئىدىم، ئۇ قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا: «بولىدۇ، تەقسىر!» دەپ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن «قىزىم، سېنى ئەلگە ياتلىق قىلايمۇ؟» دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئېيتىپ بەردى. يەنە سورىدىم:

– سىز مۇسۇلمانمۇ؟

– شۇنداق، تەقسىر.

– ئەلھەمدۇنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟

– ...

– تاھارەتسىز ئوقۇماي دەۋاتامسىز نېمە ياكى خىجىل بولۇۋاتامسىز؟

– ياق، تەقسىر، مەن... بىلمەيتتىم.

– سىزگە نېمە بولدى، چىرايىڭىز قىزىرىپ كەتتىغۇ؟

– بىلمەيمەن، ئەيىب مەندىمۇ؟ ماڭا بىرسى بۇنى ئۆگەتمىگەن تۇرسا!؟

– توغرا دەيسەن، ئوغلۇم! بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، ئۆگەنمەسلىك ئەيىب.

يەنە سورىدىم:

– 622 ـ يىلى مەككىدىن مەدىنىگە كىم ھىجرەت قىلغان؟

– ...

– پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىم؟

– جىق سوئاللارنى سوراپ كەتتىم. ئەسلىدە سىز بۇلارنى بىلىسىز، خىجىل بولۇپ جاۋاب بېرەلمەيۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

– ياق، تەقسىر! مەن راستتىنلا بىلمەيدىكەنمەن؟ پەيغەمبەر كىم؟ ئىمان دېگەن نېمە؟ قۇرئان قانداق كىتاب؟ بۇلارنى ماڭا ھېچكىم ئۆگەتمىگەن تۇرسا، مەن بۇلارنى نەدىن بىلەي؟! ئىچىم پۈتۈنلەي بوش، تاغا! ھەر قېتىم ئەزاننى ئاڭلايمەن يۇ، مەسچىتكە بارمايمەن، بۇنىڭدىن قاتتىق سىقىلىمەن، بەزىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام دەپ قالىمەن. مەن نېمىدېگەن بەختسىز. مەكتەپتە دىنىمنى خاتا چۈشەندۈردى. «موللا دېگەن مەدەنىيەتنىڭ، دىن تەرەققىياتنىڭ دۈشمىنى» دېدى. ئائىلەمگە بولغان مۇھەببىتىم كۈنسېرى سوۋۇدى. ھازىر يالغانغا، قىمارغا، ھاراققا كۆنۈپ قالدىم، ئەمدى مەن تۈگەشتىم، تاغا! بىر قارلىغاچ چېغىدا دان ئىزدىگىلى چىقماقچى بولسا، «بالىلىرىم ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن» دەپ پۈتىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇپ كېتىدىكەن. بىرەرسى چۈشۈپ كەتكۈدەك بولسا، باشقىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدىكەن ـ دە، ئانىسى قايتىپ كەلگەندە قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىكەن.

گېپىم توغرىمۇ، تاغا؟ دادامنىڭ ماڭا بولغان شەپقىتى، ئانامنىڭ مېھرى بىر قۇشنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرىچىلىكمۇ يوق ئەمەسمۇ؟! مەن ئۇلاردىن ھەققىمنى ئالىمەن، مەن بىر گۇناھسىز، نادان بالىمەن» دەپ ياش تۆكۈپ، يىغلاپ كەتتى. قەلبى جاراھەتلەنگەن، ۋىجدانسىز دادىسىنىڭ قولىدا نابۇت بولغان بۇ ناتىۋان بالىنىڭ ئاچچىق يىغىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىپ، مەنمۇ يىغلاپ تاشلاپتىمەن. ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي: «مۇنەۋۋەر مىللىتىمنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى، ئەجدادىڭ كەبى قولۇڭدا قۇرئانىڭ، دىلىڭدا ئىمانىڭ بار. مەيۇسلەنمە! مەن بىلىمەن، سىلەرنى ساختا مەدەنىيەتنىڭ يالتىراق شولىسى ئالداپ كەتتى. تارىختىن بىرى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ كۆكرەك كېرىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى موللىلار ئىدىغۇ؟ ۋەتەن ئۈچۈن جەۋلان قىلىپ: «قورقما، ئۆچمەس بۇ شەپەق، لەپىلدەيدۇ ئال بايراق» دېگەن ئەسكەرلەرگە خىتاب قىلىپ:

«ئى شېھىت ئوغلى شېھىت!

تەلەپ قىلما مەندىن مەقبەرە،

ئېچىپ تۇردۇ قۇچاق ساڭا پەيغەمبەر»

دېگەن ئىسلام مۇجاھىدى مەھمەت ئاكىف ئىدى. بۇ بەختسىزلەر «بۇ دىن بىر پۈۋلەش بىلەنلا ئۆچىدۇ» دەپ ئويلىشامدۇ؟ ھەرگىز ئۆچمەيدۇ، قىرىندىشىم! مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ... ﴿**ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى دىنىنى غالىب قىلغۇچىدۇر). مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى**﴾[1].

[1] سەف سۈرىسى، 8–9 – ئايەتلەر.

ئەينى زاماندىكى ئەبۇ جەھىل بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ئەبۇ جەھىلنىڭ قىلىقى بويىچە ياشىغانلارمۇ جازاسىنى كۆرىدۇ. چۈنكى، كۇمۇتا ۋە بۇرگىگە چاغلىق ھاشاراتلارغا ئاشقازان ئاتا قىلغان بۈيۈك ئاللاھ بۇ زالىملارنىڭ جازىسىنى بېرىشكىمۇ قادىردۇر.

قېرىندىشىم، ماڭا قۇلاق سال:

تەبىئەت دەرسى ئوقۇپ نەسلىنىڭ مايمۇندىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلارغا دېگىنكى، ئۇ دەرسنى مەنمۇ ئوقۇدۇم، ئەمما ئۇنداق مەنتىقسىز سەپسەتىگە ھېچقاچان ئالدانمىدىم، ئۆمۈچۈكتىن نومۇس قىلىشنى، ھەسەل ھەرىسىدىن تىرىشچانلىقنى ئۆگەندىم. تارىخ ئوقۇدۇم، ئىبرەت ئېلىپ، تەدبىر ئۆگەندىم. فىزىكا ۋە خىمىيە ئوقۇدۇم، تەپەككۇر قىلدىم. ئاسترونومىيە ئوقۇدۇم، ھەقىقەتكە قۇچاق ئاچتىم. ئېيتىپ باققىن، قېنى... سەن نېمە ئۈچۈن دىنىدىن ئازدىڭ؟ «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياشلىقىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ». بۇ نېمىدېگەن كاتتا مەرھەمەت! شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەندىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ ئىنسانغا؟!

## غەنىيمەت بىل!...

«(مۇنۇ) بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن ئىلگىرى غەنىيمەت بىلگىن: ياشلىقىڭنى قېرىلىق يېتىشتىن ئىلگىرى، سالامەتلىكىڭنى كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى، بايلىقىڭنى نامرات بولۇشتىن ئىلگىرى، تىرىكلىكىڭنى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى، بوش ۋاقتىڭنى ئالدىراش بولۇشتىن ئىلگىرى غەنىيمەت بىلگىن!».

ھاياتنى قەدىرلەشنى، قىممىتىنى بىلىشنى خالىساڭ، قەبرىستانلىقتا بىرىپ كۆرگىن. بىر زامانلاردا قۇش پەيلىرىدىن تىكىلگەن ماموق كۆرپىلەردە ياتقان ئاتاقلىق ئەربابلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن تۇپراق ئاستىدا ياتىدۇ. بىلگىنكى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوينىغا ئالغان قارا تۇپراق، سېنىمۇ ئاياپ قالمايدۇ. شۇڭا، قارا كۆزلىرىڭگە ھامان بىر كۈنى تۇپراق كىرىدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تىرىكلىكىڭ نامايان بولۇپ تۇرسۇن. ساغلام تۇرۇپ ئۆلۈكتەك ياشىما، بۇ نېمەتنى جاھالەت ۋە نادانلىق جىلغىلىرىدا زايە قىلىۋەتمە. دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كۆرگىنكى، ئۇ يەرلەردە ئىڭراۋاتقان، «جېنىم دوختۇر» دەپ يالۋۇرۇۋاتقان بىمارلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئال، ئاللاھتىن سالامەتلىك تىلە، ساق ۋاقتىڭدا «ئاللاھ» دېگىن. بۈگۈن كۈلۈپ تۇرۇپ گۇناھ ئىشلىگىنىڭ بىلەن، ئەتە، ئۇ دۇنيادا يىغلاپ تۇرۇپ پۇشايمان قىلىسەن.

«كىمكى كۈلۈپ تۇرۇپ گۇناھ ئىشلىسە، يىغلاپ تۇرۇپ

دوزاخقا كىرىدۇ».

يىغلىماي تۇرۇپ كۈلەلمەيسەن. بۇ ھەدىسنىڭ تېگىگە چۆكۈپ ئويلاپ كۆرگىن، ئۆزۈڭنىڭ قاتىلى بولمىغىن. نەمرۇد كۆپ كۈلگەن ئىدى، ئاقىۋەت بىر پاشا سەۋەبلىك مەسخىرىلىك ھالدا ئۆلدى. دۇنيادا ئۆلمەي قالغان ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى كۆرمىگەن ئادەم بارمۇ؟ پۇرسەت بولسىلا چايخانا ۋە قەھۋەخانىلاردا شىشىخال ئاتىدىغانلارغا ھەمراھ بولمىغىن. ياشلىقىڭ بىر قۇشقا ئوخشاش ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، داۋان ئاشالمايسەن. بۇ دۇنيادىن ھامان كۆچىسەن، سەپەرگە ھازىر بولغىن!... ﴿**كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن. ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر**﴾[1].

ئى ئىنسان! نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ پۈتۈن ئالەمنىڭ رەھمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن قورقۇپ، ھۇزۇرىدا كۆز يېشى تۆكەتتى، بېشىنى سەجدىگە قويغان پېتى ئۆزىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى.

«مال ـ مۈلۈك ۋە يۈز ـ ئابرۇيدا قانچىلىك يۈكسەلسەڭ، مەنىۋىيەتتىن شۇنچىلىك ئۇزاقلاش» دەيدىغان قائىدە بارمۇ؟ مەسئۇللىرىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، تىك تۇرىسەن يۇ، نېمىشقا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرالمايسەن؟ «ئايلىق ئالىمەن، سائەت سەككىزدە گىمناستىكىغا ئۈلگۈرمىسەم بولمايدۇ» دېگەنلەر ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ، ناماز ئوقۇشلىرى كېرەك ئىدىغۇ! ئوقۇمىسا، تۇزكورلاردىن بولماسمۇ؟!

كۈنلەردىن بىرىدە مەلۇم بىر شەھەرگە بارغان ئىدىم. 40 مىڭ نوپۇسى بار بۇ شەھەرنىڭ مەسچىت ـ جامەلىرىدە 1000 ئادەم يا بار، يا يوق. ئومۇمەن ئاھالىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولغان بۇ

[1] لوقمان سۈرىسى، 18–19 ـ ئايەتلەر.

شەھەر خەلقى نەگە كەتتى؟ ھەيرانلىقتىن جامائەتنىڭ بىرىدىن سورىدىم:

– بۇ شەھەردە خىرىستىيانلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؟

– خىرىستىيان يوق، شەھەر خەلقى ھەممىسى مۇسۇلمان، ئەلھەمدۇلىللاھ.

– ئۇنداق بولسا، بۇ شەھەرنىڭ ئاقىل ۋە بالىغ ئەرلىرى ساياھەتكە چىقىپ كەتتىمۇ؟

– ياق!

– ئەمىسە، تۈرمىگە قامىلىپ قالدىمۇ؟

– بىز ھۆر مىللەت، ئەپەندىم. ئاللاھ كۆرسەتمىسۇن، چۈنكى بىز تۈركلەر ئەسىر بولۇشنى بىلمەيمىز.

– ئۇنداقتا، ئۇلار جامەگە نېمىشقا كەلمەيدۇ ياكى ناماز ئوقۇمامدۇ؟

– كۆپىنچىسى ئوقۇمايدۇ. مەن بۇ ھەقتە نېمە دېيىشنى بىلمەيمەن. مەدەنىيەت ئەپەندىم، مەدەنىيەت... ياۋروپالاشتۇق يەنى ياۋروپالىقلار ناماز ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا شۇلارغا ماسلاشمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىمىزگە سەمىمىي بولالمايۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

– مۇنداق دېسىلە. «بىز كومپىسىمىزدىن ئايرىلىپ قاپتۇق». جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز**﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ ئۆزىلا خۇددى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قودۇققا سەكرەشتەك ئوسال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساقچۇ،

[1] سەجدە سۈرىسى، 22 – ئايەت.

كاشكى... بىر كۈنمۇ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈمىگەن بولاتتۇق. خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار... ناماز ئوقۇش مەجبۇر، ئوقۇمىسا ياقىسىغا ئېسىلىمەن دېگىنىم يوق. پەقەت ئۆزى مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل، ئەقلى - ھوشى جايىدا كىشىلەرگە قېرىنداشلارچە ئاللاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. دىنىمىزدا مەجبۇرلاش يوق، چىن قەلبىدىن سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنىمىغان ئىبادەت پايدا ئورنىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەمما، شۇ بىر ھەقىقەتكى، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بولغان بىر ئادەم ئىمانسىز، دەھرىيلەرگە نىسبەتەن نۇر چېچىۋاتقان قۇياشقا ئوخشايدۇ. ھەقىقىي تەقۋادارلىق بولمىغان كىشىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى دۇنيا تونۇپ يەتتى. بىز مۇسۇلمانلارمۇ تارىختىن بېرى ئىنسانلارنى دۇنيا پالاكىتىدىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ بەخت - سائادەت باغچىسىدا بۇلبۇل بولۇپ سايرىشىغا تەشنا بولۇپ كەلمەكتە. ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر مۇسۇلمان ھېچقاچان ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە قۇل بولۇشقا، ئېگىلىپ بويۇن قىسىشقا، ياردەم تىلەپ يېلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. سۈرە فاتىھەدە: (ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز) دېگەن ئايەت كەرىمەدە زالىملارغا يانتاياق بولۇپ، تەخسىكەشلىك قىلىۋاتقان خۇشامەتچى غالچىلارغا تەنبىھ بېرىلمەكتە.

بۇ دۇنيادا ئاللاھنى تىلغا ئالالايدىغان تۇرۇپ تىلغا ئالمىغانلار ھالاكەتكە مەھكۇمدۇر. دىنسىزلىقتا ۋە دەھرىيلىككە چاقىرىپ، دىنىي قانۇن ۋە ئىبادەتلەرگە تىل ئۇزىتىپ، ھارامزەدىلىك قىلغانلارغا ئىلاھىي پەرمان شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: (ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسچىتلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدا كىرىشلىرى لازىم ئىدى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ).

سەن بۇ ئايەت كەرىمەنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېگىلمەمسەن؟ مەسچىتكە كىرىشتىن قاچقانلارنىڭ شەيتاننىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ناماز ۋاقتىدا ئەزاننى ئاڭلاپ قالىمەن دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، مەيخانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا تۇگۇلۇپ يۇرگەنلەرنىڭ نۇردىن قورقىدىغانلىقىمۇ مەلۇم. سەن بۇلارنىڭ قايسى تائىپىسىدىن؟ قېنى جاۋاب بەر.

بەلكىم، ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ھالىمۇ تايىنلىق، مېنىڭ قەلبىم پاك، قەلبىم پاك تۇرۇغلۇق يەنە ناماز ئوقۇشۇمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ دېيىشىڭ مۇمكىن.

توغرا، جانابلار! قەلبى قارا خامۇشلار شۇنداق چۈشىنىدۇ، كۆزلىرى كورلار قۇياشنى كۆرەلمەيدۇ، قۇلىقى گاسلار ئىلاھىي پەرماننى ئاڭلىيالمايدۇ، قەلبى قارىلار ناماز ئوقۇيالمايدۇ، چۈنكى ﴿**ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىيالمىغاندەك ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمەيدۇ) كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتمايدۇ**﴾[1]. ئۇلارغا بۇ سۈپەتلەر يېتىپ ئاشمىغاندەك يەنە ھەددىدىن ئاشىدۇ.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] بەقەرە سۈرىسى، 18 – ئايەت.

## مۇسۇلمان دىققەت!

﴿كىمكى ئاللاھنى، **ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى ۋە مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، (ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ**﴾[1].

قەلبىمىدىن نىجاسەت ئېقىتىپ، ئېغىزىدىن تېتىقسىز گەپلەرنى چىقىرىپ، قەلبىدە شەيتان ئات چاپتۇرۇۋاتقان ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى تونۇۋالغىنكى، ئۇلارغا ئوخشاش كاپىر بولمىغىن. ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بالا - چاقىلىرىڭنى بۇ غاپىللار گۇرۇھىغا قوشمىغىن. بۇنداق ئازغۇنلار ئۆزىنىمۇ ياخشىلىققا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى، 98 – ئايەت.

# جەننەت يولنى قانداق كۆرستەلەيسەن؟

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز! بىر پوپ بىلەن مۇسۇلمان بىر تۈرك بالا ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنۇ سۆھبەتكە دىققەت قىلغايسىلەر:

بىر پوپ بىر كۈنى شەھەرگە كېلىپ، چېركاۋنى تاپالماي بىر بالىدىن سورايدۇ:

– ئوغلۇم، مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر، چېركاۋنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن، ئەگەر بىلسىڭىز، كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز.

– بولىدۇ، پوپ تاغا!

ئۇلار مېڭىپ، ئۇزۇنغا قالمايلا چېركاۋغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە پوپ مۇنداق دەيدۇ:

– بالام، سىز ھەقىقەتەن ياخشى بالا ئىكەنسىز. مە، بۇ پۇل ۋە كەمپۈتلەرنى ئېلىپ، ئەتە مۇشۇ چېركاۋغا كېلىڭ، سىزگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قوياي.

– بولىدۇ تاغا، ئەمما سىز چېركاۋنىڭ يولىنى تاپالمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا جەننەتنىڭ يولىنى قانداق كۆرسىتىپ قويىسىز؟

قېرىنداشىم، قۇلاق سېلىڭ، ئاسمان - پەلەك مۇنارلاردا ئىلاھىي پەرمان ئوقۇلۇپ، مۇئەززىن: «ئى جامە يولىنى تاپالمىغانلار، جامە بۇ تەرەپتە، جامەنىڭ ئورنىغا مەيخانىلارغا كەتمەڭلار!» دەپ چاقىرغاندا جامەگە كەلمىگەنلەر، كۆزلىرى

ئۇچۇق تۇرۇپ كۆرەلمىگەنلەر ھېچكىم ھوشىنى تاپالمايدىغان دەھشەتلىك كۈندە جەننەتنىڭ يولىنى قانداق تاپالايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمامدىغاندۇ؟

كورلارنىڭ ھالىنى جانابى ئاللاھ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ﴿**بۇ دۇنيادا كور ئادەم ئۇ دۇنيادىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ يولدا بولىدۇ**﴾[1]. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ئاگاھلاندۇرۇش ھە!

دىققەت قىلغىن، «مېنىڭ كۆزلىرىم ساغلام، دوختۇر ئىسپات قەغىزى بەردى. مەن بۇ ئايەتتىكى كۆرسەتكەن قارىغۇلاردىن ئەمەسمەن» دېمىگىن. بۇ، ئەبۇ جەھىلگە ئوخشاش ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان قەلب كۆزى كور، بەختسىزلەر ئۈچۈن قاتتىق تەنبىھتۇر. بولمىسا، ئىلاھىي كاچات زەربىسىدىن يىغلايسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە قىلغان مۇنۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالغىن:

«ئى ئەلى! قورقمىغىن، پەقەت گۇناھىڭدىن قورققىن! ئى ئەلىي، يېلىنمىغىن، پەقەت ئاللاھقىلا يېلىنغىن!».

دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن زالىملارنىڭ ئالدىدا سارغايما! سېنى تۇگەشتۇرىدىغىنى ئۆز گۇناھىڭدۇر. بۇنىڭغا دىققەت قىل، ئۆز قولۇڭ بىلەن دوزاخ چاقىرىقىنى يازما، ئۆز ئوراڭنى ئۆزۈڭ قازما، زالىملارغا ئوخشاش ئازمىغىنىكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۇنۇ پەرمانىغا قۇلاق سالغىن: ﴿**زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر**﴾[2].

موھتاجغا موھتاج بولمىغىن، مايىلمۇ بولمىغىن، ئاللاھقىلا تايانغىنكى، پانىي دۇنيانىڭ يولۇچىسى تۇرۇپ پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا پەرىشان بولمىغىن!

[1] ئىسرا سۈرىسى، 72 – ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى، 113 – ئايەت.

بۇ دۇنيا ساڭىمۇ قالمايدۇ

**﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن - كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى﴾**[1].

قېرىندىشىم، ياخشى ئويلاپ باققىن! ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈڭنىڭ، تېرىلغۇ يەرلىرىڭنىڭ، مال - مۈلكۈڭنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى كىم؟ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نۇرغۇن خاقانلارغا، پادىشاھلارغا ۋاپا قىلمىغان بۇ دۇنيا سېنىمۇ ئاياپ قالمايدۇ. سەن بۇ دۇنياغا بىر مېھمان. مېھمان تۇرۇپ ساھىبخانىغا ئوخشاش بولۇۋالمىغىن!

بىر قېتىم بىر جامەدە ۋەز - نەسىھەت قىلىۋېتىپ جامائەتكە:

– مۆھتەرەم جامائەت! مەن بىر مۇساپىر، بۇ يەردە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرىمەن. ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭلار، تەلپىمنى ئورۇنداپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. تەلپىم شۇكى، ماڭا دەرھال ئىككى كۈن ئىچىدە بىر يۇرۇش ئۆي سېلىپ بېرىڭلار، مەن ئۇ ئۆيدە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن كەتمىسەم بولمايدۇ، – دېدىم.

جامائەت نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر مەھەل تۇرۇپ قېلىشتى... «ئەجەبا، بۇ ئاخۇنۇم مەيخانىدىن كەلگەنمىدۇ ياكى جۆيلەۋاتامدىغاندۇ؟» دەيدىغان ھالغا كەلگەنلەرمۇ بولدى. بۇ ئارىدا بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

– مۆھتەرەم ئۇستاز! ناۋادا سىلى ئىككى - ئۈچ كۈنلا تۇرىدىغان بولسىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي سېلىپ يۈرۈشنىڭ كېرىكى يوق. سىلىنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز. سىلى ئۈچۈن ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ھەر دائىم ئوچۇق. قايسىمىزنىڭ ئۆيىنى خالىسىلا، شۇ ئۆيدە تۇرسىلا بولىدۇ. ئەمما، سىلىنىڭ بىزدىن ئىككى

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 64 – ئايەت.

كـۈن ئىچـىـدە بـىـر يـۈرۈش ئـۆي سـىـلىـپ بـىـرىشـىـمىزنى تەلـەپ قىلغانلىقلىرىنىـڭ ھېكمىتىنـى چۈشـىـنەلمەي قالدۇق.

جامائـەت توغـرا دەۋاتاتتـى، چۈنكى ئـىـككى كـۈن تۈرىدىغان بـىـر ئاخۇنۇمنىـڭ قىلغـان ۋەز ـ نەسـىـھەت بەدىلـىـگە بۇنداق ئورۇنسـىـز تەكلـىـپتـە بولۇشـى تولـىـمـۇ بـىـمەنـە ئـىـش ئـىـدى. ئاندىـن مـەن جامائەتكـە دېدىمكى:

– مـەن بۇ يەرگـە ئىككى كۈنلـۈك مېھمـان بولغانلىقىـم ئۈچۈن تەكلىپىـم قوبـۇل كـۆرۈلمىـدى. تەكلـىـپىمدىـن ۋاز كـەچتـىـم. دېمـىـسـىـمۇ، ئـىـككى كۈنلۈك مېھمانىنىـڭ ئۆيگە ئېھتىياجى يوق. ئەمـمـا، مۇنۇ سـوئالغا جـاۋاب بېرىـپ بېقىڭلار: ئـاراڭلاردا مېنىـڭ مۇشـۇ ئـىـككـى ئـۈچ كـۈن ئـىـچـىـدە ئۆلـۈپ كـەتمەيدىغانلىقىـمغـا كاپالەتلىـك قىلالايدىغانـلار بارمۇ؟

– ...

پۈتـۈن جامائـەت جـىـمجـىـت ئـىـدى، چۈنكـى ئەجـەل ئوقىنىـڭ قاچـان، كـىـمگـە تېگىدىغانلىقـى ئېنىـق ئەمـەس. شـۇڭىمۇ، جامائەتنىـڭ بېشـى چۈشـۈپ كـەتكـەن ئـىـدى. شـۇنداق قىلىـپ ئۆلارمۇ ئۆزلىرىنىـڭ بۇ دۇنياغا مېھمان ئىكەنلىكىنى چۈشـىـنىـپ يېتىـپ، ئۆكسـۈپ يىغلاشـقا باشـلىدى. يەنـە دېدىمكـى:

– ئـى ئۈممىتـى مۇھەممـەد! سـىـلەر بـۇ دۇنـيـادا بـىـر يولـۇچـى تۇرۇغلـۇق دۇنياغـا بۇنچـىـۋالا كـۆڭـۈل باغلىدىڭلار، بەس ـ بەسـتـە ئـۆي ـ ئىمـارەتلەرنى سـىـلىـپ، خـۇددى ئۆلمەيدىغانـدەك بىرنەچچە يىللىـق مال ـ مۈلـۈك توپلىدىـڭلار، كۈتۈلمىگەن ھادىسـىـلەرگە قارشـى ھـايـات سۇغۇرتىسـى قىلـدۇردۇڭلار. ھـەر ھـالـدا مۇشـۇنداق بـىـر ئۆتـەڭ دۇنيـادا شـۇنچـىـۋالا ھازىرلىقلارنـى قىلغىنىڭلارغـا قارىغانـدا، ئەلـۋەتتـە ئەبەدىـي ھـايـات قـارارگـاھـى بولغـان ئاخىرەتـىـڭلار ئۈچۈن ھـازىـرلـىـقـىـڭلار تولـۇق ئوخشـايدۇ... ئاراڭلاردا بۈگـۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىـڭ سـاھابىلىرىگە ئوخشـاش بېمـەك ـ ئىچمەكتىـن، مـال ـ مۈلۈكتىـن، ئـېـپـەت ـ نومۇسـىـدىن، ئەھلـى ـ ئايـال ۋە بـالا ـ چاقىلىرىدىـن يـۈزۈم يـورۇق ھـالـدا

ئىمتىھان بىرەلىيمەن دەيدىغانلار بولسا، ئورنىدىن تۇرسۇن؛ يەنە كائىناتنىڭ خالىقى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يېنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويمىسۇن، (شەيتاننىڭ) سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالدىشىغا يول قويماڭلار**﴾[1] دىگەن پەرمانى ئالدىدا ئەپۇ پەرمانى ئالالايدىغان قانچە كىشى بولسا، ئورنىدىن تۇرسۇن!

ھېچكىم قول كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرمىدى. قارىسام، ھەممىسىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ھەتتا پىرىسلىغان ئاۋازمۇ يوق. دىمەك، بۇ دۇنيانىڭ ئادەمزاتنى ئالداپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئىش - ئەمەل ۋە ھايات دەپتىرى قاتلانغان ئالىي سوت مەھكىمىسىدە، جازا مەيدانىدا: ﴿**نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن. بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە**﴾[2] دېيىلگەن چاغدا، ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ پۈتۈن قىلغان - ئەتكەنلىرى چالا قويماي خاتىرىلەنگەن نامە - ئەمال دەپتىرى كىشىنىڭ دوزىخىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قانداق قىلىدۇ؟ جامائەت قورقۇشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى، ئالدىمىزدىكى ھالاكەتنى ئاددىي سانىغىلى بولمايتتى.

ئى مۇسۇلمان! پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتىڭ دەپتەرگە يېزىلىدۇ. رەسىمگە چۈشمەكچى بولساڭ، قىياپىتىڭنى تۈزەشكە دىققەت قىلىسەن؛ يامان يەرلەردە، تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ گۇناھ ئىشلىگەندە، ئۆزۈڭنى يالغۇز دەپ بىلىسەن. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ھەر يەردە ئۇنئالغۇ ئاپپاراتى بار. مەيلى قەيەردە بولساڭ بول، مەخپىي ۋە ئاشكارا پۈتۈن سۆزلىرىڭ لېنتىغا

[1] لوقمان سۈرىسى، 33 – ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى، 114 – ئايەت.

ئېلىنىدۇ. پەخەس بولغىنىكى، ھەر يەردە سىنئالغۇ ئاپپاراتى بار، بۆشۈكتىن - تۆشۈككە قەدەر ھاياتىڭنىڭ پۈتۈن سەھىپىلىرى سۈرەتكە ئېلىنىدۇ. ئەتە قويۇلىدىغان بۇ فىلىمنىڭ باش رولچىسى سەن بولىسەن. بۇنى جانابى ئاللاھنىڭ ۋەزىپىدار پەرىشتىلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

پەسىللىك كېيىم ئالماشتۇرغىنىڭغا ئوخشاش رامىزانلىق مۇسۇلمان بولۇپ قالمىغىن. يەنى رامىزاندا تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇۋېلىپ، «خەير - خوش رامىزان، ھازىردىن باشلاپ 11 ئاي تەتىل قىلىمەن، جۈمە كۈنلىرى يوقلىغىلى كېلىشىم مۇمكىن. مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، رامىزاندىكى ئورنۇمنى ساقلاپ قويغىن، كېلەر يىلى رامىزانغىچە دوستۇم پالان - پوكۇنلار بىلەن مەيخانا، قاۋاقخانىلاردا ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىمىز. مېنىڭ چوڭ دادام كاتتا ئۆتكەن ئالىم كىشى ئىكەن. مەن دېگەن ئۇنىڭ ئارزۇلۇق نەۋرىسى» دەپ ئۆزۈڭنى ئالدىمىغىن.

قېرىنداشلار، بىز قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟ ئىنسانلىقتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلەر بىزگە تۇزاق قۇردى. بىزمۇ ئۇ تۇزاقنىڭ يىپلىرىنى ئېشىپ بېرىپ، ئالدىمىزدىكى ھالاكەتنى كۆرمەيۋاتىمىز... ئۆز ئىچىمىزدىن بەزى ئىنسابسىزلار مەھكىمىدە يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ، قان ئىچىۋاتىدۇ؛ يەنە بەزىلەر «سالپاڭ قۇلاق» بولۇۋېلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زۇلۇم زىندانلىرىدا ئاچچىق ئىڭراشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتىدۇ؛ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر قىسىم دادىلىرىمىز ھېسسىياتقا بېرىلىپ، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن بىر ئوبدان ئائىلىسىنى بۇزۇپ، يېتىم بالىلار تەلىم - تەربىيەسىز، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بويۇن قىسىۋاتىدۇ؛ جەمئىيەتتە نۇرغۇن ياشلار ئىشسىزلىقتىن زېرىكىپ، ھايات يولىنى پاھىشە ئورۇنلىرىدىن، ھاراق سورۇنلىرىدىن، قىمار تاۋكالىرىدىن، خىرويىن بەزمىلىرىدىن ئىزدەۋاتىدۇ؛ قانۇن، نىزام، تۈزۈم دەيدۇ يۇ، ئەمەلىيەتتە ئىجراسى بولمايۋاتىدۇ...

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، بىز نەگە كېتىۋاتىمىز؟ بىز ئۇچۇۋاتقان

ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىسى كىم؟ قايسى ئايرودرومغا چۈشىدۇ؟ بۇ قاربغۇلىقىمىزنىڭ چېكى يوقمۇ؟ بۇ كەيپ ـ ساپا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟

جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن. ئۇزاققا قالماي (قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ**﴾[1] دېگەن تەھدىدى ئالدىدا تەسلىم بولامدۇق ياكى بۇ غاپىللار توپىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشنىڭ خەتىرىنى ئويلىماي، ھالاكەتكە مەھكۇم بولامدۇق؟ ئائىلە، ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھايۋانىي مەرتىۋىگە چۈشۈرۈپ قويغان؛ پەزىلەت، سەمىمىيەت ۋە ئىشەنچ ئاڭلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان غەرب ۋە يىراق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جان تومۇرى قاچان كېسىلىدۇ؟ بۇلارغا جاۋاب ئىزدەپ كۆرەيلى!

[1] ھىجر سۈرىسى، 3 – ئايەت.

# ئەي مۇسۇلمان، ئويغان!

ئەۋلادىڭنى بۇ ھالاكەتلىك سەلدىن قۇتقۇلدۇرۇشقا مەجبۇرسەن. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئامانىتىدۇر. ئامانەتكە خىيانەت قىلالمايسەن. چۈنكى، سەندە چوڭقۇر ئىمان، تەۋرەنمەس ئەخلاق بار. سەن ئائىلەڭنىڭ گۈلى ۋە خۇشاللىقى بولغان بۇ بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىشكە مەجبۇرسەن. سۆزۈمگە قۇلاق سالمايدۇ، ماڭغان يولىنى بىلمەيدۇ دەيدىغان بولساڭ، ئىسسىت سەندەك دادىغا! تۇرمۇشقا چىقىپ، پەرزەنتلىك بولدۇڭ، ئەمما پەرزەنتىڭگە ياخشى دادا بولالمىدىڭ؛ ئىمان سۆيگۈسى بېرىپ، قۇرئان ئوقۇتالمىدىڭ؛ «دادامنۇ شۇنداق ئىدى، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش يولدا ماڭغىن، ئوقۇپ نېمىش قىلىدۇ؟» دەپ پەرزەنتىڭنى نادان قالدۇرۇپ، ھاياتىنى زەھەرلىدىڭ.

ئەي قەدىرلىك دادا بولغۇچى! ھازىر پۇرسەت قولۇڭدا، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىغىن؛ ئاللاھنىڭ: ﴿**ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن**﴾[1] دېگەن پەرمانى ئالدىدا بوي ئېگىپ، ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىشنىڭ ھۇزۇرى بىلەن بەختىيار بولغىن؛ ئۆزۈڭنى دۇنيانىڭ يالتىراق مال ـ ماتالىرىغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئەۋلادىڭنى بۇ يولدا قۇربان قىلمىغىن!

مانا بۇ بۇگۈنكى جەمئىيەت مەنزىرىسىدىن بىر ئىبرەت ئەينىكى:

جەمئىيەتتە ئوقۇپ دىپلوم ئالغان، بىرنەچچە چەتئەل

[1] تاھا سۈرىسى، 132 – ئايەت.

تىلى بىلىدىغان، كىتاب يېزىپ ئەدىب، شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر دېگەندەك ناملارنى ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلار قارىغۇلار چېغىدا كۆرەلەيدىغان ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرمەيدۇ. دارۋىنچە ۋە ماركسچە پەلسەپە سەپسەتىلىرىگە كۆڭۈل باغلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ۋەھىيگە ئاساسلىنىدىغان پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. خوش، ئەپەندىلەر! غەرب ۋە يىراق شەرقنىڭ پۈتۈن نەزەرىيەسىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۆگىنىش رەسمىيەت بولىدىغان ئىش بولسا، ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيەنىڭ دۆلەت باش ۋەكىلى خىروشوفنىڭ بىر قېتىملىق ئامېرىكا زىيارىتى ئەسناسىدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، چېركاۋدا باڭ چېلىنىشقا باشلايدۇ، باڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دېموكراتىيە ۋە ھۆرىيەت لىدىرى بولغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى خىروشوفنى شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇپ، چېركاۋدا ئۆز ئېتىقادى بويىچە قولىنى كۆتۈرۈپ تەڭرىسىگە ئىلتىجادا بولغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە دىندارلىقنى قالاقلىق ساناۋاتقانلار بۇنىڭدەك ھادىسىلەرنى كۆرمەمدىغاندۇ؟!

ئاپتوبۇسلاردا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز، بىر تال تاماكا بەرگەن كىشىنىڭ ئالدىدا خۇشامەتتىن بويۇن ئېگىپ كېتىمىز، ئەمما كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھقا شۈكۈر قىلمايمىز... دەۋرىمىزنىڭ ئىلمىي ۋە پەننىي ساھەلىرىدە تەرەققىياتقا يۈزلەنمىگەن نۇرغۇن غاپىللار باركى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق، كۆرمەيدۇ؛ قۇلاقلىرى بار، ئىشىتمەيدۇ. بۇنداقلار ئۆز دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ دىندار بولۇۋالغان بىر توپ گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەسلىدە بىزنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى دىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز.

كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىدىغانلار كۆپ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ۋە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى يېتىن يىگىنىسغىچە

تولۇق بىلىدۇ. ئەمما، قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنى، بىر ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ، پەيغەمبىرى كىم، ئىسمى نېمە بۇلارنى بىلمەيدۇ. بالىلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا، ئارقا ئىشىكلەردىن شۇڭغۇپ يۈرۈپ بىر ئاماللار بىلەن سىنىپ ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئەمما، ناماز ئوقۇمىسا، قۇرئان ئۆگەنمىسە، سوراپمۇ قويمايدۇ. بىز بۇ ھالىمىز بىلەن كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالىمىزدىن قانداقمۇ ئۈمىدۋار بولالايمىز؟!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# سەن بىر قاسساپ

سەن دىنىدىن بىر نەرسە بىلمەيدىغان، دىن بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق، مۇتەئەسسىپ بىر قىسىم سەپسەتىچىلەرگە ئالدانماقچىمۇ؟

ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئېغىر بىمارلارنى ئادەتتە پىشقان دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىدۇ، بىمارمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ. ئەمما، بىر قاسساپ كېلىپ: «تەقسىر! مەن كېسىشنى دوختۇردىن ياخشى بىلىمەن» دەپ بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولسا، ئۇ قاسساپقا قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرىسىز؟ زامانىمىزنىڭ ساختىكار خۇشامەتچىلىرى ۋە ھەقىقەت دۈشمەنلىرىگە ئوخشاش «بۇ يېڭى بىر ئىجادىيەت تەقسىر، بىزنىڭ كۆتۈۋاتقىنىمىزمۇ دەل مۇشۇ ئەمەسمۇ؟! باركاللاھ، ساڭا قاسساپ! سەن بىزدەك روھىي كېسەللەرنىڭ ھەققىنى قوغداپ قالدىڭ. بىز سەن بىلەن بىرگە. پىچىقىڭنى تەييارلاپ، سىناپ باققىن!» دەپ جۆيلۈمسىز؟ ياكى «بولمايدۇ، قاسساپ ئەپەندىم! سىز تۈرۈپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز قۇشخانىدا. بۇ دوختۇرخانا سىزگە ئوخشاش ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىن قاچقان ناتىۋانلارنىڭ ئورنى ئەمەس، بىزنىڭ سىزگە بوغۇزلىتىدىغان قويىمىز يوق» دەپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەمسىز؟

شۇنىڭدەك، كۈنىمىزدە ئىدىيە قاسساپلىرى ۋە ئەبۇ جەھىلنىڭ سىرداشلىرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ جىھاد مەيدانىدا ئات چاپتۇرغان

قەھرىمان ئەجدادلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادىنىڭ ئېتىقادىغا تىل ئۆزىتىپ، ئىمانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شۇنى بىلمەيدۇكى، «ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر».

ئەي مۇسۇلمان، قورقمىغىن! جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار**﴾[1] دېگەن پەرمانىنى ئۇنتۇمىغىن، كاپىرلارنىڭ سەپسەتە ۋە نەزەرىيەلىرىگە قۇلاق سالمىغىن؛ ﴿**دىنىنى ئويۇن - كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت**﴾[2] دېگەن ئايەت كەرىمە ئالدىدا ھەقىقەتنى چۈشەنگىن!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] نىسا سۈرىسى، 144 – ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 70 – ئايەت.

# كېچە بۇلبۇللىرى

ئەي مۇسۇلمان! ئۈستۈڭدىكى كۆك گۈمبەز ئاستىدا شۇنداق ئادەملەر باركى، مەشۇقى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ياش تۆكىدۇ؛ ئىمانىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كېچە - كۈندۈز سەجدىدىن باش كۆتۈرمەيدۇ. پۈتۈن كائىنات كېچىنىڭ سېھىرلىك تەسىرىدە ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا كۆزى ئۇيقۇغا بارماي، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇيدىغان بۇلبۇللار بار. ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ﴿**ئەھلى كىتاب ئىچىدە كېچىلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر توپ كىشىلەر بار**﴾[1]. قېرىندىشىم! ئويلىنىپ باققىن. سەن ھەتتا كۈندۈزىمۇ بۇلبۇل بولالمىساڭ، ھالىڭ قانداق بولار؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ پەرمانىغا قۇلاق سال: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىرگە بولىدۇ». دېمەككى، سەن ئاللاھنى ياخشى كۆرمەيۋاتىسەن.

– نېمە دەۋاتىسىلا، تەقسىر؟ ھېچبولمىغاندا، سىلىچىلىك بولسىمۇ ياخشى كۆرىمىزغۇ!؟

– شۇنداق، ياخشى كۆرىسىز. ئەمما، ھەقىقىي مۇھەببىتىڭىز قەھۋەچى ۋە چايچى تاغىغا، مەيخانىچى ئاسىيغا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! چۈنكى، ئۇلارنى ھەر كۈنى زىيارەت قىلماي تۇرالمايسىز. دۇنيادا ھەركىمنىڭ بىر ياخشى كۆرىدىغىنى بولىدۇ. بۇنىڭ رېئاللىقتا ئىسپاتلانغانلىقىنى ئۇنتۇپ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 113 – ئايەت.

قالمىغىن. دوختۇر كېسەل كۆتىدۇ، ئادۋوكات دەۋاگەر ۋە جىنايەتچى كۈتىدۇ. ئۇلار: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دېيەلمەيدۇ. ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. مەيخانىنى ھاراقكەشلەر، قەھۋە ۋە چايخانىلارنى بەڭگىلەر ياخشى كۆرىدۇ. مانا كۆرگىنىڭدەك ھەركىم ئۆز خىلىنى تاپىدۇ. سەن «ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ دەۋا قىلغىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئوقۇيدىغان، كېچە بۇلبۇللىرىدىن بولالمىدىڭ. چىرايىدا نۇر، ئىشىدا بەرىكەت، قەلبىدە ئىمان بار بەندىلەر نېمىدېگەن بەختلىك ھە!

# سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! دۇنيادا مۇنۇ ئۈچ نەرسىدىن ئېھتىيات قىلغىن: مالنىڭ ھارامىدىن، خوتۇننىڭ يامىنىدىن، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنىڭ زەھەرلىك تۇمانلىرىدىن. بۇ ئۈچ تۈرلۈك يامان ئاپەتتىن ئۆزىنى ساقلىيالىغان ئادەم نەپسىنى ھەقىقىي باشقۇرالىغان، شەيتاننى ئۆمۈرلۈك قاماققا مەھكۇم قىلالىغان ئادەمدۇر.

بىر ھاراقكەش ئادەم بىلەن تۇرمۇشتا چىقىپ قالغان سالىھە ۋە تەقۋادار بىر ئايال ھەر كۈنى كېچىسى يولدىشى ئۇخلاپ قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەجدىگە باش قويۇپ، ياش تۆكۈپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ يالۋۇرىدىكەن. ئايالنىڭ قىلغان دۇئالىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان بۇ بەختسىز ئادەم كېچىسى مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن، ئايالنىڭ ياتىقىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ: «ئايالىم مېنى ئالداۋاتامدۇ نېمە؟ ھەي ئىسىت ساڭا!» دەپ ئايالىدىن بولمىغۇر گۇمانلارنى قىلىدىكەن. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن بۇ بىچارە بايقۇش بىر كۈنى چالا مەست بولۇپ كېلىپ، ئۇخلىغان قىياپەتتە يېتىۋېلىپ ئايالىنى كۆزەتمەكچى بوپتۇ. يېرىم كېچىدە ئايالى ئۇيقۇسىنى تاشلاپ قوپۇپ، قىبلىگە قاراپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، يىغلىنىشقا باشلاپتۇ. يولدىشىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز بۇ ئابىدە ئايال: «ئى رەببىم! مەن بىر ئاجىز قۇلۇڭمەن، ئالدىڭدا كۆز يېشى قىلىپ ساڭا يالۋۇرۇۋاتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ئەگەر بۇ تۆككەن ياشلىرىم ۋە قەلبىمدىكى ئىمانىم دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولسا،

ھازىر كارىۋاتتا مەست يېتىۋاتقان، بەلكى مەندىن يامان گۇمان قىلىۋاتقان ھايات يولدىشىمغا ھىدايەت ئاتا قىلغىن! ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پېشانىسىنى سەجدىگە قويسۇن، ئۇنى ھاراقتىن نەپرەتلەندۈرگىن، ئى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىگەم، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن!» دەپ تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قەلبى ئېرىپ، ھاياجىنىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىغان يولدىشى يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، پەرۋەردىگارىدىن مۇنداق تىلەيتۇ:

«ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى كەچۈرگىن. ئايالىم مەن ئۈچۈن يىغلاپ، ساڭا يالۋۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان يەردە مەن نېمىشقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلمىغۇدەكمەن. ئى شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىم! مېنى بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمدا ئىسلام يولىدىن ئايرىمىغىن، ئىمان نۇرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن! ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بۇ گۇناھكار يۈزۈم بىلەن ساڭا يالۋۇرۇۋاتىمەن».

قېرىندىشىم، كۆردۈڭمۇ؟ رەببىگە ھەقىقىي ئاشىق بىر ئايالنىڭ كۆز يېشى يولدىن چىققان يولدىشىنى قانداق يولغا سالدى؟ يەر يۈزىدە ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىزدەك ئەخلاقلىق ئاياللار ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق نۇرغۇن قىزلار بار. سەنمۇ ئىنسانلىقىڭنى، مۇسۇلمانلىقىڭنى ئەنە شۇ ئايالچىلىك بولسىمۇ كۆرسىتىپ باقامسەن؟ مەنىۋىيەت يولچىسى، ھەق ئاشىقلىرى نېمىدېگەن بەختلىك ھە!

قېرىندىشىم، سەنمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئامانلىققا ئېرىشىشنى، بەخت ـ سائادەت باغچىسىنىڭ بۇلبۇلى، جەننەتنىڭ گۈلى بولۇشنى خالىساڭ، كەل، سەن بىلەن ۋەدىلىشەيلى. سەن ئۆزۈڭنى ئازغۇن يولنىڭ، كىر قوللارنىڭ، خائىن دىللارنىڭ، ھارام ماللارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن، پەخەس بولغىن، ئالدانمىغىن، ياخشى كۆرۈلگىنىڭنى بىلگىن ۋە ياخشى كۆرگىن، ئېھتىيات قىلغىن، ئازغۇن گۇرۇھلاردىن بولمىغىن! جانابى ئاللاھ: (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن،

دېگەن) دېگەندەك، ھاياتىنى ئاللاھ ئۈچۈن خەجلەۋاتقان ئىمانلىق ئەۋلادلار قاتارىدىن بولغىن!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## ۋىجدانسىز، قاتىل ئېسىلزادىلەر!

خەلقىمىزنى قان قۇستۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئانىسىنىڭ رەھىمدىكى بوۋاقلارنىمۇ ۋىجدانسىز قارا تىغى بىلەن بوغۇزلاۋاتقان، قاتىل دوختۇر ۋە قەلبى قارا شەپقەتسىز دادا!

دوستۇم سىزنىڭ بىر قوشنىڭىز بار ئىدىغۇ، ھەر قېتىم سىزنىڭكىگە كەلگىنىمدە ئۇلارنىڭ قۇچىقىدا ھېچ بالا كۆرمەيتتىم، ھالبۇكى سىز ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى يىل كېيىن تۇرمۇشقا چىققان بولسىڭىزمۇ بالىڭىز بار ئىدى. ئۆزۈمچە خىيالىمدىن «ئەجەبا، بۇلارنىڭ نەسلى كېسىلگەنمىدۇ يا بولمىسا ئاللاھ بەرمىگەنمىدۇ!؟» دېگەندەك خىياللارنى ئىچىمدىن ئۆتكۈزەتتىم. كېيىن ئۇقسام، بۇلار ئاتالمىش پىلانلىق تۇغۇتنىڭ رادىكال چاپارمەنلىرى بولۇپ، بالا يۈزى كۆرۈپ جاپاسىنى تارتماسلىق، ياشلىق باھارىنى بالا تەربىيەلەشنىڭ دەشتى - بالاسىغا تىقماسلىق، شۇنىڭدەك بالا - چاقىلىق بولۇپ، ماددىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەسلىكتەك سەۋەبلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاخىر بالىلىق بولماسلىقنى ئەۋزەل كۆرگەن، مەدەنىي ئېسىلزادىلەر ئىكەن.

دېمەك، ئۇلار تۇرمۇش قۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشنىلا كۆزلەيدىغان، ھاياتنىڭ لەززىتىنى پەقەت ماددا بىلەنلا ئۆلچەيدىغان، ئىنسانلىقنى نوقۇل تاشقى گۈزەللىكتە دەپلا قارايدىغان مەنىۋىيەت دۈشمەنلىرىدىن ئىبارەت بىر تۈركۈم ساختا مەدەنىيەتنىڭ قۇربانلىرىدۇر. بۇنىڭدەك مەنىۋىيەت دۈشمەنلىرى بالا - چاقىلىق بولۇپ نېمە ئىش

قىلىدۇ؟ ئۇنداقلارغا كۆڭلى قارا جاللاتلار ھەر ۋاقىت ھازىر، ئۇ جاللاتلار كىم؟ ئۇلار ئۇن نەچچە يىل ئوقۇپ دوختۇرلۇق شەرىپىگە ئېرىشكەن، ئەمما تويماس نەپسى ئۇچۇن تاجاۋۇزچى زومىگەرلەرنىڭ ئاتالمىش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، ئەزىز خەلقىمىزنىڭ جېنىغا تۆمۈر تىرناقلىق قولللىرىنى ئۇزىتىدىغان يىرتقۇچ ھايۋانىنىڭ ئۆزىگىلا ئايلانغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى دۈشمىنى، قەلبى قارا بىر قىسىم ۋىجدانسىز دوختۇرلاردۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا ماسلىشىپ ئۆزىنىڭ بىر پارچىسى بولغان يۈرەك پارىسىنى رەھىمسىزلەرچە، شەپقەتسىزلىك بىلەن ئالدۇرۇپ تاشلىغان مېھىرسىز ئانىلار ۋە بۇنىڭغا رازى بولۇپ سۈكۈت قىلغان، ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم، ۋىجدانى ئۆلگەن دادىلاردۇر. بۇ قاتىللار تېخىچە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتقىنى يوق. ئەكسىچە، بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئېسىلزادىلىرى سۈپىتىدە ياپراپ ياشاۋاتىدۇ. بۇلاردا ۋىجدان دېگەن نەرسىنىڭ ئىزناسى بارمىدۇ؟ ئىلاھىي قانۇننى تىڭشىماي، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەزەلدىن - ئەبەدكە دۈشمىنى بولۇپ، خەلقىنى قان قۇستۇرۇپ كېلىۋاتقان زالىم، قانخور ھۆكۈمەتنىڭ رادىكال چوماقچىلىرى ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مۇنۇ پەرمانىغا پەرۋا قىلمامدىغاندۇ: ﴿**كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر**﴾[1].

مەدەنىيەت، ياۋروپا ۋە يىراق شەرق مىللەتلىرىنى دوراپ، ئائىلىنى مەنىۋى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلىپ، مازارلىققا ئايلاندۇرىدىغان بولسا، ئۇنداق مەدەنىيەتكە ۋاي! بۇنداق مەدەنىيەت نامىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قەتلىئامنىڭ چېكى يوقمۇ؟ بۇنى چەكلەپ، ئالدىنى ئالىدىغان بىرەر تۈزۈم ۋە ...ئىزمىلارچۇ؟

ئەزىز ۋەتەنداشلار! شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز ۋە شۇنداق خۇلاسىلىشىمىز كېرەككى، «پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشىنى ۋە خۇسۇسىي سىرىنى ھەممىگە ئالىم، يالغۇز بىر

[1] ئىسرا سۈرىسى، 31 – ئايەت.

ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىسلامىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر قانۇن - تۈزۈم بۇ جىنايەتنى چەكلەپ، ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئەينى زاماندا ئۆز پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ، دۇنيا لەززىتىگە چۆكۈپ كەتكەن ئەرەبلەر ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن قىزلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. بىز بولساق ئۆز ئەۋلادلىرىمىزنى قىز - ئوغۇل دېمەي، ئۆز قولىمىز بىلەن قىرىپ تاشلاۋاتىمىز. قېنى بىزنىڭ ئىنسانلىقىمىز، قېنى بىزدىكى ۋىجدان، قېنى بىزدىكى شەپقەت؟ يەنە شەھۋانىي نەپسىنى كونترول قىلماي تۇرۇپ: «چىرايىم ئۆزگىرىپ كېتەتتى، پىگۇرۇم بۇزۇلۇپ كېتەتتى» دەپ ئۆز ئايىغى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، يۈرەك پارىسىنى قىرىپ تاشلايدىغانلار قايسى يولنىڭ يولۇچىلىرىدۇ، ئەجەبا!؟

ئى ياش مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قەدىرلىك دىنداشلار! سىلەرمۇ ئۇزاققا قالماي ئاتا - ئانا بولىسىلەر، مەزكۇر گۇرۇھلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! پەرزەنتىڭلارغا ئىمان روھىنى سىڭدۈرۈڭلاركى، ئۇلارمۇ كېلەچەكتە ئەۋلادىنىڭ قاتىلى بولمىسۇن. بىر قۇشقاچ چېغىدا بالىسىغا باشقا بىرىنىڭ چېقىلىشىغا رازى بولمايدۇ، ئەگەر چېقىلىپ قالسا، ئەتراپىدا ۋىچىرلاپ ھەسرەتتە قان يىغلايدۇ. بىزدە قۇشقاچچىلىكمۇ ۋىجدان قالمىدىمۇ؟ ئى قېرىنداشلار، قاياققا كېتىۋاتىسىلەر؟ دۇنيا بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، دۇنيا ھېچكىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. **(زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، ﴿ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە غادايغىنىڭ بىلەن) تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن!﴾**[1]. كۈنىمىزنىڭ ھاكاۋۇر، مەغرۇرلىرى ھامان بىر كۈنى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاياغ باسقان بۇ قارا تۇپراق ئاستىدا دەسسەلمەسمۇ؟ قارا كۆڭۈللۈك، ۋىجدانسىزلىق ۋە ئىپلاسلىقلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان كۈن كەلمەسمۇ؟! ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوقمۇ، ئەجەبا!؟

جان قېرىندىشىم! بۇ كۆڭلى قارا، قوللىرى قانلىق

[1] ئىسرا سۈرىسى، 37 – ئايەت.

قاتىللارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، قۇرئانغا قۇچاق ئاچقىن! ئەقلىڭ ھاكىم، ۋىجدانىڭ سوتچى بولسۇن. دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك ھادىسە ۋە ئەشيالىرىغا بولغان كۆزقاراش ۋە پىكىر دولقۇنلىرىغا بوغۇلۇپ قالماي دىسەڭ، تۆۋەندىكى ئىككى شەخسنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئىبلىسلار گۇرۇھىغا داخىل بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئىمان نۇرى بىلەن ھەقىقەتنى ئىدراك قىلغىن!

# دىنسىز بىلەن دىندار

سىزنىڭچە دۇنيا قانداق يەر؟

دىنسىز:

– بۇ دۇنيا يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشايدىغان يەر. مېنىڭ بۇ قىسقىغىنا ھاياتتا، چەكلىك ئۆمرۈمدە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىشتىن باشقا غايەم يوق. بۈنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمنىڭ كۆز يېشىدىن، مەزلۇمنىڭ دەرد ـ ئەلىمىدىن پەرۋايىم پەلەك، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئۆتسە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كەلگىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىۋالغىنى، بۇ قىسقا ئۆمرىنى باياشات ۋە ھەشەمەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋالغىنى قالىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق جىنايى ھەرىكەتتىن ھەتتا باشقىلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش، بۇلاپ ـ تالاشتەك زورلۇقلاردىن باش تارتمايمەن.

دىندار:

– دۇنيا ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر مەكتەپ، بۇ مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيەچىلىرى كېلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردۇر، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋەھيىگە ئاساسلانغان ساماۋى كىتابلاردۇر. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى بەلگىلەيدىغان كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر. بىز قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەر خىل مۇشكۈلاتلاردىن خالاس تاپىمىز، شۇنىڭدەك

دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىمىز. مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، جانابى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئىمتىھانغا ھازىرلىق قىلىش بىلەن ئاخىرەت بېلەتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىنسان بولۇپ، خەلقىم ۋە ۋەتىنىم ئالدىدا بىر كىشىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىش. بۇ ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا غايەم يوق. بىز مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئاساسەن جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**ئۇ كۈندە كىشى ئۆز قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، ئايالىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال - خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ**﴾[1] دېگەن تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا ھازىرلىق قىلىدىغان ئىنسانلارمىز. بىزنىڭ غايىمىز مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

– دىنغا بولغان قارىشىڭىز قانداق؟

دىنىسىز:

– سورىمايلا قويۇڭ، تەقسىر! بۇ دىندىن كۆرمىگىنىمىز قالدىمۇ؟ ئۇنى قىلاي دېسىمۇ، دىن: قىلما، دېگەن؛ بۇنى قىلاي دېسىمۇ، دىن: قىلما، دېگەن. بۇ دىن ھەر ۋاقىت خالىغىنىمىزچە ياشىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. دىن بولمىسا ئىدى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، ھەرئىش جايىدا بولاتتى.

دىندار:

– دىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىلاھىي تۈزۈمدۇر. بۇ تۈزۈم دۇنيانى گۈللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قوغداپ، ئۇلارغا ئىنساندەك ياشاشنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە ھەق ۋە ھەقىقەتكە

[1] ئەبەسە سۈرىسى، 34–39 – ئايەتلەر.

ئەگە بولۇپ، زۇلۇمغا تىز پۈكمەي، مەردانە، جەسۇر، تېتىك ۋە روھلۇق بولۇشنى تەلىم بېرىدۇ. ئەسلىدە دىنىي تۇيغۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدىكى تۇغما ئالاھىدىلىك. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر تۇغۇلغان بوۋاق ئىسلام پىترىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ». ئەمما، مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالماي، خاراكتېرىدىكى دىنىي تۇيغۇنى ئۇنتۇپ، يولدىن ئاداشقانلار ھەقىقەتتىن مەھرۇم قالىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا قۇل بولۇپ، خىيالىغا كەلگەن ھەرقانداق بۇزۇقلۇقلارنى، ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ. بەلكى ئۇلار بۇنداق ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىدىن مەمنۇن بولسا كېرەك.

– سىزنىڭچە ئاللاھ بارمۇ؟

دىنسىز:

– يوق، تەقسىر! ئەقىل ۋە مەنتىقە بۇنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. پۈتۈن كائىناتقا تەبىئەت ھاكىمدۇر. مەن شەخسەن كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيمەن.

– قېنى دىندار قېرىندىشىم، سىز قانداق قارايسىز؟

– تەقسىر، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بۇنچىلىكمۇ ئەقىلسىزلىق بولامدۇ، دۇنيادا؟ ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك شەيتاننىڭمۇ ھەددى ئەمەس. ئۇلار ئاللاھنى كور كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئىنكار قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار ئەقلىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ۋە جېنىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما بۇلارنى كۆرمەيدىغۇ! مەن ئاللاھقا شۇنداق ئىشىنىمەنكى، ئۇ يوق ئەمەس، باردۇر، بىردۇر، ئەبەدىيدۇر، ئەزەلىيدۇر، تىرىكتۇر، ئۆلمەيدۇ، قادىردۇر، ئالىمدۇر...

– قېنى، سەن دەپ باققىنا، دىندارلىقنى خارلىق بىلىدىغان بەختسىز ئادەم! ئەگەر دۇنيادا سەن خالىغان پۈتۈن ئىش

قۇلۇڭدىن كېلىدىغان بولسا، نېمە ئىشلارنى قىلاتتىڭ؟

دېنىسىز:

– پادىشاھلاردەك ياشايتتىم، ئەلۋەتتە.

– ئاران مۇشۇنچىلىكمۇ؟ باشقا بىر نىشانىڭ، ئارزۇ - تىلەكلىرىڭ يوقمۇ؟

– پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم تارتقان پۈتۈن ئىشلارنى قىلاتتىم شۇ!

– ئاندىنچۇ؟

– قېرىغاندا دەمسىز؟ قېرىغىنىمدا قالغان ئۆمرۈمنى ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، ئۆزۈمنى ئاسراپ ئۆتكۈزەتتىم.

– خوش، سىز ئۆلمەمسىز؟

– ئۆلىمەن، بۇ دېگەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى، ئەمما دۇنيادا باياشات ياشىغىنىم، ھۆكۈمدار بولۇپ، دەۋران سۈرۈۋالغىنىم ئۈچۈن ئارمىنىم قالمايدۇ. چۈنكى، ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلىنىپ تۈگەيمەن، خالاس. شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

– ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەمسىز؟

– بۇ مۇمكىنمۇ؟ توغرىسى بۇ سوئالىڭىزنى ئەقىل – مەنتىقەم قوبۇل قىلالمايدۇ، تەقسىر!

مۇسۇلمان قېرىندىشىم، سىز دەپ بېقىڭ: دۇنيادا سىز خالىغان پۈتۈن ئىش قولىڭىزدىن كېلىدىغان بولسا، نېمە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز؟

– ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇش ئۈچۈن دىن، ۋەتەن ۋە مىللەتكە سادىق بولۇپ، بۇ يولدا ئاداققىچە خىزمەت قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ بىلەتتىم - دە، بۇ غايەمگە يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشقان بولاتتىم

ھەمـدە دىنىمىنىـڭ تەقەززاسـى، ئىمانىمىنـىڭ تەلـپـى بويىچـە ئالـلاھ ئىنسـانلار ئۈچـۈن بەلگىلىگـەن قانـۇن - پىرىنسـىپلارغا جـان - دىلـىم بىلـەن تەسـلىم بولـۇپ، سـەمىمىيلىك بىلـەن ئەمـەل قىلاتتىم. باشـقىلارغا قولۇمدىن كېلىشـىچە ياخشـىلىق قىلاتتـىم، چۈمۈلىگـە چاغلىق نەرسـىگىمۇ ئەزىيەت بېرىشـتىن ساقلىناتتىم.

– ياشلىقىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزەتتىڭىز؟

– ئاللاھ يولىدا ئۆتكۈزەتتىم، چۈنكى ئاللاھنىڭ يولى شـۇنداق ئۇلـۇغ ۋە داغـدام يولكى، ئىنسـانىنىڭ پۈتـۈن غـەم ـ قايغۇلىرىنى، نەپسـىنىڭ پۈتـۈن ئاپەتلىرىنـى توسـىدۇ. ھاياتقـا ھـۇزۇر، جانغـا راھەت بېغىشـلايدۇ.

– كېيىنچۇ؟

– ئالـلاھ خالىسـا، نامـە ـ ئەمـال دەپتىرىـم ئوڭدىـن بېرىلسـە، مەھشـەردە يـۈزۈم ئـاق چىقسـا، جەننەتكە ۋە ئاللاھنىـڭ جامالىغا نېسـىپ بولىمەن.

ئـى مۇسـۇلمان! مەزكـۇر سـوئال ۋە جاۋابـلار جەمئىيەتتـە بـار بولغـان ئىككـى ئېقىمنىـڭ دەل ئـۆزى. قەلبىگە ئىمـان، روھىغا ھۇزۇر ئىزدەۋاتقان ۋە بۇ ئىككى نېمەت بىلەن سـايراۋاتقان ئىسـلام ۋە جەننـەت بۇلبۇللىـرى! بىـز بۇ قورقۇنچلۇق ئاپەتنىڭ تەسـىرى ئاسـتىدا قالماسـلىقىمىز ئۈچـۈن قايسـى ئىشـلارغا دىققـەت قىلىشـىمىزغا توغـرا كېلىـدۇ، ئويلىنايلـى: ھـەر ئىشـىمىزدا ئىمانىنـى قومانـدان، نامازنـى سـاقچى، ئەخلاقنى ئەسـكەر قىلغان ئاساسـتا ئىشـنى جەمئىيەتنىـڭ ئاساسـى بولغـان ئائىلـە - ئوچاقلىرىدىـن ۋە بـۇ ئوچاقلارنىـڭ ياخشىلىنىشـىدىن باشـلاش ئارقىلىـق دۇنيـا ۋە ئاخىرەتلىـك ھاياتىمىزنـى ھالاكەتتىـن قۇتۇلدۇرۇشـقا ھەممـە بىـردەك ئاتلىنايلـى.

# تۇرمۇشقا چىقىسىز (كىم بىلەن؟)

كۆزۈڭ يەنە كوچىلاردا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ تۇرىدىغىنىغا ئاشىق دېگىنە؟ ئاتا - ئانىڭنى تىڭشىمايسەن، دىنىغا قارىمايسەن، دىنسىز دېمەي، ئەخلاقسىز دېمەي، ھېسسىياتقا بېرىلىسەن، بىرنەچچە ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا مەھكىمىدە «بولاشمايمەن، ئاجراشقىلى كەلدىم» دەپ قاقشايسەن. قىز بولساڭ، رەستىلەردە لاپ ئاتىدىغان پوچىغا، دادىسىغا مۇش، ئانىسىغا تەستەك بېرىدىغان نوچىغا، سۇ ئورنىغا ھاراق ئىچىدىغان تۇڭچىغا، گېزى كەلگەندە سېنى دوغا تىكىدىغان چوڭچىغا ئاشىق بولىسەن. بۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىمىزگە ئايان: يا ئومۇمنىڭ ئايالى بولىسەن، يا بەدبەخ بىر سەرگەردان... بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارمۇ زادى سىلەردىن قېلىشمايدۇ. بەلكى دەيدۇكى، «ئوغلۇم! پالانى بەك چىرايلىق، شۇنى ئېلىپ بېرەيلى. قىزىم! پۇستانى بەك باي، شۇنىڭغا بېرەيلى. مەن بىر قولى قىسقا گاداي بىلەن تۇرمۇشقا چىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھاياتتا چىرايىم كۈلۈپ باقمىدى. سەن بولساڭمۇ ھاياتىڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشىغىن!».

دوستۇم! جەمئىيەت مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن تولۇپ - تاشقان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! بىزمۇ بۇلارغا ئوخشاش بولمايلى، ئۆزىمىزنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئۇرمايلى، ھايات تېشىنى ئېتىشتىن بۇرۇن ئويلاپ ئاتايلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلايلى، ئۇ زاتنىڭ بىزگە دېگەنلىرىگە قۇلاق سالايلى: **«ئايال كىشى (مۇنۇ) تۆت نەرسە كۆزلەپ نىكاھقا ئېلىنىدۇ: مېلى، جەمئىيەتتىكى ئورنى،**

**گۈزەللىكى ۋە دىنى. (بۇلارنىڭ ئىچىدىن) دىندار ئايال بىلەن ئۆيلەنگىن، بەرىكەت تاپىسەن»**[1].

ئەزىز قېرىندىشىم! كەل، بىز ئۆزىمىزنى بۇ مۇبارەك ھەدىس شەرىپىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرگە نەزەر سالايلى:

ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇندىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئاپتوبۇس بېكىتىدە 40 – 45 ياشلار چامىسىدا بىرەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ كىشى ھەدىسىلا جەمئىيەتتىن، جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن قاقشايتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

– باللىرىڭىز باردۇ؟ – دەپ سورىدىم.

– تۆت بالام بار.

– باللىرىڭىزنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللىشىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى نەزەرگە ئالدىڭىزمۇ؟

– ئالدىم دېسەم، يالغان سۆزلىگەن بولىمەن. دۇنيانىڭ ماددىي مەنپەئەتلىرى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى پەردىلەپ قويىدى، قىزلىرىم جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. چوڭ قىزىم قىزىل يۈلتۈز رېستورانىنىڭ خوجايىنى بىلەن توي قىلىمەن دېسە، كىچىكى «مەن گىتار چولپىنى پالانى بىلەن سىناشقان، بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، ئارىمىزغا كىرىپ قاتىلىمىز بولمىغىن!» دەپ تەھدىت قىلدى.

سۆزىنى بۆلۈپلا سورىدىم:

– سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق تۇرۇپ قىزىڭىز قانداقمۇ باشقا بىرى بىلەن سىناشسۇن؟

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

– سەن بىلىپ تۇرسەن، پەرۋەردىگارىم! مېنى كەچۈرگىن، ئۇلار بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇش بىلەن قالسىغۇ مەيلىدى. دۇنيا ئۆزگەردى، بالام! ئىنسانلاردا هايا قالمىدى. بىزنىڭ مەھەللىدىن بىر قىز بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكىلى دوختۇرخانىغا بارغاندا قوشنىلاردىن بىرى كۆرۈپ قاپتۇ.

– قىز بالىمۇ تۇغامدۇ، تاغا؟!

– ئاھ بالام، ئاھ... بىز نومۇسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى ئىدۇق، بۈگۈنگە كەلگەندە نېمىمىز قالدى دەيسىز؟ ھەيران مەن!...

– تاغا، نېمىشقا يىغلايسىز؟

كېلەچەكنى ئويلىسام، قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، بەزىدە بۇلارنى ئويلاپ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىمەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «نومۇسىدىن مەردلىك قىلغان خار، مال - مۈلكىدىن مەردلىك قىلغان ئەزىز بولىدۇ» دەپتىكەن. ئەھۋالىمىز مانا مۇشۇ، بالام!

– كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، تاغا! سىزنىڭ قىز - ئوغۇللىرىڭىز بۇ دەرىجىدە ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىمانى بار. نەسىھەت قىلسىڭىز ئاڭلايدۇ.

دوستۇم، قېرىندىشىم! سىلەر - بىزلەرنىڭمۇ قىز - ئوغۇللىرىمىز بولىدۇ. ئۇلارمۇ تۇرمۇش قۇرۇپ، ئائىلىلىك بولغاندا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قېنى كەل، مۇنۇ ئايەت كەرىمەنىڭ مەنىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ باقايلى: ﴿**ئاياللار بىلەن ئۈنس - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار**﴾[1].

[1] رۇم سۈرىسى، 21 – ئايەت.

ھەقىقىي تۇرمۇشتا سەمىمىي مۇھەببەت، سۆيگۈ، مەرھەمەت ۋە ھۇزۇر بولىدۇ. ساختا مۇھەببەت ئەلۋەتتە جەمئىيەتكە بالا بولىدۇ، ئىنساننىڭ جىسمى ماددىي ئوزۇققا موھتاج بولغىنىدەك روھىمۇ مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج. قۇرماقچى بولغان ئائىلىسىنى ئىسلام ئاساسى ئۈستىگە قۇرسا، ھاياتتىن لەززەت ئالالايدۇ ۋە ھۇزۇر كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلىش ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۇللارنىڭ، ئىگە - چاقىسىز ۋە تەلىم - تەربىيەسىز دىلى سۇنۇق يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىنى كۆرەلمەيدىغان، چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاڭسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

ئون - يىگىرمە يىل يولدىشىنى كۈتكەن، ئۆزىنى نامەھرەمدىن ساقلىغان، نومۇسىنى جېنى بەدىلىگە قوغدىغان ئاياللار بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ئىدى. ئەمما، كۈنىمىزدە خىيانەت ئۈستىگە خىيانەت، ئۆزئارا پۈتۈشۈشلەر ئۈستىگە پۈتۈشۈشلەر كۆپىيىپ كەتتى. ساغلام ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ئائىلە كۆز پەسلىدىكى ئۈششۈك تەگكەن ياپراققا ئوخشايدۇ. ئۇ ياپراقلارنىڭ تۆكۈلۈشى مۇقەررەر بولغىنىدەك، بۇنداق ئائىلىلەرمۇ ئەلۋەتتە بۇزۇلىدۇ. نەپس بۇتىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوت يېقىلغان ئوچاق ئەبەدىي يانىدىغان بولسا ئىدى، شەيتان ئاسماندىكى ماقامىدا قېلىپ، لەنەتكە دۇچار بولمايتتى.

قېرىندىشىم! ئۆيلەنمەكچى بولساڭ، دىققەت قىلغىن: دىندارنى ئىزدىگىنكى، سېنى دىنىدىن چىقارمىسۇن؛ نومۇسچاننى ئىزدىگىنكى، نومۇسىنى ساقلىسۇن؛ ئىمانى بارنى ئىزدىگىنكى، پۇشتۇڭغا ھارام ئارىلاشمىسۇن؛ ئەخلاقى بارنى ئىزدىگىنكى، سېنى رەسۋا قىلمىسۇن! ھاياتتا ھۇزۇر – ھالاۋەت، ئائىلىدە خۇشاللىق، قەبرىدە نۇر خالىساڭ، بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلغىن !

ھۆرمەتلىك ئانا، ئاچا ۋە سىڭىللىرىمىز! سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز، چۈنكى سىلەر شېھىتلارنىڭ، غازى يىگىتلەرنىڭ ئانىلىرى سىلەر ياكى كەلگۈسىدە شۇنداق بولىسىلەر. شۇنىڭدەك



HAKSEVER

نومۇسلۇق چېھرىگىلارنى ۋە ئېپپەتلىك ئەخلاقىگىلارنى كۆرۈش بىز ئۈچۈن ئۆنتۇلماس شەرەپتۇر. سىلەرنى ياراتقان جانابى ئاللاھ نېمە دەيدۇ، قۇلاق سېلىڭلار: ﴿**مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن**﴾[1]. سىلەر بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ ئەمرىدىن ئايرىلماڭلار، بەختىيار ئائىلەڭلەردىكى مەنىۋى ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ئەسلەڭلار، سىلەرگە بۇ چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىڭلارغا شۈكۈر قىلىڭلار. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىزغا ئوخشاش بولۇڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردىكى قېنىڭلار، قەلبىڭلاردىكى ئىمانىڭلار مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن باشقا يول تۇتالمايسىلەر. خائىن كۆز ۋە خائىن قەلبلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاڭلار.

[1] نۇر سۈرىسى، 31 – ئايەت.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# جەننەتكە لايىق ئايال

ھەمشىرىلىرىم! ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىڭلاردا دۇرۇس بولۇڭلار. ھەزرىتى پاتىمە ۋە ئائىشە ئانىلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلار قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بۇنى مەن ئەمەس، بىز ئۈممىتى ئۈچۈن يىغلاپ، نالە - پەرياد قىلغان، پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان روزىسىنى تۇتقان، (بەش ۋاقىت) پەرز نامىزىنى ئوقۇغان، يولدىشىغا ئىتائەت قىلغان ۋە نومۇسىنى (ھارامدىن) ساقلىغان ئايال جەننەتكە خالىغان ئىشىكىدىن كىرىدۇ».

بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك رەھمەت ھە! سىلەر مەزكۇر ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر. ئەمما، قىسمەن ئايال سۇرەتلىك، شەيتان تەبىئەتلىك خانىم - قىزلاردىن ھەزەر قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ تۇز سۇرەتلىك، ۋاقىتلىق يالتىراق ھاياتى سىلەرنى ئالداپ كەتمىسۇن؛ بىشەم، ياسالمىلىقلىرى كۆزۈڭلارنى پەردىلىمىسۇن. نامىزىڭلارنى دائىم ئوقۇڭلار، بالىلىرىڭغا قۇرئان ئۆگىتىڭلار، سىلەرمۇ ئوقۇڭلار. ئۆيۈڭلاردا ئىلاھىي نۇر چاقنىسۇن. ئەگەر يولدىشىڭلار بۇنىڭ ئەكسىچە ئادەم بولسا، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنىمۇ مۇشۇ يولنىڭ يولۇچىسى قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئۆيۈڭلاردا بالىلىرىڭلار ئاچ - يالىڭاچ تۇرسا، ئالىي رېستورانلاردا نەپسىڭلار ئۈچۈن زىبايەت تۈزمەڭلار. «يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن ئاتا سۆزىدىن ئۇزاقلاپ كەتمەڭلار. ئاپتاپتا سولىشىپ قالغان چېچەكتەك رەستىلەردە مودا قوغلاشماڭلار.

ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەللىك يېتىپ ئاشىدۇ. تاشقى قىياپىتىڭلارنى قىممەت باھالىق، ھەر خىل گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن پەردازلاشنىڭ ئورنىغا، ئىچىڭلارنى ئىمان نۇرى بىلەن زىننەتلەڭلار. سىلەرنىڭ سۈنئىي پەردازغا ئېھتىياجىڭلار يوق، چۈنكى سىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى پاتىمە ئانىمىزنىڭ دوستى، ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسى سىلەر. يولدىشىڭلارغا ئىتائەتسىزلىك قىلماڭلار، بۇ سىلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەڭلار بولسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى، «ئەگەر مەن بىراۋنى يەنە بىر ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى يولدىشىغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم».

سۆيۈملۈك ھەمشىرەم! ئويلاپ باققىن، بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك پەرمان ھە! سىز يولدىشىڭىزغا ئىتائەت قىلىۋاتسىز، ئەمما بەزىدە دېگەن يېرىدىن چىقماي قالىسىز. بۇنىمۇ تۈزىتىڭكى، ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولۇپ، ھەسرەتتە قالمىغايسىز.

بىر ئادەم كېچىسى چۈشىدە ئۇسساپ كېتىپ، يېرىم كېچىدە ئايالىدىن سۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئايالى «يولدىشىم ئۇسساپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويدا، پەس قەۋەتتىكى توڭلاتقۇدىن سوغۇق سۇ ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن چۈشۈپ كېتىدۇ ــ دە، سۇنى ئېلىپ چىققۇچە يولدىشى يەنە ئۇخلاپ قالىدۇ؛ بۇنى كۆرگەن ئايال: «يولدىشىم سۇ ئىچمەي ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغىنىپ قالسا، سۇ دەپ قالمىسۇن» دېگەن مەقسەتتە يولدىشىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماي، سۇنى تۇتقىنىچە بېشىدا ساقلاپ تۇرىدۇ. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، يولدىشى ئويغىنىپ قارىسا، ئايالى قولىدا سۇ، بېشىدا قاراپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن يولدىشى:

– خانىم! نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ يا؟

– مىجەزىم ياخشى، سىز سۇ دېگەن ئىدىڭىز، ھاۋا دېمىق، ئۇسساپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ مۇزدەك سۇ ئىچسۇن دەپ

ئاستىنقى قەۋەتتىن سوغۇق سۇ ئېلىپ چىققۇچە ئۇخلاپ قاپسىز. شۇڭا، سىزنى ئويغىنىپ قالسا، سۇ ئىچىۋالسۇن دەپ ساقلاپ تۇردۇم. قېنى، سۇيىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ!

ئايالنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئادەم ھاياجىنىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

– ساڭا ئوخشاش ۋاپادار بىر ئايالىم بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. قەدىرلىكىم! ھەرقانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيتقىن. مەن بۇ ۋاپادارلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن سېنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ – ئارمانىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييار.

– سۆزۈمنى بېرىڭ!

– ...

– گەپ قىلىڭچۇ! تەلىپىمنى قاندۇرماقچى ئىدىڭىزغۇ، سۆزىڭىزدىن يېنىۋالماڭ!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەتىسى ئاجرىشىش خېتى ئېلىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئاپتوبۇس بىر يەرگە كەلگەندە قاتتىق بىر چاقىدۇ ـ دە، پۈتۈن يولۇچىلار قورقىنىدىن قاتتىق ۋاقىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ قاتاردا ھېلىقى ئادەممۇ «يا ئاللاھ!» دەپ تاشلايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى توساتتىنلا:

– ئۆيگە قايتايلى، ئەمدى ئاجرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، – دەيدۇ.

– خانىم، بۇ نېمە ئىش؟ تېزلا پىكرىڭ ئۆزگىرىپ قالدىغۇ!

– بىز توي قىلغان بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئارىمىز ئىناق، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كەلدى. ئەمما ۋىجدانىمنى ئازابلاپ، قەلبىمنى يارىلاپ كەلگەن بىرلا مەسىلە بار ئىدى، ئەمدى ئۇ مەسىلىمۇ ھەل بولدى، شۇڭا ئاجرىشىشنىڭ ئورنى قالمىدى، ئەمدى ئۆيگە قايتساق بولىدۇ.

HAK
HAKSEVER

– سىنى بۇنچىۋالا ئازابلاپ، ۋىجدان ئازابىغا قويغۇدەك قايسى مەسىلىنى دەيسەن؟ بىز تۇرمۇش قۇرغاندىن بىرى بىرەر قېتىم سەن ـ يەن دېيىشىپ قالغان يېرىمىز يوق. بۇنى سەنمۇ بىلىسەن؟

– توغرا، بۇ ھەقتە مەن سىزدىن بەك رازى، ئەمما مەن ھازىرغا قەدەر بىزنى مۇشۇنداق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان ھەمدە بىزگە چەكسىز نېمەتلەر ئاتا قىلىپ، پەرۋىش قىلىۋاتقان ئىگىمىزنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. بۇ ئىش ئۇزۇندىن بېرى قەلبىمنى يارىلاپ، ۋىجدانىمنى ئازابلاپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئىسمىنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ، قەلبىم ئەمدى ئارامىغا چۈشۈپ، ۋىجدانىم راھەتكە چىقتى.

مۆھتەرەم ھەمشىرىلىرىم! ئاراڭلاردا ئەنە شۇنداق قەلبى پاك، ئىمانى ساغلام، ۋىجدانى ئويغاق ئانىلار ئۆتكەن. سىلەرمۇ شۇلارنىڭ ئەۋلادىغۇ، يۈرەك پارىسىغۇ! ئەمدى نېمە دەپ ئۇلارغا ئىزباسار بولمايسىلەر؟ نېمە دەپ ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قۇچاق ئاچمايسىلەر؟ سىلەرنىڭمۇ ئىمانىڭلار بارغۇ، ۋىجدانىڭلارنى تېخى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇغۇ؟ ئىمانىڭلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭلار، ئەخلاق پەردىسى ئىچىدە ئىززىتىڭلارنى ساقلاڭلار!

ئى ئاللاھ! بۇ كائىناتتا نېمىدېگەن ياخشى بەندىلىرىڭ بار، ئەمرىڭگە ئىتائەتمەن، سادىق مۇئمىن بەندىلىرىڭ بار ھە! پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتۈن ئۈممىتىنى مۇشۇ ئىستىقامەتتىن مەھرۇم قىلمىغىن؛ ئى پەرۋەردىگارىم! ئايال خانىم قېرىنداشلىرىمىزنى نومۇس لىباسىدىن ئايرىمىغىن، ئامىن، يا رەب، ئامىن!

# يېقىنلاشما! زىنا ھاياسىزلىقتۇر

ئاڭ ـ ئىدراك، ھېس ـ تۇيغۇ كېمىيىپ، ۋىجدان ئۆلۈپ، قەلبلەر قارىيىپ، ئاسمان قارا بۇلۇتلارغا، يەر گۇناھكارلارغا تولۇپ كەتكەن بۇگۈنكى دەۋرنىڭ يولۇچىلىرى كۆزۈڭلارنى ئېچىپ، ھوشۇڭلارنى تېپىۋېلىڭلار!

ئى ئادەمزات! ھېسسىياتىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئەقىل ـ ئىدراكتىن مەھرۇم قالغان ناتىۋانلارنىڭ بۇگۈنكى ناباپ ۋە ناكەس ئەھۋالىنى كۆرۈۋاتىسەن. مانا ھەر كۈنى، ھەر يەردە جىنايى قىلمىشلار، ئەنە غالجىرلاشقان شەيتانلار! بىر مەيچى نومۇسىنى قوغدىغان بىر ئايالنى ئۈچ بالىسى بىلەن قوشۇپ شېھىت قىلىۋەتتى. مەيخانىلار ۋە پاھىشىخانىلار كۆپەيدى. پالان ـ پۈستان ئايال تۇل، ئەمما ھامىلىدار. قىزلىرى پالان ـ پۈستانلار بىلەن قېچىپ كەتتى... ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر رەسۋالىق بارمۇ؟ بۇنىڭدەك ناچار، پەس قىلمىشلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نۇقتىلىق ھالقىسىچۇ؟ ۋىجدان دەپ داۋراڭ سالىدىغان ساپاسىز پەسكەشلەر، بۇنداق مىكروب ۋە ۋىرۇسلارنىڭ ۋىجدانىنى زەھەرلەپ، قەلبىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلمامدىغاندۇ؟ شۇنچىۋالا ئېغىر جازا بار تۇرۇغلۇق بۇ گۇرۇھلار نېمە دەپ يولغا كىرمەيدىغاندۇ؟ ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويغان قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىنىپ، ﴿**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر**﴾[1] دېگەن مۇقەددەس پەرمانى ئالقىشلانغان

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

بولسا ئىدى، قېرىنداش تۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ نومۇسىغا چېقىلغان بولاتتىمۇ؟ جانابى ئاللاھ: ﴿**زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر**﴾[1] دەپ پەرمان قىلىدۇ. زىنا قىلىش ئەمەس، ھەتتا زىناغا يېقىنلىشىشتىنمۇ چەكلىگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سال، زىنا قىلغۇچى ئاسىي بەندىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ ئويلىغىن! ئۇلار كىمنىڭ بەندىلىرى، ئەجەبا؟ قايسى غايىنىڭ يولۇچىلىرى؟ بۇنىڭدەك بىشەم، ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا ۋىجدانى ئازابلانمىغان ئىنسان سۈرەتلىك مەخلۇقلارنى قانداقمۇ تىرىك قەلبلىك كىشىلەر دېگىلى بولسۇن؟... قېنىڭ بۇزۇلمىغان، ۋىجدانىڭ تىرىك، ئىمانىڭ ساغلام بولسا، تارىختا ئىسسىق قانلىرى بىلەن داستان يازغان قەھرىمان ئەجدادلىرىڭنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىغىن، قېرىنداشلىرىڭنى يەرگە قاراتمىغىن! پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا دىققەت قىلغىن: ﴿**مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن**﴾[2]. بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ھالقىپ كەتمىگىن، ئىتائەتمەن بولغىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئومۇمنىڭ ئايالى بولۇۋالغان ھاياسىزلاردىن سوراپ باققىنكى، ئەجەبا، ئۇلار بۇ يولنى ئۆزلىرى تاللىغانمۇ؟ ياق، ئۇلار ۋىجدانسىز ئەرلەرنىڭ قۇربانلىرى؛ شەھۋىتىنىڭ قۇلى بولغان، تەبىئىتى بۇزۇق، ھايۋان سۈپەت ئىنسانلارنىڭ ئەسىرى. دېمەككى، دىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق جەمئىيەت ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە مەھكۇمدۇر.

ئى قەدىرلىك دادا! ئوغلۇم چوڭ بولدى دەپ، قولىدىن يېتىلەپ مەيخانىغا ئاپارمىغىن، ئۇنىڭغا نومۇسچانلىق تۇيغۇسى سىڭدۈرگىن. ئى ئەزىز ئانا! قىزلىرىڭنىڭ ساندۇقىنى زىبۇزىننەتكە تولدۇرغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە قەلبىنىمۇ نومۇسچانلىققا تولدۇرۇشنى ئۇنتۇمىغىن! بولمىسا مەھشەر كۈنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا پېشانەڭگە قارا تامغا

[1] ئىسرا سۈرىسى، 32 – ئايەت.

[2] نۇر سۈرىسى، 30 – ئايەت.

بېسىلىدۇ، جەھەننەمگە كىرىشكە مەجبۇر بولىسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «زىنادىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زىنادا تۆت تۈرلۈك ئىللەت بار: يۈزدىن نۇر ۋە گۈزەللىكنى كەتكۈزىۋېتىدۇ، رىزىقنى ئۈزۈپ قويىدۇ، رەھمان تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ ۋە دائىملىق جەھەننەم ئازابىغا گىرىپتار قىلىدۇ».

سەن يۈزى نۇرسىز، رىزقى بەرىكەتسىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ غەزىپىگە دۇچار، ئازابىغا مەھكۇم ھالدا جەھەننەمنىڭ تۈۋرۈكى بولمىغايسەن. سەن پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن شۇنداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىكى، ئۇ پەيغەمبەر سەن ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغان ئىدى. بۇنچىۋالا ھېس - تۇيغۇسىز بولمىغىن، ھاياسىزلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، نومۇسۇڭنى يوقاتمىغىن. چۈنكى، سەن پۈتۈن ئۈممەتلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۈممەتسەن!

ئى ۋەتەننىڭ قىز - يىگىتلىرى! ياشلىق بىر نېمەتتۇركى، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماڭلار، ھالالنى تاشلاپ، ھارامنى قوغلىماڭلار. ۋەتىنىگە سادىق، مىللىتىگە ۋاپادار، پەرۋەردىگارىغا ئىمانى، پەيغەمبىرىگە مۇھەببىتى بار، ئەقلى بېجىرىم، ۋىجدانى ساپ، پاراسەت ئىگىلىرى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا تاشلاشتىن ھەزەر قىلىدۇ، زىنادىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، مەزكۇر سۈپەتلەردىن مەھرۇم، ئىدراكسىز ناكەسلەر قاتارىدا جازاغا تارتىلىدۇ. پەرۋەردىگارىنى تونۇمىغان، پەيغەمبىرىنى بىلمىگەن، قانۇنى ئىلاھىينى كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلاردىن پەرقى نېمە؟ ئۇلار يا ئىگىسىنى تونۇمىسا، يا رەھبىرىنى بىلمىسە، يا ئەخلاق ئۇقمىسا، بۇ ئوخشىتىش بۇلارغا مۇناسىپ ئوخشىتىشمۇ ياكى ئېشىپ كەتتىمۇ؟ ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، لىللا جاۋاب بېرىپ باققىن!

ئى ئۇلۇغ ئاللاھ! بۇ ۋەتەننىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى نومۇستىن ئايرىمىغىن، ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ساقلاپ، زىنا ۋە نومۇسسىزلىق جىنايىتى بىلەن قەلبىگە مۆھۈر باسمىغىن!... ئامىن، يا رەببەلئالەمىين!

## تەۋبە، يەنە تەۋبە!

ئىنسان ھاياتى چۈشكە ئوخشاش تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياخشى چۈش ياخشىلىققا، يامان چۈش يامانلىققا تەبىر بېرىلىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق بىر تۈرلۈك ئادەملەر باركى، ئۇلار گۇناھ ماشىنىسىغا چىقىۋېلىپ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە بولۇك - پۈچقاقلاردىن گۇناھ ئىزدەيدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟ قانۇندىن قاچقان جىنايەتچىدەك پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر - پەرمانىدىن نېمىشقا قاچىدۇ؟ گۇناھ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، جېنى ھەلقۇمغا كەلگەن تۇرۇغلۇق خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان جىنايەتچىگە ئوخشاش، جەھەننەمنى كۈتۈپ ياتىدۇ. نېمىشقا گۇناھىنى تونۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇ كېمىسىگە چىقىشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**[1] دېگەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇ پەرمانىدىن خەۋىرى يوقمۇ؟

مەزكۇر ئايەت كەرىمەنى كۆردۈڭمۇ؟ كۆرگەن بولساڭ، «گۇناھكارمەن» دەپ ئۈمىدسىزلەنمە؛ گۇناھىنى تونۇپ، دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلغانلارنى گۇناھىدىن ئۆتۈپ، كەچۈرۈم قىلىدىغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدا تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا

[1] زۇمەر سۈرىسى، 53 – ئايەت.

تىزلانغىن؛ كۆز يېشى قىلىپ، سەجدىگە باش قويغىن؛ كېچە - كۈندۈز دېمەي، تەۋبە يېشى بىلەن قارا يۈزۈڭنى يۇغىن؛ تەۋبە قىلغىنىڭغا ئۆزۈڭمۇ قەتئىي ئىشەنگىنكى، ئىككىنچى قېتىم تەكرار گۇناھ دېڭىزىدا بوغۇلۇپ قالمىغىن! شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، سائادەت قۇياشىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستا - ئاستا قەلبىڭنى يورۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىللاردىن بېرى زۇلمەتتە قالغان قەلبىڭ چاقناپ تۇرغان، ھەشەمەتلىك بىر ساراي بولىدۇكى، گويا ئۆزۈڭنى بىر پادىشاھ تەختىراۋانىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىسەن. بۇ، ساڭا بىر خىيالدەك بىلىنمىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىككى تامچىدىن ۋە ئىككى ئىزدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق: ئاللاھتىن قورقۇپ تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا (جىھاد قىلىپ) تۆكۈلگەن قان تامچىلىرى؛ ئاللاھ يولىدا (جىھاد قىلىپ) يارىلانغان جاراھەت ئىزى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى - پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش يولىدا قالغان ئىز».

كۆزۈڭدىن ئاققان ياشلار قىلمىشلىرىڭغا سەمىمي پۇشايمان قىلغانلىقىڭنىڭ ئالامىتى بولىدىكەن، قورقمىغىن، ئاللاھنىڭ ئەپۇ ۋە مەرھەمىتى كەڭدۇر، خۇشاللىقتا ئېرىشىسەن، ئەمما ئۇ ئىشنى قايتا قىلماسلىقىڭ شەرت. جانابى ئاللاھ بەندىلىرىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، گۇناھ ساھىلىدا تېڭىرقاپ قالغان قۇللىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا سەمىمي تەۋبە قىلىڭلار. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ**﴾[1].

ئى گۇناھكار ئىنسان! قۇتۇلۇش ئىشىكى ساڭا ھەر زامان ئوچۇق. قېنى كەل، جەننەت ئىشىكىدىن كەڭ - كۇشادە كىرىشكە تىرىشقىن. گۇناھىڭ سېنى تاشلاشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنى تاشلا. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىڭدا: «ھاياتىي دۇنيادا

[1] تەھرىم سۈرىسى، 8 – ئايەت.

شەيتاننىڭ خىزمەتكارى، نەپسىڭنىڭ قۇلى بولدۇڭ. نىھايەت، ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن قوغلىنىپ، ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلدىڭ؟» دەپ سورىسا، قانداق جاۋاب بېرىسەن؟ ھاياتىي دۇنيادا ماددىي كېسەللىكنىڭ چارىسى دورا ۋە پەرھىز تۇتۇش بولسا، مەنىۋى كېسەللىكنىڭ ئىلاجى چىن قەلبتىن سەممىي پۇشايمانلىق ۋە خالىس تەۋبىدۇر. قۇرۇق ئاۋارە بولما ياكى قىچىشقاق بولغان ئادەم قاشلىنىپ راھەت ئالغىنىدەك، سەنمۇ گۇناھ قىلىش بىلەن ھۇزۇرلانمىغىن. قېنى كەل، ئىسلام ئېتىغا مىنىپ، ئىمان دوبۇلغىسىنى كىيىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ غالىب قوشۇنىدىن بولغىن. پەرۋەردىگارىڭ سېنى تەۋبىگە چاقىرغان ئىكەن، سەنمۇ ئۇنى قوبۇل قىلغىن. تاغدەك گۇناھىڭ بولسىمۇ، سەممىي ئىخلاس بىلەن تەۋبە قىلساڭ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتى بىلەن قاردەك ئېرىپ، قەلبىڭ جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىغا ئايلىنىدۇ. ئىمان سارىيىدا چولپان بولۇپ چاقنايسەن، ھۇزۇر ئىچىدە بەختىيار بولىسەن.

تۆۋەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر سازچى بوۋاينىڭ ئىبرەتلىك ھېكايىسىگە قۇلاق سالايلى:

يىللارچە ئۆمرىنى ساز چېلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، گۇناھ بازىرىدىن بىر كۈنمۇ قالماي كۈن كەچۈرگەن، ئەمدىلىكتە قېرىپ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان، ياشلىقىدا «ۋاي سازچى دوستۇم!» دەيدىغان ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئالقىشلىرىدىن چۈشۈپ قالغان بىر گۇناھكار سازچى ئاخىرقى ئۆمرىدە بارار - كېلەر يەر تاپالماي، بىر مازارلىققا بېرىپ، زۇلمەت بىر كېچىدە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، چىن قەلبى بىلەن پەرۋەردىگارىغا سەممىي تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئىچ - ئىچىدىن يىغلاپ، پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ: «ئى شەپقەتلىك مېھرىبان پەرۋەردىگارىم! مەن بىر ئاجىز قۇلۇڭ، يىللاردىن بېرى سېنىڭ نېمەتلىرىڭ بىلەن ھايات كەچۈردۈم، ئەمما ناتكورلۇقۇمدىن ساڭا لايىقىدا قۇلچىلىق قىلالمىدىم، ئەمدىلىكتە كۈچۈمدىن قېلىپ، كېرەكسىز ھالغا كېلىپ قالدىم، ئۆمرۈممۇ ئاخىرلاشتى.

ئەمما، بۇ گۇناھكار يۈزۈم بىلەن سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا چىقىشتىن قورقۇۋاتىمەن، بىراق باشقا ئامالىم يوق. ئى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىم! سەن (گۇناھكار بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى) ياپقۇچى، شەپقەت ئىگىسى زاتسەن، مېنىڭ گۇناھىمنى ياپقىن، قولۇمدىكى مۇشۇ كونا سازدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق. ساڭا قانداق قۇللۇق قىلىشنى بىلمەيمەن، ئەمما بىلىدىغىنىم: مەن پەقەت سېنىڭ ئاجىز قۇلۇڭمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى كەچۈرگىن!» دەپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن پېتى كۆزى ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ئەمدى سۆزنى ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلايلى:

بىر كېچىسى ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. بىر چاغدا كۆزۈمگە ئەمدى ئۇيقۇ كىرىشى قۇلىقىمغا بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى:

– ئى ئۆمەر! ئورنۇڭدىن تۇر، مازارلىقتا مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر قۇلۇم بار، ئۇنىڭغا سالامىمنى يەتكۈزگىن. مەن ئۇنىڭدىن رازى، ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەك ئاپىرىپ بەرگىن!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مازارلىققا بارىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

– مازارلىققا بارغىنىمدا، بىر سازچى بوۋايدىن باشقا بىرى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، مەن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇلىنى ئىزدەيتتىم. ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئىزدەپ سازچى بوۋايدىن باشقا بىرىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، «ھەقاچان ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇلى مۇشۇ بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا كەلدىم - دە، ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ، بېشىدا ساقلاپ تۇردۇم.

كۆز يېشى ئارقىلىق جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى خىزمىتىدە بولۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز بۇ سازچى بوۋاي بىر چاغ بولغاندا كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا ھەزرىتى ئۆمەر تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن

ھەيران قالغان بوۋاي كۆزلىرى ياش يۇقى ھالدا:

– ئى ئۆمەر! ماڭا يول كۆرسەتكىلى كەلدىڭمۇ ياكى مەندەك بىر گۇناھكارنىڭ جازاسىنى بەرگىلىمۇ؟ – دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ساڭا خۇش بېشارەت بىلەن كەلدىم، ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى بار، ئاللاھ: «مەن ئۇ قۇلۇمدىن رازى، ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بەر!» دېدى، دەپ سازچى بوۋاينى خاتىرجەم قىلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بىر زاتنى بىر سازچى بوۋاينىڭ خىزمىتىگە سالغان نەرسە زادى نېمە؟ ئۆمۆر بويى ساز چېلىش بىلەن ئۆتكەن بۇ بوۋاينى جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشتۈرگىنىچۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ كۆرگىن! بۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، قەلبىدىكى ئىمان ئۇچقۇنلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ چىققان ئاۋاز، ئىخلاسمەن بىر قۇلنىڭ ئەلەملىك پەريادى ئىدى، كۆردۈڭمۇ؟ مانا بۇ كۆرۈنۈش ھەرقانداق ماددىي غەرەزدىن تامامەن خالىي قەلبتىن چىققان ھەرقانداق دۇئا ۋە سەمىمىي تەۋبىنىڭ ئىنسانىنىڭ قەلبىنى داغ ۋە ئەلەملەردىن تازىلايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟! سەنمۇ ئەنە شۇ سازچى بوۋايدەك قىلمىشلىرىڭغا خالىس تەۋبە قىلغىن ـ دە، پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكىن!

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

## دىققەت، ئىخلاس شەرت!

ئىنسان تەۋبىسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىشى لازىم:

بىرىنچىسى، ئەرزىمەس نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن چاپىدىغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار باركى، ئۇلار ماددىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دىنىي ئاساسلارنى سۇيىئىستېمال قىلىدۇ، بۇ يولنى ئاللاھقا ئۇلاشتۇرىدىغان يول تۇتماي، شەخسىي غەرەزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاسىتە قىلىۋالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىدە پايدىغا ئېرىشەلمەيلا قالماي، ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار «قىلىۋالغىنىمىز ئۆزىمىزگە پايدا» دەيدۇ. خوش... بۇنداقلار پەرۋەردىگارىنىڭ مونۇ پەرمانىغا نېمە دەيدۇ: ﴿**يامان ئىش قىلغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!**﴾[1].

شۇنداق، ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورايسەن» دېگەندەك، ئۇلارمۇ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم! ھەممىمىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن، ئامىن!

ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ غايىسى شۆھرەت قازىنىش ئەمەس. قارىماققا سەممىمىي، ئەمما ھەر تۈرلۈك نەيرەڭۋازلىقلار

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 4 – ئايەت.

بىلەن كىشىلەرنى ئالداۋاتقانلار مەھشەردە ئاچچىق ئىڭرايدۇ. بىر ئادەم ھەرقانچە چوڭ ئەمەلدار ياكى كاتتىنا ئەلىماخۇنۇم بولۇپ كەتسۇن، ناۋادا شۆھرەت قوغلىشىدىكەن، ئۇنداق ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقلار ئەتراپىمنى يورۇتىمەن دەپ شامغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ. نىقابلىق رەڭۋازلار، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە دىققەت: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇلار يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ**﴾[1].

شۇنداق، ئەي مۇسۇلمان! دۈشمەنلىكى ئاشكارا كىشىلەردىن ئارتۇقچە قورقۇش بىھاجەت. دوستلۇق نىقابى تاقىۋېلىپ قېنىمىزنى ئىچىپ، بىزنى ئىمانىمىزدىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋاتقان، شۆھرەت ئاشىقلىرىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىش كېرەك. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن!

ئۈچىنچى، نەپسانىي ھەۋەسكە ئەگىشىپ، قورقۇنچلۇق جىنايەتلەرنى قىلىش بىلەن لەززەت ئالىدىغان، شەھۋەت مەستانىلىرى... ئىنسانىيەت باغچىسىنىڭ پارازىتلىرى، شەھۋەت بۇتىنى سۇندۇرالمىغان، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان بەختسىزلەر جەمئىيەتتىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دائىم ھەسرەتتە قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيالىق ھاياتىمىزدا بىزنى ئىمتىھان قىلىدۇ: ﴿**بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچلىق بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم ئىمتىھان قىلىمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾[2]. بىزنىڭ مۇشۇ ھالىمىز بىلەن ئاشۇ بۈيۈك

[1] بەقەرە سۈرىسى، 204 – ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 155 – ئايەت.

ئىمتىھاندىن يۈزدەيۈز ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكىمىز بارمۇ؟ ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ئامال يوق. قورقۇنچ، يوقسۇللۇق ۋە بايلىق دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھان سوئاللىرىدۇر. ئۇنداقتا، ئاللاھتىن ئۈزاقلىشىپ، زالىملارنىڭ قامچىسى بولما، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلغىنىكى، ناچەقچىلىككە ھەرگىز يانتاياق بولما، زالىملارنى ئالقىشلىما، زۇلۇمغا تىز پۈكمە، ئۆلسەڭمۇ ھەقىقەتنى ياقىلا، خورلۇقتا ياشىغۇچە، ئىززىتىڭ بىلەن ئۆلۈمنى ئەلا بىلگىن، پەيغەمبەر يولىدىن ئايرىلمىغىن، ئاللاھقا يۈزلەنگىن!

پەقەت ئىبنىزىدا ئىشەنگۈچىلەرگە ئوخشاپ قالمىغىن: ﴿**كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ**﴾[1].

سەن بۇ ئايەت كەرىمە تەسۋىرلىگەن بەختسىزلەرنىڭ سېپىگە قانداقمۇ قوشۇلىسەن، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىسەن، سەن دېگەن تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە، قورقماس بىر مۇئمىن تۇرساڭ؟! پەقەت بۇلا ئەمەس، يەنە ئاچلىق ئىمتىھانىنىمۇ ئۆتمەي بولمايدۇ. موھتاج ۋاقىتلىرىڭدا تەمەخورلۇق بىلەن: «مەن پېقىر» دەپ ھەسرەت چەكمىگىن؛ پاراغەتلىك كۈنلەردە بېخىللىق قىلىپ: «مەن باي» دەپ ئىسراپخورلۇق قىلمىغىن، ئىمتىھانىنىڭ جاۋابىنى ھازىرلىغىن. بۇ دۇنيادا ئىزدەنگەن ئادەم ئىزدىگىنىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، بەزىسىنىڭ راھىتىنى كۆرسە، بەزىسىنىڭ جاپاسىنى چېكىدۇ.

ئادەمىزات چەكسىز نېمەت ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن غەپلەتتە. ئۇلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، زەھەر بىلەن زەھەر قايتۇرغۇچىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدۇ، ئۇلارنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى، 8–9 – ئايەت.

كۆزىنى قارا تۇپراقتىن باشقا ھېچ نەرسە تويغۇزالمايدۇ. ئۇلار ئاچ قالغان كۆنلەردە كۆز يېشى قىلىپ پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرىدۇ. بىرئاز پۇل – مال تېپىپ، باي بولغان ھامان ئىسيان قىلىپ ئىسراپچىلىقنى باشلايدۇ. ﴿**ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى) بەرسەك، (پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ**﴾[1].

بۇ ئايەت كەرىمەدىن ساۋاق ئېلىپ، كۆزۈڭنى ئاچ. كۈنىمىزدە شۇنداق ئىنسانلار باركى، بىر زامانلاردا بىر بۇردا نانغا موھتاج ئىدى. ئەمدىلىكتە بىرئاز مال - دۇنياغا ئېرىشىپ، ھاۋايى - ھەۋەسىنىڭ كەينىدىن چاپىدىغان، مەسچىتلەرگە يېقىنمۇ يولىمايدىغان بولدى. قولىدىكى مال - دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا پېقىر – مىسكىن ۋە موھتاجلارنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ئۇنتۇشتى. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرمەي تۇرۇپ بۇ مال – دۇنيانىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەيسەن. «كەيپىم جايىدا» دەپلا غەپلەتتە كېتىپ قالمىغىن. خالىساڭ، تۆۋەندىكى مەنزىرىگە قاراپ ئىبرەت ئالغىن:

ئۈچ كەمبەغەل ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىر يەرگە كەلگەندە بىرنەچچە نوكچا ئالتۇن ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئەمدى «بېيىپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ خۇشال بولۇشۇپ، ئالدى بىلەن قورساقنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئالتۇنلارنى بۆلۈشۇش مەقسىتىدە، ئارىدىن بىرىنى بازاردىن يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. تاماق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان ئادەمنىڭ يولدا كېتىۋېتىپ قورسىقىغا جىن كىرىدۇ - دە: «ئالتۇنلارنى ئۈچكە بۆلۈپ نېمىش قىلىمەن؟ تاماقنى زەھەرلەپ، ئىككىسىنى ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىۋېتىپ، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىگە ئۆزۈم ئىگە بولمايمۇ؟!» دەيدۇ كۆڭلىدە.

[1] ئىسرا سۈرىسى، 83 – ئايەت.

قالغان ئىككىسى ھەمراھىنى بازارغا يولغا سالغاندىن كېيىن:

– بىز بۇ ئالتۇننى ئۈچكە ئەمەس، ئىككىگە بۆلەيلى. ئۇ كەلگەندە: «سەن نەلەردە يۈردۈڭ؟» دەپ مېڭىسىگە تاش بىلەن ئۇرايلى ـ دە، ئاخىرەتكە يول ئالسۇن، – دېيىشىدۇ.

ھەي مۇسۇلمان، پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن قۇلاق سالغىن! تاماقنى زەھەرلەپ كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنى ئىككى ھەمراھى: «نەلەردە يۈردۈڭ؟» دەپ تاش بىلەن ئۇرۇپ ئاخىرەتكە يولغا سالدى. دېمەك، ئۇ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغۇچە ئەجەل ئوقى يەپ ئۆلدى. ئۇنداقتا، قالغان ئىككىسى ساق قالدىمۇ؟ ياق، ئۇلارمۇ جازاسىنى كۆردى. «بىز ئەمدى بېيىپ كېتىدىغان بولدۇق. ئالدى بىلەن قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋالايلى، ئاندىن ئالتۇنلارنى بۆلۈشۈپ، يولىمىزغا راۋان بولايلى!» دېيىشىپ، ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى ۋە زەھەرلىنىپ ئاخىرەتكە راۋان بولدى. دېمەك، ھەممىسى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى.

قېرىندىشىم! بۇ مەنزىرىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدىغان بولساق، ئالتۇنلار مۇشۇ دۇنيا، ئۈچ يولۇچى بولسا بىز ئىنسانلار، زەھەرلەنگەن تاماق بولسا ھارام ماللار ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردۇر. «ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقا قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگەن كىشى كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن ئىسلام پرىنسىپىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىغان ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە شەخسنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىر مېتىر تۇپراق ئۈچۈن جېدەل قىلىپ ئۆلۈم ھادىسىسى تۇغدۇرىدىغان، قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە ھەدىيە تەقدىم قىلىدىغان، دادىسىنىڭ نامىزىغا قاتناشمايدىغان، ئەمما مىراس تەقسىم قىلىنغاندا، «دادىكام ئىدى» دەپ دەۋا قىلىدىغانلار قايسى يولنىڭ يولۇچىسىدۇ، ئەجەبا؟!

ئى مۇسۇلمان! پەخەس بولغىن، دۇنيا سېنى ئالداپ

كەتمىسۇن. ﴿**تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر (پۇل ـ مال ۋە بالا ـ چاقىلار بىلەن) پەخىرلەنمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى**﴾[1]. قەبرىگە بارغاندا ھەممە ئادەم ھوشىنى تاپىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ، ئەمما پايدا بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئۆلگەندە، پەرىشتىلەر: ئۇ (ئاخىرەتكە) نېمە ئېلىپ كەپتۇ؟ دېسە، ئىنسانلار: (بالا - چاقىسىغا) نېمە قالدۇرۇپ كېتىپتۇ؟ دەيدۇ». بۇ مۇبارەك ھەدىس شەرىپىنىڭ تېگىگە چۆككىن، ۋىجدانىڭنىڭ چاقىرىقىغا، دىنىڭنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سالغىن؛ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ھوشۇڭنى تاپقىن. يىللارچە بىر ياستۇقتا باش قويغان قەدىناس ھەمراھىڭ سېنى قەبرىگە ئىشىك ئالدىدىن ئۇزىتىپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۆمۈر بويى تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئاران تۇتقان ئۆيۈڭگە باشقىلارنى «كىرمە!» دېيەلمىدى. ئۇنداقتا، ئۇنىڭمۇ مۇھەببىتى ساختا ئىكەنلىكى بىلىندى. بالىلىرىم دەپ چەككەن كۈلپەتلىرىڭ، جاپا - مۇشەققەتلىرىڭ بىردەمدىلا ئۇنتۇلدى. قەبرەڭنىڭ ئۈستىگە سېپىلگەن سۇ قۇرۇماي تۇرۇپلا، پەرزەنتلىرىڭ پۇل ـ ماللىرىڭنى دەپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشتى. ھايات چېغىڭدا كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىغان دوست – يارەنلىرىڭ سېنى ئۇنتۇدى. سەن ئىشىنىپ ئەقىدە قىلغان نەپسىڭ، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، قۇلچىلىق قىلغان شەيتان ئاخىر سېنى قىلمىشلىرىڭ بىلەن بىرگە تاشلاپ قويدى. دېمەككى، دۇنيا ھاياتىدىكى سەن كۆڭۈل بەرگەن ھەممە نەرسە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، سېنى ئالدىدى. نىھايەت، سەن ھەممىنى تاشلاپ، بىرنەچچە مېتىر بوز كېپەن بىلەن قارا تۇپراق ئاستىدا، زۇلمەتتە يالغۇز قالدىڭ. ئۇنداقتا، سېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغان ھەقىقىي ھەمراھىڭ كىمكەن؟

ئەي مۇسۇلمان! بۇ ھايات ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن بىر ئىبرەت

[1] تەكاسۇر سۈرىسى، 1–2 – ئايەت.

ئەينىكى ۋە ھېكمەت خەزىنىسىدۇر. ئەبەدىي ھاياتىڭدىكى ھەمراھىڭنى بۇ دۇنيادا دىققەت بىلەن تاللىغىن، ھەقىقىي بولمىغان، ساختا دوستلۇققا يېقىنلاشمىغىن! ئۆتكۈنچى ۋە ۋاقىتلىق ماقام - مەنسەپ، شان – شەرەپ سېنى گۇناھ كېمىسىگە چىقىرىپ ئالداپ قويمىسۇن. مەدەنىي دۇنيانىڭ مەدەنىي ئىنسانى بولۇش، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يېقىنچىلىقى بىرىنچى غايەڭ ۋە ھەقىقىي ئارزۇيۇڭ بولسۇن!

## بەختىيار ئىنسان

ئىنسان جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما، ھەممە ئادەم ئوخشاشلا بەختىيار بولالمايدۇ. قولىدا تۆمۈر تاۋاق، ئاستىدا پىستانلىق ئورۇندۇق بولغانلارمۇ بەختىيار بولالىشى ناتايىن. ناھايىتى مەغرۇر، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى سالاپەتلىك نۇرغۇن ئادەملەر باركى، ھەشەمەتلىك سارايلاردا ئولتۇرىدۇ، نۇرغۇن چاكار - مالايلار خىزمىتىنى قىلىدۇ، مىنىدىغان ماشىنىسى تەييار، قولىدا ئالىي ماركىلىق تېلېفونى بار، ئەمما يەنىلا بەختىيار ئەمەس. بىر چىرايلىق ۋاپادار خانىمىنى قويۇپ، تىياتىر ۋە تانسىخانىلاردىن ھۇزۇر ئىزدەيدىغان، بالا - چاقىلىرى بىلەن كارى بولماي، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنىڭ تۇمانلىرى بىلەن ياشلىق باھارىنى خازان قىلغان بەختسىزلەرنى بەختلىك دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداقلار ئۇچار كېپىنەكگە مىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆمۈر مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئىشەك بىلەن سەپەر قىلىۋاتقان كىشىچىلىكمۇ بەختىيار ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟... جاۋابى مانا: ﴿**زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممەيلەن چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر**﴾[1].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆرمىگەنلەرچە بەختسىزلەر زىيانكارلىقتا. ئىمانسىز، زۇلمەت زىنداندا قالغانلار ھەرقانچە

[1] ئەسىر سۈرىسى.

كاتتا كىشىلەر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بەختىيار بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ قۇتۇلۇش يولى پەقەت قەلبىگە ئىمان قۇياشىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. قۇياشىنى تىكلەپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس. ئىمان بولۇپ، ئەمەل بولمىسا، ئۇ بەربىر زىيانكارلىقتا، گۇمراھلىقتا. «نېمىشقا؟» دېگەندە، ئىمان قۇياشىنىڭ نۇرىنى توسىدىغان نەپس ۋە شەيتان ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ ئۇنى ناماز ئوقۇمايدىغان، زاكات بەرمەيدىغان، روزا تۇتمايدىغان، ياخشى ئەمەل خۇشياقمايدىغان ناكەسلەردىن قىلىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلىڭلاركى، تەننىڭ ئىچىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر شۇ ياخشىلانسا، پۈتۈن بەدەن ياخشىلىنىدۇ؛ ناۋادا ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ». قەلب ئورالغان نۇر سىملىرى كېسىلسە، ئىنسان ئەلۋەتتە ھېس - تۇيغۇ، ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، قەلب دېگەن ئېنېرگىيە يادروسىدۇر. «بۇنىڭ چارىسى مۇنۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ﴿**مېنى (تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**﴾[1].

بەختىيار بولۇشنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ئىبادەتكە باغلىنىشتۇر. ئىنسان كۈندىلىك ئىبادەتلىرىنى نورمال ۋە جايىدا ئورۇندىيالمىغان چاغلىرىدا تولىمۇ بىئارام بولىدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت. بىر مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئالدىدا ياكى جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ نېمىشقا قىزىرىپ كېتىدۇ؟ گۇناھكار بولغانلىقىڭدىن، ۋەزىپەڭدىن باش تارتقانلىقىڭدىن. قاراۋۇللۇقتىن قاچقان ياكى دۈشمەنگە تەسلىم بولغان ئەسكەر قانداق ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئىمانىنىڭ تەلىپى بولغان نامازنى ئادا قىلمىغان ياكى بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئىمان قورالى بولغان نامازنى تاشلىغانلارنىڭ ھالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ﴿**ناماز**

[1] بەقەرە سۈرىسى، 152–153 – ئايەت.

**ئوقۇۋاتقان بەندىنى توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟﴾**[1] دېگەن ئايەت كەرىمەنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ تەھدىت قىلماقتا. بىر ئائىلە كىشىلىرى ناماز ۋە ئىبادەت ئىشتىياقى بىلەن كۆيەدىغان بولسا، ئۇنداق ئائىلە ئىچىدە نۇر چاقنايدۇ. پېشانىسىنى سەجدىگە قويمايدىغانلار داۋاملىق يىغلايدۇ. بۇگۈنىنىڭ تەلەيسىز ئەۋلادلىرى بۇ دەۋرنىڭ ئازابىدا ئىڭرىماقتا. مەسچىتلىرىمىزدە ياشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماق، ئۇلارنىڭ بەختىيار بولغانلىقىنى كۆرمەك نېمىدېگەن ياخشى ئىش ھە! پەرۋەردىگارىم، بىزنى توغرا يولدىن ئايرىمىغىن!

ئىنسان مۇشۇلارنى قىلىپ قويۇش بىلەنلا يەنە بەختىيار بولالمايدۇ، يۇقىرىقىلار بىلەن بىرگە ئۆزئارا ھەققە تەۋسىيە قىلىشىدىغان، سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشىدىغان، ئەھلى ـ ئەۋلادىنىڭ، ۋەتەن ۋە مىللىتىنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىدىغان، كۈچ چىقىرىپ، مال چىقىرىپ، نۆۋىتى كەلگەندە جانىنى بېرىپ كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى شەرت. ساپ قەلبى بىلەن كەلگۈسىنى كۆرگەن، ئاللاھنى ياخشى تونۇغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇشقا مۇناسىپ ئىتائەتمەن ئەۋلاد، نومۇسچان قىز، ھايالىق ئايال، پەزىلەتلىك ئەر، بىر ـ بىرىدىن خاتىرجەم كىشىلەر؛ ئەۋلادىغان نومۇس ئۆگەتكەن ئانا، بالىلىرىنى قۇرئان ۋە ياخشىلىققا يېتەكلىگەن دادا، ئانىسىنىڭ دۇئاسىغا ھەمنەپەس بولغان قىز، دادىسى بىلەن جامەگە چىققان يىگىتلەردىن ئىبارەت بىر تۈركۈم ئىسلام ئاۋانگارتلىرى جەمئىيىتىمىزدە يوق ئەمەس، بەلكى كۈنسېرى ھەسسىلەپ ئاشماقتا.

شۇنداق، ئەي مۇسۇلمان! بۇ ھۆزۈرنى مۇسۇلمانلىقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇمىغانلار سېزەلەمدۇ؟ **﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىر ۋە مۇناپىقلارنى) دورىماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ**

[1] ئەلەق سۈرىسى، 9–10 – ئايەت.

**نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر﴾**[1] دېگەن بۇ ئايەتلەر قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتسا، مېڭىۋاتقان يولىدا تەۋرەنمەي تۇرالمىغانلار، «ئىسلاھات» دەپ ئەقلىسىزلەرچە جۆيلۈۋاتقانلار بەختىيار بولالامدۇ؟

[1] ئەنفال سۈرىسى، 20–22 – ئايەتلەر.

# مەدەنىي ئادەم كىم؟

بۇ سوئالغا ئاددىي قىلىپ جاۋاب بېرىدىغان بولساق، مەدەنىي ئادەم باتىل ئەقىدە، قۇرۇق نەزەرىيە ۋە ئاساسسىز پىكىر ئېقىملىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شاپاشلىغان كىشى ئەمەس، بەلكى ھەق دىننى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنى تونۇغان كىشىدۇر.

مەدەنىي ئادەم ھەددىدىن ئېشىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىرلىشىپمۇ بىر ئايىتىنىڭ ئوخشىشىنىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىم ھەققىدە كەلسە ـ كەلمەس گەپ قىلىدىغان كىشى ئەمەس، ھەقىقەتكە بويى ئېگىپ، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا قۇرئانغا ئەگىشىپ، ئۇنى چۈشىنىپ، ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان كىشىدۇر.

مەدەنىي ئادەم مىللىي بىرلىكىدىن، مۇقەددەس ئەقىدىسىدىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلغان كىشى ئەمەس، ۋەتىنىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلگەن، قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي، پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلەرنى ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈپ، «مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىش»، «كونىدىن يېڭىنى تارتىپ ئېلىش» پىرىنسىپلىرى بويىچە مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلاشقا تىرىشىدىغان، مىللىتىنىڭ مۇقەددەساتلىرىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان كىشىدۇر.

مەدەنىي ئادەم ئاللاھ دېيىشنى خارلىق ھېسابلايدىغان، بازاردا ئاياللىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈرىدىغان، تانسىخانىلاردا ئۆزى باشقا ئاياللار بىلەن تانسا ئويناپ، ئايالىنى باشقىلار بىلەن تانسا ئويناشقا قويۇپ بېرىدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانچە ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت مىزانى بويىچە ئاللاھتىن قورقۇپ، ھارامدىن ساقلىنىدىغان، ئىخلاسمەن، تەقۋادار، سەۋرچان، سەمىمىي، پاك ۋە كەمتەر كىشىدۇر.

مەدەنىي ئادەم زالىمنىڭ چوماقچىسى ۋە نامەردنىڭ يالاقچىسى بولغان كىشى ئەمەس، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرغان، ھەقسىزلىققە باش ئەگمىگەن، خورلۇقتا ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغان، ئىرادىلىك، ئالىيجاناب، باتۇر، بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت ئىزدەيدىغان، كۈرەشچان كىشىدۇر.

قىسقىسى، مەدەنىي ئادەم پۈتۈن مەدەنىي خىسلەتلەرگە پۈركەنگەن، ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىش غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، دۇنياغا دۇنيا نەزىرى بىلەن، ئاخىرەتكە ئاخىرەت نەزىرى بىلەن توغرا باھا بەرگەن، ۋەتىنىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىدىغان كىشىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلىش مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىك ۋە تېگىگە يېتەلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## شەپقەت، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت

بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىنسانىيەت ئۈچۈن قۇتۇلۇش قانۇنىيىتى!

**﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾**[1].

ۋەتىنى بىر، مىللىتى بىر، دىنى بىر، دەۋاسى بىر، غايىسى بىر، بىر، بىر... بىرقانچىلىغان بىرلىكلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بىر خەلقنىڭ ئېڭىدا قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنىڭ نامايەندىسى بولغان «مەرھەمەت» چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىگە ھېچقانداق باھانە - سەۋەب يوق. يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاشقا، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، جەمئىيەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىق، ھۆرمەت ۋە مەرھەمەت ھېسسىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىردىنبىر ئامىل «مەرھەمەت» تۇيغۇسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىچىكلىرىمىزگە مەرھەمەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس».

بىز قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدۇق، ئويلاپ كۆرەيلى! بىر – بىرىگە ھۆرمەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەتكە بۇيرۇيدىغان بىر دىنغا مەنسۇپ خەلق ئىچىدىمۇ شۇنداق ئادەملەر باركى، بىر مەھەللىدە ھەتتا بىر بىنادا تۇرۇپمۇ ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن،

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 10 – ئايەت.

ئاغرىپ قالغانلاردىن ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەردىنمۇ خەۋىرى يوق. تېخى ئۆلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلاردىن يىرگىنىپ نەپرەتلىنىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا سېلىپ، ئىش ھەققىنىمۇ تولۇق بەرمەي، قان يىغلىتىدۇ؛ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ غېرىب ھالىدىن، ئەلەملىك كۆز يېشىدىن لەززەت ئالىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن باي، سۆلەتۋازلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قانداق كۈنگە قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەمدىغاندۇ؟! مەنسەپدارلار ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ۋاپادار نەرسە ئەمەسلىكىنى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئاستىدا بولسا، ئەتە باشقىسىنىڭ ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ پەقەت بىر ئادەمگىلا مەنسۇپ ئەمەس، ئالمىشىپ تۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندەك؛ ئۈستىدىكى پۈتۈن مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇغاندەك؛ شۈكرى قىلىپ ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىگە ياخشىلىق قىلىشۋېلىشىنىڭ ئورنىغا مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ ئوق قانىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاجىز خەلقلەرنى قۇل قىلىش، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىشتەك رەزىل مەقسىتىنى پىلاندىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاكتىپلىق بىلەن يانتاياق بولماقتا. ئاجىز - يوقسۇللارغا قىلىشقا تېگىشلىك ياردەم بۇرچىنى ئۇنتۇماقتا.

جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا (بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ**﴾[1] دېگەن پەرمانى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتسا، مەلئۇن شەيتاننىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە بۇنداق ئادەملەر مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ﴿**ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشتىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ**﴾[2].

[1] بەقەرە سۈرىسى، 168 – ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى، 100 – ئايەت.

ئەينى چاغدا پېقىرلىقتىن بىر نانغا زار بولغان، مىسكىنلىكتىن كونا كەپىدىن چىقالمىغان نۇرغۇن ئادەملەر پەرۋەردىگارىغا يېلىنىپ دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا مال - مۈلۈك ئاتا قىلغىن، كىشىلەرگە موھتاج قىلمىغىن، ئەگەر قولۇمغا مال ـ دۇنيا كىرىپ باي بولسام، سېنىڭ مەندەك ئاجىز بەندىلىرىڭگە يار يۆلەكتە بولىمەن، غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن» دەپ كۆز يېشى قىلىدۇ. ئاللاھ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، باي بولۇپ، راھەتكە چىققان ھامان ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇيدۇ ـ دە، ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ يوقسۇللاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ؛ قىلغۇدەك بىرەر ئىش تاپالماي، كېلىپ ئىش تەلەپ قىلغان چارىسىز بىچارىلەرنى يېنىدىن قوغلاپ: «سەندەكلەر بىرەر ئىشنى جايىدا قىلالايدىغان بولسا، بۇ كۈنگە قالغان بولاتتىڭمۇ؟» دەپ ھاقارەت قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ. بۇنداقلار شۇنى مۇقەررەر بىلىشلىرى كېرەككى، بۇ دۇنيا ئۇلارغىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ.

جەمئىيەتتە نۇرغۇن بايلار بار. ئۇلار كۆڭلى تارتقانلىكى نەرسىنى يېيەلمەيدۇ، سالامەتلىكىگە زىيانلىق. بۇ ئاددىي بىر مىسال. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن بىئارامچىلىقلىرى بار. بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاخىرەتتە زىيانكارلىقتا ۋە گۇمراھلىقتا. بېخىل، شەپقەتسىزلەر ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، جېنى ھەلقۇمغا كەلگەندە، ئاندىن قولىنى ئاچىدۇ، پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئەسقاتمايدۇ. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، كىم نېمە تېرىسا، شۇنى ئالىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان! يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەملەرگە ئوخشاش بولما، بۇ دۇنيانىڭ ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى ئويلا، گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىپ، نىھايەت سولىشىپ تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما، چۈنكى سەن: ﴿**ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر**

**يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ئۇنىڭ زىنىنىتى قىلدۇق﴾**[1] دېگەن بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇ دۇنيانىڭ بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن. قوشنىسى يوقسۇزلۇقتىن، ئاچلىقتىن زارلىنىۋاتسا، يېتىر مانتا يەپ قورساق سېلىپ يېتىشنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ غەم - قايغۇسىغا غەمخانە بولماسلىقنىڭ مۇسۇلمان ئەخلاقىدىن ئەمەسلىكىنى بىلىسەن. قېنى كەل، مەرھەمەت شەربىتى ئىچكىن ۋە ئۆچۈرگىن!

دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشقىلارغا ھال ئېيتالمايدىغان نۇرغۇن غېرىب، مىسكىن، ئاجىزلار بار. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بول. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رەھىم قىلمايدىغان كىشى رەھمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەن پەرمانىغا قۇلاق سالغىن.

غېرىب - غۇرەبا، يېتىم - يېسىرلارنىڭ قىسىلغان بويىنى، سارغايغان يۈزى، ياشلىق كۆزلىرى، پېقىر، مىسكىن، ئاجىز - يوقسۇللارنىڭ دەرد - ئەلەملىك ھالى كۆزۈڭگە چېلىقماي قالمايدىغاندۇ؟

**﴿ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمايدىغانلار ئۇلارنىڭ بىر نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ ئۇلارنى باي دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾**[2].

قېرىندىشىم، بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ئويلانغىن.

[1] كەھف سۈرىسى، 7 – ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 273 – ئايەت.

# ئادەم بولماي تۇرۇپ ھۇزۇر يوق

ئۆزۈڭنى خۇددى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرمەي تۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى قىياپىتىڭدىن خاتىرجەم بولماي تۇرۇپ ھۇزۇرغا ئېرىشەلمەيسەن. بىر تۆمۈرچى ھەجگە تەييارلىق قىپتۇ. بىر كۈنى بازاردىن قايتىۋېتىپ مەھەللىسىگە ئاز قالغاندا بىر ئايالنىڭ كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بىرقانچە كىشىنىڭ قوللىرىدا بىر نەرسە كۆتۈرگىنىچە ھېلىقى ئايالنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلماي كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، دەرھال بېرىپ ئۇنىڭدىن:

– قىزىم! بۇنچىۋالا كۆز يېشى قىلغۇدەك بېشىڭىزغا نېمە دەرد كەلدى؟

– ئۇلارغا گۆشتىن ماڭا ئازراق بولسىمۇ بېرىڭلار دەپ شۇنچىۋالا يالۋۇرساممۇ، بەرمىدى. شۇنىڭدىن نەپسىم ئىزا تارتىپ...

– نېمىشقا ئازراق بەرمىدىڭلار؟

– بېرەلمەيمىز، تەقسىر!

– سىلەردە شەپقەت دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ بۇ ئايالنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشىغا قانداق چىدىدىڭلار؟

– تەقسىر، سىلى ئۇنداق دېگەنبىلەن، بۇ ھارام گۆش تۇرسا!؟

– ھارام گۆش؟

– شۇنداق، بىز بىرقانچە كۈندىن بېرى بىر لوقما تائامغا زار بولۇپ كېلىۋاتقان ئىدۇق. تۇنۇگۈن قوشنىمىزنىڭ ئېشىكى ئۆلۈپ قالغان ئىكەن، هايات قېلىش ئۈچۈن، ئامالسىز...

بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈرچىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇققىنا تەر قۇيۇلۇپ ـ دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ ۋە كۆڭلىدە مۇنۇلارنى ئويلاپتۇ:

«ئى تۆمۈرچى، كۆزۈڭنى ئاچ! قېرىنداشلىرىڭ ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئېشەك تاپى يەۋاتسا، سەن ھەج قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىسەن. هوشۇڭنى تاپ! بۇ قېرىنداشلىرىڭنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزساڭ، ئاللاھ سەندىن قاتمۇقات رازى بولمامدۇ؟!».

شۇنداق قىلىپ تۆمۈرچى ئۇ يىلى ھەجگە بارماي، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپتۇ. ياندۇرقى يىلى ئاللاھ ئۇنى ھەج قىلىشقا نېسىپ قىپتۇ.

ئى قېرىنداشلار! ئالدىمىزدا بۈيۈك ھېساب بار. بۇ ھېسابقا لايىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى، شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى تاشلىمايلى!

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئارىمىزدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدىغان بايلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالەتتە يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاۋاتىدۇ، موهتاجلارغا يار ـ يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن خالىسلا بولىدىكەن، ئۇلار بۇنىڭ ھالاۋىتىنى چوقۇم كۆرىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختىيار بولىدۇ. شۇڭا، جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىگە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) چوقۇم ئىمتىھان قىلىنىسىلەر**﴾[1] دېگەن سۆزىگە بىنائەن ئىمتىھاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن، ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرەپلىك ئۈممىتى سىلەر، يولۇڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، ھەرگىز تەۋرىنىپ قالماڭلار!

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 186 – ئايەت.

## قورقماڭلار، غەلبە سلەرگە مەنسۇپ!

مەرھەمەتنىڭ قېرىندىشى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتتۇر. سەن ئۆزۈڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ، مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرگىن، ھۆرمەت قىلغىن، ھۆرمەت قىلىنىسەن؛ ياخشى كۆرگىن، ياخشى كۆرۈلىسەن. شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر يا باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى، يا ياخشى كۆرۈشنى جايىدا قىلالمايدۇ. بىرقانچە يىل جاپاسىنى تارتقان، شىرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ، باغرىغا بېسىپ، «ۋاي قۇزام!» دەپ ئاسراپ، ئاق سۈتى بىلەن ئادەم قاتارىغا قوشقان ئانىلار؛ «ئوغلۇم، ئوغلۇم!» دەپ بارلىقىنى تەقدىم قىلىپ، بەختىنى كۈتكەن دادىلار ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ دەشنىمىگە ئۇچرايدۇ؛ ئاشۇنداق ئەتىۋارلاپ باققان باللىرى قىمارغا، ھاراققا ياكى چېكىملىككە پۇل بەرمىدىڭ دەپ ئۇلارنىڭ گاللىرىنى سىقىدۇ ھەتتا ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. ئۇلاردا ھۆرمەت، ئېھتىرام، ھايا دېگەن نەرسىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق. رەھمەتلىك مەھمەت ئاكىف:

ھايا قالماپتۇ، كېتىپتۇ، يۈزسىزلىك ھەر يەردە،

يۈزلىرى ئوچۇق، مىگەر نىپىزغىنا بىر پەردە.

ئەي مۇسۇلمان قېرىندىشىم! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدىن ئايرىلمىغىن، ئۇ زاتنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن: **«ھارامدىن ساقلانغىن، ئەڭ ئابىد ئىنسان بولىسەن؛ ئاللاھنىڭ ساڭا تەقسىم قىلغىنىغا رازى بولغىن، ئەڭ**

**باي بولىسەن؛ قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، (كامىل) مۇئمىن بولىسەن؛ ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرگىن، (كامىل) مۇسۇلمان بولىسەن؛ كۆپ كۈلمىگىن، چۈنكى كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ»**[1].

ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئان كەرىمگە مۇھەببەت باغلاش مۇسۇلمانلىقنىڭ، ئومۇمەن ئىنسانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نازىل بولغان: ﴿**سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**﴾[2] دېگەن ئايەت كەرىمەنى كۆرگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ رەھمەت خەزىنىسىگە مۇھەببەت باغلىماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ﴿**ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق**﴾[3] دېگەن پەرمان ئالدىدا ئۇ زاتنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماسلىق، ياخشى كۆرمەسلىك تۇزكورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ﴿**سېنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ئىبادەتلىرىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق**﴾[4] دېگەن ئايەتنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەسلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلغان، ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بەندىلىرىگە: ﴿**مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئېھسانىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾[5] دەپ بېشارەت بېرىدۇ. كۆزلىرىمىز كۆرسۈن، قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىسۇن ۋە بۇ نېمەتنى قەدىرلەيدىغان، شەرەپلىك ئىنسانلاردىن بولايلى!

[1] تىرمىزىي رىۋايىتى.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 107 – ئايەت.

[3] ئەھزاب سۈرىسى، 45 – ئايەت.

[4] ئەھزاب سۈرىسى، 46 – ئايەت.

[5] ئەھزاب سۈرىس، 47 – ئايەت.

ئەي مۇسۇلمان! پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمىتىم ۋە مۇھەببىتىم بار دەپ قويۇش بىلەنلا ئىش ھەل بولمايدۇ. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىلاھىي كىتاب قۇرئان كەرىمگە ھۆرمەت قىل، ئۇنى ئوقۇپ، ئەمەل قىلغىن، ئوقۇلۇۋاتقاندا ھۆرمەت بىلەن قۇلاق سالغىن، جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)**﴾[1] دېگەن بۇيرۇقىنى ئۇنتۇمىغىن. قۇرئان كەرىم ئوقۇلغاندا، ھەم كۆزى، ھەم قەلبى يىغلايدىغانلار بار؛ پەقەت ئاۋازى مۇڭلۇق قارىلارنىڭ قىرائىتىنىلا ئاڭلايدىغانلارمۇ بار. ئۇلار «ئاتا ـ ئاناڭغا رەھمەت قارىم! ئاللاھ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرسۇن، بېشىڭغا نۇردىن تاجا كىيدۇرسۇن!» دەپ قارىنىڭ ئاۋازىنى باھالايدۇ، ئەمما قۇرئاننىڭ ھېكمىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ، مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. يەنە بەزىلەر قۇرئان ئوقۇلۇۋاتسا، چىقىپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆلۈكلەر ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ھاياتى ئۈچۈن ئوقۇپ، ئەمەل قىلمايدۇ. ﴿**ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلاردا چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى**﴾[2].

دۇنياغا ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئالاقىدار شېئىر ۋە غەزەللەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىدىغان بۇ ئىنسان نېمە دەپ پۈتۈن كائىناتنى چۈشەندۈرىدىغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ ھايات كىتابىغا قۇلاق سېلىپ، ھۆرمەت بىلەن تىڭشىمايدۇ. بىلىپ ـ بىلمەي بۇ قۇرئان كەرىمنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغانلارنىڭ ۋە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى تارىخ ۋە ئەمەلىي پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغان تۇرۇغلۇق، يەنە قۇرئان كەرىمدىن قېچىش ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ جانابى ئاللاھ: ﴿**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى چوقۇم بىز قوغدايمىز**﴾[3] دېمىدىمۇ؟!

[1] ئەئراف سۈرىسى، 204 – ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى، 78 – ئايەت.

[3] ھىجر سۈرىسى، 9 – ئايەت.

ئەي مۇسۇلمان! قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغىن ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغىن. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەقىقەت قۇياشى بار، ئۇنىڭدىن ئېنېرگىيە ھاسىل قىلغىن؛ نۇر دېڭىزى بار، ئۇنىڭدىن نۇر ئالغىن؛ ھايا پەردىسى بار، ھايالىق بولغىن؛ ھايات قانۇنى بار، ھاياتىڭغا مىزان قىلغىن. قۇرئانغا ھۆرمىتى بار ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە باشقا قېرىنداشلىرىغا ھۆرمىتى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاق كۆرسەتمىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ھەرقانداق ياش ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. كۈنىمىزدىكى ئەخلاقسىزلىق ۋە رەزىللىكلەردىن بىرى ئانىنىڭ ئۆز قىزىدىن، ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىدىن ھاقارەتكە ئۇچراپ، دەشنەم يېيىشىدۇر.

# كۆرگۈلۈكگىزنى كۆرسىز!

يازنىڭ ئىسسىقىدىن، قىشنىڭ سوغۇقىدىن ساقلاپ ھەتتا كېچىلىرى بىرنەچچە قېتىم زاكىسىنى ئالماشتۇرۇپ، نامىزىدا بەختىنى تىلەپ كۆز ياشلىرى قۇرۇمىغان بىر ئانىنىڭ ئىچىنىشلىق ھالى؛ ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، «ئوغلۇم ئادەم بولسۇن» دەپ تاپقان ـ تەرگىنىنى ئوغلىغا يېگۈزگەن، ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئاخىرىدا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان دادىنىڭ ھەسرەتلىك پەريادى!

بىر كۈنى بىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدا كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى ـ دە، يېنىغا كېلىپ:

– ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تاغا! بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىدىڭىزمۇ نېمە؟ يىغلىماڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىز؟ بەلكى قولۇمدىن كەلسە، ياردىمىم تېگىپ قالار، – دېدىم.

بوۋاي كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ھەسرەتلىك بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزگە كىرىشتى:

– 80 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ قاتمۇقات مۇشەققەتلىرىگە چىدىدىم، بالا ـ چاقىلىرىمنى بېقىپ قاتارغا قوشتۇم. ئەمدىلىكتە قىزىم بىر ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى. ئوغلۇمنى ئەسكەرلىكتىن كەلگەندىن كېيىن، ئۆيلەپ قويغىنىمغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، ھازىرغىچە كېلىنىمنىڭ قولىدىن بىرەر پىيالە چاي

ئىچكىنىم يوق. تېخى بەزىدە «هەي قېرى! مەن بۇ ئۆيگە سېنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىڭنى كۆرۈشكە كەلگەن ئەمەس» دەپ ئازار بەردى. ئوغلۇم ئايالىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىڭ ئورنىغا: «بۇ خوتۇندا گەپ يوق دادا، مەن ياخشى خوتۇنغا ئۇچراپتىمەن. ئايالىمغا جىق كۆرۈنمەڭ، مېنىڭ بەرگىنىمنى يەڭ، بەرمىگەن كۈنلىرىمدە روزا تۇتسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. بالام! مەن ئادەم ئەمەس، هايۋان بېقىپ چوڭ قىلغان ئىكەنمەن. يېنىمدا بىر تىيىنىمنىڭ پۇچۇقىمۇ قالمىغان ئىدى. تۇنۇگۈن ئوغلۇمدىن بىرئاز پۇل سوراپ بارسام، چىرايىمغا قاراپمۇ قويمىدى. تېخى بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي: «دادا، بۇ ئۆيگە قايتا كەلمەڭ. ئايالىم سىزنى كۆرسە، خاپا بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، ناۋادا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام، يەنە ئۇنىڭدەك خوتۇننى تاپالمايمەن. بولمىسا، ئايالىمدىن كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرىسىز» دەپ ئىشىك ئالدىدىنلا قايتۇرۇۋەتتى.

بوۋاي بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرى كۆڭلىكىنى هۆل قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئەي مۇسۇلمان! بۇلار جاهىل، بىلمەيدۇ، دېمە! ئۇ ئەسكەرلىكتىن قايتقان، ئوقۇمۇشلۇق بىرى ئەمەسمىدى؟!

بىر زامانلاردا باش - ئايىغىغا كىيگۇدەك بىر نەرسە تاپالمايدىغان يالاڭباش، يالاڭئاياغ، بىر بۇردا نانغا زار نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىدى. ئوقۇدى، خىزمەتكە چىقتى، ئائىلىلىك بولدى. بۇگۇنگە كەلگەندە خۇشال - خۇرام ئۆتۈۋاتىدۇ، ئايەم كۈنلىرى قېيىنئانىسىنىڭ قولىغا سوۋغىلى كەلگەن ئايالىغا «دىققەت قىل، خوتۇن! مىكروبلىنىپ قالسەن ياكى قولۇڭغا پەلەي كىيىۋالساڭ ياخشى!» دەپ ئايالىنى ئۆز ئانىسىنىڭ قولىغا سوۋغىلى قويمايدىغان، ئاتا - ئانىسى بىلەن هەمداستىخان بولمايدىغان، خۇددى خىزمەتچىگە ئوخشاش ئۇلارغا ئايلىق توختىتىپ بېرىپ بالا باققىلى ۋە ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا سالىدىغان بولۇپ قالدى. هەممەيلەن شۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. جەمئىيىتىمىزدە

شۇنداق قىلىۋاتقانلار يوقمۇ؟ ئۇلار ئەجەبا پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپانلىرى ئاستىدا» دېگەن مۇبارەك نەسىھەتىنى ئۇنتۇدىمۇ؟ ئانىسىنى خۇشال قىلغان بالا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ، ئانىسىنى قاقشىتىپ، ئاسىي بولۇش دۇنيادىن ئىمانسىز كېتىپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. جانابىي ئاللاھ مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: (پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى يېنىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا: ‹ئوھۇي!› دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن، يۇمشاق سۆز قىلغىن).

ئىنسانلىقىڭنى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن بېزەنگەنلىكىڭنى ئاتا - ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش بىلەن ئىسپاتلىيالايسەن. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلماي، ئىتائىتىدىن باش تارتىپ، دەشنەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا «ئوھۇي!» دەپمۇ قاتتىق-راق تىنالمايسەن. ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قارشى چىقىپ، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئۇستۇڭدىكى ھەقلىرىگە رىئايە قىلماي، ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك قىلالمايسەن. يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ «بالام، جېنىم بالام!» دەپ ياش تۆكۈپ، پەرياد چەككەن ئاتا - ئاناڭنىڭ ئالدىدا ۋاپاسىزلارچە تۇزكورلۇق قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولماي تۇرالمايسەن. جانابىي ئاللاھنىڭ: (ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇرلاغا مەرھەمەت قىلغىن، دېگىن) دېگەن مۇقەددەس پەرمانىغا تەسلىم بولۇپ، بوي ئىگىشكە مەجبۇرسەن. چۈنكى، سەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاق يوللۇق ئۇممىتىسەن. ياخشىلىقتىن مەھرۇم، يۈزى قارا ئۇممەت بولالمايسەن. بۇلارنى ياخشى ئويلانغىن!

# پالەچ دادا ۋە ئوغۇل

بىر ئوغۇل دادىسىنى ئىتتىز - ئىرىقلارنى كۆرسەتكەچ ھاۋالاندۇرۇپ كېلىش باھانىسى بىلەن سىرتقا ئاچىقىدۇ. مەھەللىدىن ئۇزاقلىشىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئوغۇل توساتتىن توختاپ، دادىسىنى يەرگە قويۇپ، بىر نەرسە ئىزدىگەندەك ئۇ يەر - بۇ يەرگە قاراشقا باشلايدۇ. ئوغلىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دادا:

– بالام، يەر ئىزدەپ ئارتۇق ئاۋارە بولما. مەن دادامنى ئاۋۇ جىگدىنىڭ تۈۋىگە كۆمگەن ئىدىم، سەنمۇ مېنى چوڭ داداڭنىڭ يېنىغا كۆمگىن، – دەيدۇ.

دادىسىنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئوغۇل بوقۇلداپ يىغلاۋاتقان دادىسىدىن:

– دادا، سەنمۇ بوۋامنى تىرىك كۆمگەنمىدىڭ؟! – دەپ سورايدۇ.

– ھەئە بالام، داداممۇ مەندەك پالەچ بولۇپ قالغان ئىدى، بېقىپ بولالماي زېرىكىپ، ئاخىر ساڭا ئوخشاش ئېلىپ كېلىپ، مۇشۇ يەرگە كۆمۈۋەتكەن ئىدىم.

– دادا! ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم پەرزەنتلىرى تەرەپتىن جازاغا تارتىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟!

– شۇنداق، بالام! يەرگە نىمە تېرىساڭ، شۇنى ئورايسەن. ياۋايى ھايۋان بېقىپ چوڭ قىلساڭ، ئاقىۋەت مانا ھازىرقىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توشقان كەبى چارىسىز قالىسەن.

دادىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن ئوغۇل ئۆزىنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش بالىلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردۇ – دە، بۇ قىلمىشىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئەقلىنى تېپىپ: «دادا، مېنى كەچۈرگىن، مەنمۇ ئەۋلادلىرىم تەرىپىدىن كۆمۈلۈشنى خالىمايمەن» دەپ، دادىسىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۆيىگە قايتىدۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە دادىسىغا ياخشى قاراپ، دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان! ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش، ئۇلارنى قاقشىتىپ، ئازار بېرىش ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئاتا ـ ئانىنىڭ قىممىتىنى يېتىم ـ يېسىرلاردىن سورىغىن. دۇنياغا كېلىپ، بىر قېتىم بولسىمۇ «ئانا!» دېيەلمىگەن، ئانىلىق مېھرىگە قېنىپ، ئىسسىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتالمىغان نۇرغۇن بالىلار بار، ئۇلارنى ئويلىغىن ۋە:

«ئانا دېگەن باشنىڭ تاجى، ھەر دەردنىڭ ئىلاجى ئىكەن، ئوغۇل ھەرقانچە شاھ بولسىمۇ، بەربىر ئانىغا موھتاج ئىكەن» دەپ ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلگىن، ئۇلارنى سىلكىشلىمە، بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغىن. بولمىسا دۇنيادا خار، ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ، جەھەننەمدە ئىڭرايسەن.

ساڭا بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ يۇ، نېمە دەپ پۈتۈن ھاياتىنى سېنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئاتا ـ ئاناڭغا قەلبىڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرەلمەيسەن؟

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ئۆمۈر بويى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ خىزمىتىدە بولساڭمۇ، يەنە ئۇلارنىڭ بىر تامچە سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. «جېنىم بالام!» دەپ باغرىغا باسقان ئانىنىڭ، شەپقەتكە تولغان قەلبى بىلەن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان دادىنىڭ ئۆز ئەۋلادىدىن كۈتىدىغىنى نېمە؟ ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز، قۇرئانسىز، ئەخلاقسىز ئەۋلادنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇشمۇ؟ ياكى ئىسمى

- جىسمىغا لايىق ۋەتەن ئەۋلادى، كەم ئۇچرايدىغان ۋىجدان ئىگىسى، ھۆرلۈك ـ ئازادلىقنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، دىن ۋە قۇرئاننى، ۋەتەن ۋە مىللەتنى كۆيلەيدىغان، ئىسيانكارلىق ئورنىغا ئىتائەتمەنلىكنى، ۋەھشىيلىك ئورنىغا پەزىلەتنى، ھارام ئورنىغا ھالالنى، زۇلۇم ئورنىغا ئادالەتنى ياقىلايدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئوت يۈرەك يىگىت بولۇشمۇ؟

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ۋىجدانسىز ئەرلەردىن بولمىغىن، غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشىغىن، ئايالىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاتا ـ ئاناڭغا ئاسىيلىق قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بولغىن، ئۇلارغا سۆز قايتۇرۇپ، ھەققىنى دەپسەندە قىلمىغىن، دىققەت قىلغىن! بۇ ئەنە شۇنداق قانۇنىيەتتۇركى، سەنمۇ ھەرگىز ئۇنىڭ سىرتىدا قالمايسەن.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئادالەت

ئىنسانىيەت باغچىسىدا ھەممە ئادەم ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. ھەممىسى ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىشى كېرەك. بىر زالىمنىڭ ھەققى قانچىلىك بولسا، يېتىمنىڭ ھەققىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. «بۇنى بىزمۇ بىلىمىز» دېگۈچىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەرگىز ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، قەۋەت - قەۋەت ئەدلىيە بىنالىرى، دەرىجە - دەرىجە سوتچى خادىملار ۋە جىلد - جىلد قانۇن كىتابلىرى، ساقچىلار، تۈرمىلەر ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ياق، بۇلار ھەرگىز ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئادالەت دېگەن نېمە؟

ئادالەت ئەسلىدە ئىنساننىڭ تەبىئىي ھالدا ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ھەمدە ئىمانىنىڭ ساداسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەر ئىشتا ياراتقۇچىسى ئاللاھقا تەقۋادارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەن ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ خاراكتېرىدە تەبىئىي ئادالەت تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇنداق مىللەتتىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، ئادالەت ئورنىتىپ، خەلقنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان ھۆكۈمەت تۈزۈپ چىققان قانۇن - پىرىنسىپلار قارىماققا ئادالەتنى ياقىلىغاندەك قىلغانبىلەن، ئەمەلىيەتتە

ئۇلارنى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار ئادالەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، قانداقمۇ خەلقنىڭ ئادالەت تەشنالىقىنى قاندۇرالىسۇن؟! پۈتۈن جاھان ئەھلى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان قۇتۇلۇش چارىسى مانا بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ﴿**ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن وە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ**﴾[1].

ھەر جۈمە كۈنى خۇتبىدە ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئايەت كەرىمەنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولسامۇ، تەپەككۇر قىلىپ، مەنىسى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقمىغان ئىدىم. جەمئىيەتتە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر ۋەزىپىسى بار. بۇ ۋەزىپىنى جايىدا ئورۇنداش مەسئۇلىيەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغانلا بولساق، بۇنى تەسۋىرلەپ بولۇش ھەقىقەتەن تەس. ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداۋاتىمىزمۇ - يوق؟ بىز ئۇ بۈيۈك ھېساب - سوراق كۈنىدىن خاتىرجەممۇ؟

بىر پادىشاھ پەي كۆرپىدە ياتىدىكەن. بىر كۈنى چۆرىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تۆشەكنى يىغىشتۇرغىلى كىرىپ، كۆرپىنىڭ ناھايىتى يۇمشاقلىقى ۋە نەپىسلىكىگە پايلىماي، كۆڭلىدە: «ئاھ! مۇشۇ كۆرپىدە بىر قېتىم يېتىپ باققان بولسام، ئارمىنىم قالمايتتى» دەپ پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ياتاقنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ - دە، شېرىن خىياللار بىلەن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پادىشاھ كىرىپ قارىسا، ياتىقىدا چۆرىسى ياتقۇدەك. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن پادىشاھ دەرھال قامچىسىنى ئېلىپ، ئۇخلاۋاتقان چۆرىنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ. چۆرە بولسا ئۈستىگە يېغىۋاتقان قامچىغا پەرۋا قىلماي، خۇددى بىرى قىچىقلاۋاتقاندەك ھەربىر قامچا تەگسە، شۇنچە قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. چۆرىنىڭ بۇ

[1] نەھل سۈرىسى، 90 – ئايەت.



HAKSEVER

قىلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئى لەنىتى خاتۇن! مەن سېنى قامچىلاۋاتسام، يىغلاپ يالۋۇرماقتا يوق، كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟!

— سىلىنىڭ ھاللىرىنى ئويلاپ كۈلۈۋاتىمەن.

— ماڭا نېمە بوپتۇ؟

— ئى پادىشاھىم! مەن ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ كۆرپىدە ئون - ئون بەش مىنۇت ياتقان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇنىڭ جازاسىغا شۇنچىۋالا قامچا يېدىم. ئەمما، سىلى يىللاردىن بېرى مۇشۇ كۆرپىدە يېتىپ كېلىۋاتىلا. قىيامەت كۈنى سىلىنى جانابى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك قامچا يەر؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم - دە، سىلىنىڭ ھاللىرىغا ئېچىنىپ كۈلدۈم.

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سەن ئادەتتىكى بىر دەرۋازىۋەن بولساڭمۇ، يەنىلا بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالغان بولىسەن. كۆزۈڭنى ئاچ! كورلارنىڭ ئورنى جەننەت ئەمەس. مۇپتى ماقامىنىڭ، خاتىب مۇنبەرنىڭ، ئىمام مېھرابىنىڭ، يېزا باشلىقى يېزىنىڭ، ھاكىم ناھىيەنىڭ، ۋالىي ۋىلايەتنىڭ، ھەرقانداق مەنسەپ ۋە ماقام ئىگىسى ئۆز مەنسىپى ۋە ماقامىغا تۇشلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ھەرقانداق ئەمەل - مەنسەپدار ھەركىمگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئاددىيسى بىر ئاشخانىغا كىرسىڭىز، تۆرقىڭىز جايىدا بولمىسا، خوجايىن سىزگە ئانچە ئىلتىپات قىلىپ كەتمەيدۇ. ئالدىڭىزغا ئاران دېگەندە بىر پىيالە ئىلمان چاي كېلىشى مۇمكىن. بەزىدە تېخى ئۇمۇ يوق. ناۋادا ئارقىڭىزدىن تەقى - تۇرقى جايىدا، ئۈستىبېشىغا راۋۇرۇس كېيىنگەن بىرەرسى كىرىپ كەلسە، «كەسلە، كەسلە... قانداق تاماق بۇيرۇتىلا، ئىسسىق چاي ئىچسىلە» دەپ چاينىمۇ قېنىق دەملەپ، ئېلىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ بەرگەن پۇلنى سىزمۇ بېرىسىز. قىياپەتكە ۋە مەنسەپكە قاراپ قىلىنغان بۇ مۇئامىلە قانداق مۇئامىلە؟ ئاشپەز ئۇستاملار بۇنى ئۆزىگە

ئىلىنۋالمىغاي! مەن پەقەت سىزنى مىسال قىلىش ئارقىلىق تەڭسىزلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقتا تولغان جەمئىيىتىمىزنى قامچىلىماقچى.

مەلۇم بىر ئىدارىدە مائاشقا ئىشلەيدىغان بىر كادىر كۆنلەردىن بىرىدە دوستلىرىنىڭ بىرىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب خەت يازماقچى بولۇپ، ئىدارىنىڭ ئىش قەغىزى ۋە قەلىمى بىلەن جاۋاب خەت يېزىشقا باشلايدۇ. تىك، تىك، تىك... قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى ئۇنى پوچتىغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن ماڭىدۇ. خۇددى ئۇنىڭ مائاشىنى ئۆز يانچۇقىدىن بېرىدىغاندەك...

ئى مۇسۇلمان! ئاشۇ لېپاپتا، قەغەز ۋە قەلەمدە 30 مىليون خەلقنىڭ ھەققى يوقمۇ؟ بۇ سوئالنى سورىغاندا، «بۇنچىۋالا ئىنچىكىلەپ كەتمە، مەن مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەيمەن، بىر ۋاراق قەغەز ئىشلەتكەنگە نېمە بولىدۇ؟» دەيدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن.

شۇنداق، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! پۈتۈن خىزمەتچى - خادىملار ساڭا ئوخشاش دەيدىغان بولسا، ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ بۇ خۇددى بىر چاشقاننىڭ بىر بۇغداي ئامبىرىغا دەسلەپتە قورسىقى ئېچىپ كىرگىنىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىغانلىقتىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئامباردا بۇغداي ئەمەس چاشقان مايافلىرى قالىدۇ. ئامبارغا كىرگەن چاشقان كىچىك، خۇددى بىر تال لېپاپقا ئوخشاش ئاددىي ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئامبارلىرىمىزدىكى مىللىي ۋە دىنىي مۇقەددەساتلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ تۈگىتىۋاتقان ئىنسان سۈرەتلىك چاشقانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق پالاكەتلەرنى كەلتۈرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىر پارچە قەغەز ئۇنىڭ دوستىغا جاۋاب خەت يېزىش ئۈچۈن ئېلىنغان قەغەز ئەمەس، دوزاختىن بىر كىشىلىك يەر ئېلىش ئۈچۈن ئېلىنغان زاكاس قەغىزىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ

بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئېلىۋالسا، ئۇنداق كىشىگە جانابى ئاللاھ دوزاخنى ۋاجىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئازغىنا نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا جاۋابەن: «بىر مىسۋاكقا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ...» دېگەن.

بۇ ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىنغان بولسا، بەلكىم بۇ مىللەتنىڭ ھالى بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنگە قالمىغان بولار ئىدى. كونا زامانلاردا قاراقچى ۋە بۇلاڭچىلار تاغ ۋە چۆللەردە ياشىغان بولسا، ھازىر كاستۇم كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، خەلقنىڭ قېنىنى ئىچىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى قەلبلەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغۇچە زۇلۇم - ستەملەر بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ. شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، تاغ چوققىسىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان قورام تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «قورقماڭلار، مەن ئۇنى توسۇپ قالالايمەن» دەپ داۋراڭ سالغان بىر ئادەمنىڭ ئۇ تاشنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقى ۋە «ئۇنى توسۇپ قالالايدىغۇ» دەپ قاراپ تۇرۇش قانچىلىك خەتەرلىك بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن قېچىپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چولتا ئەقلى ۋە كالتە پەمى بىلەن تۈزۈپ چىققان قانۇن ۋە پىرىنسىپلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان خەلقنى ئىسلاھ قىلىمەن دېيىشمۇ شۇنچىلىك خەتەرلىكتۇر. يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە چىقىرىلغان چوڭ - كىچىك قانۇنلار ئۇلارنى قورقۇتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۈيغۇدىن مەھرۇم ئىنسانلاردۇر.

كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك چاغدا بېلىقلار شۇنچىۋالا راھەت، ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئەمما، كۆلدىكى بېلىقلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى قاچان بۇزۇلىدۇ؟ مەسىلەن، توساتتىن قارا بوران چىقىپ، ئارقىدىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ھەر تەرەپتىن لاي - لاتقىلار ئېقىپ كېلىپ، كۆلنىڭ سۈيىنى دوغاپتەك قىلىپ قويىدۇ - دە، بېلىقلارنىڭ كۆزلىرى ھەتتا ئاشقازانلىرى لايغا تولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىق ئەلەم ئىچىدە تىپىرلاپ، ئاخىرىدا

ئۆلـﯩـدۇ. ئەيـىب كىـمدە؟ بىلـىقنىـڭ كۆزى ۋە ئاشـقازىنى لاي بىلـەن تولغاندىــن كېيىــن، «ئـى بېلىــق، ئارقاڭـغـا يانغىـن، ئۆلـۈم بار!» دېيىلـسـە، بىلـىـق ئارقىسـىـغا يانامـدۇ؟ يانغاندىمـۇ ئەھمىيىتـى بارمـۇ؟ خـۇددى شـۇنىڭغا ئوخشـاش، ئاللاھنىـڭ قانۇنىغـا بويسـۇنمىغان، ئادالـەتـكـە سـىغـىنمىغان، ئـۆز ۋاقـتـىـدا زەھـەر يۇتـۇۋالغـان بۇ خەلـق سـىقىلغان روھىنى زەھەردىن تازىلاشـنىـڭ چارىسـىنى قىمـار سـورۇنلىرىدىن، ھاراق بەزمىلىرىدىن، پاھىشـە يوللىرىدىـن ئىزدىسـە، بـۇ چارىلـەر بىلـەن ئـۇلار قايغۇلـۇق ئەلەملىرىدىن قۇتۇلالارمۇ؟ بۇنداق ناشـايان يوللاردىن ياخشـىلىق كۈتكىلـى بولارمۇ؟ ئۇنداق بولۇشـى ئېھتىمالدىـن تولىمۇ يىراق. ﴿**ئەگەر ئاللاھ كىشـىلـەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشـقا ئاشۇرۇشـقا ئـۇلار تەلـەپ قىلغـان ياخشـىلىقنى ئىشـقا ئاشۇرۇشـقا ئالدىرىغانـدەك ئالدىرىسـا ئـىدى، ئۇلارنىـڭ ئەجىلـى چوقۇم يەتكـەن بولاتتـى (يەنى ھـالاك بولاتتى). بىـز بىلــەن مۇلاقــات بولۇشــنى ئۈمىـد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتـا تېڭىـرقاپ يۈرۈشـكە قويـۇپ بېرىمىز**﴾[1].

مىللىتىمىزنىـڭ بۈگۈنكـى ھالىنـى كـۆرۈپ يىغلىمـاي تۇرالايمىزمـۇ؟ بۇنىڭـدەك ئېغىـر تىراگېدىيـە ۋە زۇلـۇم - سـىتەملەرنىڭ چېكى يوقمـۇ؟ يىگىرمـە - ئوتتـۇز كويغـا بىلەت ئېلىـپ، تانسىخانىلارغا كىرىـپ، نامەھرەملـەر بىلەن ئۇسسـۇل - تانسـا ئوينايدىغـان ئەخلاقسىزلار تەۋبە قىلىـپ، گۇناھلىـرى ئۆچـۈن ئاللاھنىـڭ ھۇزۇرىدا يـاش تۆكـۈپ، سـائادەت باغچىسـىغا كىرمەسمۇ؟ خۇددى پىلە قۇرتى غوزا ئىچىدە بىلمەيلا ئۆزىنى ئۆزى تورلاپ ھالاك قىلغىنىدەك، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى گۇنا - مەسىيەت تورىغـا سـولاپ قىممەتلىك ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتەرمۇ؟... ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى يەپ تۇرۇپ شـەيتاننىڭ ئىشـكلىرى ئالدىـدا تەلمـۈرۈش، ئـۆز- ئۆزىنـى زەھەرلەش ۋە ئاللاھ دېمەسلىك ئادالەتمۇ؟

ئـەي مۇسـۇلمان قېرىنداشـىم! بـۇ يولدىكـى تېجىمـەل، ناكەسلەر سېنى ئالدىمىسـۇن، ساڭا جان تومۇرۇڭدىنمۇ يېقىن

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 11 – ئايەت.

بولغان جانابى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىن، ھاياتىڭنى ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانى بويىچە ياشاپ، ھاياتىڭنىڭ لەززىتىنى ئالغىن! بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى نېمە، بىلەمسەن؟ ئىلىم، ئىلىم، يەنە ئىلىم!...

ئىنسانلار ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ، كومپاسىنى يوقىتىپ، لايدىن ياسالغان بۇتلار ئالدىدا تەلمۈرۈپ يىلىنىشقا، ئۆز قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈشكە باشلىغان ئىدى. زىنا ئادەتكە ئايلىنىپ، ھاراق سۇ ئورنىدا ئىچىلەتتى، كەبە ئالدىدىن تۇغما ھالدا تاۋاپ قىلىناتتى. بۇنداق ناچار ئىجتىمائىي ھاياتنى شەكىللەندۈرگەنلەر دەل ئەرەبلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھاياتى «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ تارىخ بېتىگە پۈتۈلدى. ئۇلارنىڭ ئۈپۈقىنى جاھالەت تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بۇ تۇماننى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈپۈقىنى يورۇتىدىغان بىر تولۇن ئاي تۇغاتتى، ئەمەلىيەتتە تۇغدى. 571 - يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى. ئۇ زات 40 ياشقا كىرىپ، جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە مۇشەررەپ بولغاندا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى «ھىرا» غارىدا، تۇنجى بولۇپ «ئوقۇ!» دېگەن ئىلاھىي پەرمان بىلەن باشلىنىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە ئىدى؟ بۇنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى نادانلىق، دوستى ئىلىم - مەرىپەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولغاننى ئوقۇغىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىلىم، ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن ساھابىلىرىنى تەربىيەلەپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە زۇلمەت ئورنىغا ئادالەتنى، ۋەھشىيلىك ئورنىغا مەدەنىيەتنى، جاھىلىيەت ئورنىغا ئىلىم - مەرىپەتنى، ھاياسىزلىق ئورنىغا ئەخلاق - پەزىلەتنى تىكلىدى. بۈگۈنكى ياۋروپا سۈت ئۈيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندا، ئىسلام دۇنياسى ئىلىم ساھەسىدە يۈكسەك پەللىگە ئۆرلىگەن ئىدى. كۈنىمىزدە شۇ

زامانىنىڭ ئالىم ۋە پەيلاسوپلىرى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرگە ئوخشاش بىرەر ئەسەر يېزىش ئەمەس، شۇلار يېزىپ قالدۇرغاننى ئوقۇپ، تېگىگە يېتەلمەيدىغان دەۋرىمىزنىڭ قىسمەن نادان، ئەخمەقلىرى «كونا كىتابلار بىزنى مۇشۇ ھالغا قويدى» دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن نومۇس قىلمامدۇ؟

قۇياش بولمىسا دۇنيانىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ناۋادا قۇياش بولمىسا ئىدى، دۇنيا زۇلمەتتە، ۋەھىمە ئىچىدە قالماسمىدى؟ ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بولمىسا ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتى زۇلمەتتە قالماسمىدى؟ جانابى ئاللاھ ئىلىم ھەققىدە: ﴿**ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟**﴾[1] دەيدۇ. ئىسلامدىن باشقا مۇشۇنچىۋالا ئېنىق ۋە كەسكىن رەۋىشتە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە تەشۋىق قىلىدىغان يەنە بىر دىن بارمۇ؟ «بۆشۈكتىن قەبرىگە قەدەر ئىلىم ئىزلەڭلار» دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن جاۋاھىراتلارنى ئېسىۋالايلى! جانابى ئاللاھ: ﴿**سەن ھەرگىز جاھىللاردىن (يەنى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدىغان نادانلاردىن) بولمىغىن**﴾[2] دېگەن. چۈنكى، جاھىللىق تىرىك ئادەملەر ئۈچۈن پىچىلغان كېپەنلىكنىڭ ئۆزىدۇر. تىرىك تۇرۇپ كېپەنلىك كىيىشنىڭ ئىسلامىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق.

كۈنىمىزدە يازغۇچى ۋە ئالىملارنىڭ نىسبىتى كۈنسايىن ئاشماقتا. ئەمما، ئۇلاردىن بىر قىسمى بىرنەچچە يىل ئوقۇپ، ھەر خىل ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن كىشىلەر بولسىمۇ، يەنىلا ساپاسى تۆۋەن، خۇددى ئېشەك ئۈستىگە ساندۇقلاپ كىتابلارنى يۈكلەپ قويسىمۇ ئۇنىڭدىن قىلچە پايدىلىنالمىغىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنالمايدۇ. بۇرۇنقى زاماندا بىر سەھرادا مالىيە خىزمىتى ئۆتەۋاتقان بىرەيلەنگە مالىيە مىنىستىرلىقىدىن شۇ رايوندىكى پۈتۈن «مەۋاشىي» (چارپايلار) نىڭ ھېسابىنى ئېلىپ دەرھال يۇقىرىغا يوللاپ بېرىش

[1] زۇمەر سۈرىسى، 9 – ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى، 36 – ئايەت.

ئۇقتۇرۇشى كەلگەن ئىكەن، ھالبۇكى بۇ خىزمەتنى ئۆتەۋاتقان كىشى جاھىل بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئۇقتۇرۇشنى قولىغا ئېلىپ «مەۋاش، مەۋاش...»، ھەئە، ئەمدى چۈشەندىم، «مائاش»، «رايون بويىچە مائاشىنى ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئىستاتىستىكىسىنى يوللاپ بېرىڭ» دېگەن ئۇقتۇرۇش ئىكەن، ئەمدى يۇرتنىڭ قازىسى بىلەن مۇپتىسىدىن ئۆچ ئالىدىغان ۋاقتىم كەپتۇ...» دەپ ئويلاپ، دەرھال قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ، يۇقىرىغا مۇنداق مەلۇمات يوللاپتۇ: «ھۆرمەتلىك مالىيە مىنىستىرىمىز! بىزنىڭ بۇ رايوندا قازى بىلەن مۇپتىدىن باشقا ھەممە ئىشچى - خىزمەتچى يولداشلار مەۋاشىيدۇر».

قەدىرلىك كىتابخان! ئەسلىدە «مەۋاشىي» دېگەن «چارپايلار» دېگەنلىك بولاتتى. مەزكۇر جاھىلنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتىغا قاراڭلار. ئۇ جاھىللىقىدىن مەزكۇر مەلۇماتتا «بىزنىڭ بۇ رايوندا قازى بىلەن مۇپتىدىن باشقا ھەممىمىز چارپايلارمىز» دەپ يازغان. جاھىللىقنىڭ قۇربانى بولغان بۇ خىزمەتچى ئۆزىچە «مەن ياخشى قىلدىم» دەپ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، كۈنىمىزدىكى جاھىللارمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، جانابى ئاللاھ: ﴿**جاھىللاردىن يۈز ئۆرۈگىن**﴾[1] دەيدۇ. جاھىللاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى يۈزىنى قاياققا ئۆرۈيدۇ؟ ئەلۋەتتە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان پايدىلىق ئىلىم - مەرىپەتكە. مۇنداق بىر ھەدىس بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بەدەن ئىلمى؛ يەنە بىرى، دىن ئىلمى».

مۇسۇلمان دېگەن دىنىي ئىلىملەرنى ئوڭ قانات، پەننىي بىلىملەرنى سول قانات قىلىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ھەرقانداق دۈشمەنگە ئاسانلىقچە يېڭىلمەيسەن. بىر قانات بىلەنلا

[1] ئەئراف سۈرىسى، 199 – ئايەت.

ئۇچىمەن دېيىش قانچىلىك ئىمكانسىز ۋە مەنتىقىسىز بولسا، دىنىي ئىلىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، پەننىي بىلىملەرگە سەل قاراش ياكى پەننىي بىلىملەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دىنىي ئىلىملەرگە سەل قاراش تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان مەنتىقىسىزلىكتۇر.

ئەي قېرىندىشىم! ئىلىم بىر نۇردۇر، يول كۆرسىتىدۇ. قېنى كەل! بىرلىكتە «بىر مۇسۇلمان ئادەم نېمىلەرنى بىلىشى ۋە قايسى ئىشلارنى قىلىشى لازىم؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقايلى:

باشتا سېنى، مېنى ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتقان زات ئاللاھنى بىلەيلى؛ ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان ھەدىس شەرىپلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى.

قەدىرلىك قېرىندىشىم! بىز مەسچىتتىكى جامائەتتىن نامازنىڭ پەرزى قانچە؟ «فىل سۈرىسى»نىڭ ئاستىدىكى سۈرىلەرنى كىم توغرا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ ياكى بۇ سۈرىلەر ئىچىدىن بىرەر سۈرىنىڭ مەنىسىنى كىم يېشىپ بېرەلەيدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورايدىغان بولساق، سېنىڭچە قانچە كىشى توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ نۇرغۇن ئادەملەر دائىم «ئىننا ئەئتەينا» ۋە «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» بىلەنلا ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلاردا بىرەر ۋاقىت نامازنى ئەدەپ - ئەركانلىرى بىلەن كامىل ئادا قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە خىيال يوق. «ئۆگىنىڭ» دېسە، «بىز ساۋاتسىز، بالام، دۇنياغا مۇشۇنداق كەلدۇق، مۇشۇنداق كەتكىنىمىز ياخشى» دەپ قويىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر جاھىللىق ۋە نادانلىق بارمۇ جاھاندا؟!

جۈمە كۈنلىرى ئۆي سۈپۈرسە بولمايدۇ، شەنبە ۋە سەيشەنبە كۈنلىرى سەپەرگە چىقسا بولمايدۇ، زاۋالدىن كېيىن تىرناق ئالسا بولمايدۇ... بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن «بولمايدۇ»لار بار.

ئۇلار بۇ ئاساسسىز «بولمايدۇ»لارنى نەدىن ئۆگەندى، ئەجەبا؟! دىندا بولمىغان بۇ خۇراپىي قىلمىشلارنى دىنغا يۈكلەپ قويۇپ، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تۇزىقىغا چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئۆگەنمىگەن ۋە ئۆگىنىشنىمۇ خالىمىغان نادان، جاھىللاردۇر.

مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مېلىڭنى بازارغا سېلىپ، ئۇن پىرسەنت پايدا چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتسە، ئۇن بارمىقىڭ بىلەن ھېسابلاپ تۇرۇپ ئېلىپ ساتىسەن يۇ، دىنىي مەسىلىلەرگە كەلگەندە، نادان بولۇۋالىسەن؛ مەيخانىلاردا قارتا ـ دامىكا ئوينىغان چاغلىرىڭدا، مەيدەڭگە ئۇرۇپ نوچىلىق قىلىسەن؛ ئىبادەت ئىشلىرىغا كەلگەندە، بىلمەسكە سالىسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ياشتا چوڭلار (ئىلىم ئۆگىنىشتە، ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن) ياشلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگىنىشتىن خىجىل بولمىسۇن»؛ «ياشنىپ قالغانلار نان يېيىشتىن خىجىل بولمىغىنىدەك ئىلىم ئۆگىنىشتىنمۇ خىجىل بولمىسۇن» دېگەن مۇبارەك سۆزلىرىنى بىلمەمسەن؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك سۆزلىرىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ياشتا چوڭلۇق ئۆگەنمەسلىككە سەۋەب بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر». بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىنسان ياشاش ۋە ماددىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىم. ھەرقانداق مىللەتنىڭ چوقۇم دوختۇرغا، ئىنژېنېرغا، مىللىي ئارمىيەگە، قورال ـ ياراغ ۋە ئاتوم بومبىلىرىغا ئېھتىياجى بار.

ئەزىز قېرىندىشىم! زۇلمەتلىك كېچە بىلەن نۇرلۇق كۈندۈز، ئۆلۈك بىلەن تىرىك، بارلىق بىلەن يوقلۇق ئارىسىدا قانچە چوڭ پەرق بولسا، ئالىم بىلەن جاھىل ئارىسىدىمۇ شۇنچە چوڭ پەرق بار. يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا «ئىلىم

ئۆگىنىمەن دەپ ساقال سۆرەپ بولغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان نادانلىق باياۋانىدا ئۆزىمىزنى قىينىمايلى. «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى ئالەمنىڭ ئۆلۈمىگە تەڭ»، بۇنى ئۇنتۇمايلى...

ئەجەب ئىش، ھازىر كىشىلەر «پالانى يەرنىڭ ئارتىسلىرى بۇگۈن پوكۈنى تىياتىرخانىدا ئويۇن قويىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، «ئالدى رەتنىڭ بېلىتى قالمايدۇ» دەپ ئەتىگەن بېرىپ، قار - يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي، سائەتلەرچە نۆۋەت ساقلايدۇ. ئەمما، مەسچىتكە بېرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن قاچىدۇ. ئەجەبا، بۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىجتىمائىي پىرىنسىپ ۋە دىنىي چۈشەنچە دەيدىغان نەرسە يوقمىدۇ؟

# نادان زىيالىي

ھەممىگە مەلۇم، بەزى ئادەملەر كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدۇ. بۇلارنى «كۆزى ئوچۇق قارىغۇ» دەيمىز. سالپاڭ قۇلاقلىرى بار، ئەمما ئىشىتمەيدۇ. سەزگۈر ئەزالىرىنىڭ كۈچىنى خورىتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، پەقەت دىپلوم ئۈچۈنلا ئوقۇپ، «نادان زىيالىي» بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىلمىغان زىيالىيلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. يۇنان پەيلاسوپى دىيوجەن بىر كۈنى قولچىراغنى تۇتۇپ ئەتراپنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— قولچىراغنى كۆتۈرۈۋېلىپ نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — دەپ سورىسا:

— ئادەم ئىزدەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

شۇنداق، ئەي مۇسۇلمان! بىزمۇ ھەقىقىي ئالىم ئىزدەۋاتىمىز. بەك ئارقىدا قالدۇق. جەمئىيىتىمىزدە «ئىسلامىيەت ئارقىدا قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ» دەيدىغان سەپسەتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يولىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالغان نۇرغۇن ياش زىيالىيلارمۇ يوق ئەمەس. ئەسلىدە بۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر تامامەن ماركسىزم ئىدىيەسى بويىچە ئوقۇيدۇ، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆگەنمەيدۇ ھەتتا ماركسنىڭ: «دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن» دېگەن ئاتالمىش سۆزى ئۇلارنىڭ زېھنىدە خالاپ ـ خالىماي ئورناپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇيىقەست ۋە غەرەزلىك پىلان.

ئى قېرىنداشلار، ئەمدى ئويغىنايلى! جەمئىيىتىمىزدە ئوقۇش پۈرسىتىگە ئىگە بولالمىغان نۇرغۇن ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز بار. ئۇلار بارغانسېرى روھسىزلىنىپ ئۆچمەكتە. بىز مىللەتكە نېمە بولۇپ كەتتى؟ بىلىپ تۇرۇپ زەھەرنى يۇتۇۋاتىمىزغۇ؟! كەلكۈندە بوغۇلۇپ، داد ـ پەرياد چېكىۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ دەردىگە دەرمان بولماسلىق نېمىدېگەن شەپقەتسىزلىك؟!

قېرىندىشىم! بۇ مىللەت سېنىڭ ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن ئۆتكۈر پىكىرلىك ئادەم، ئىمانى مۇستەھكەم قەھرىمان ئىزدەيدۇ؛ قۇرئان ئۈچۈن كۆكرەك كېرەلەيدىغان، نادانلارنىڭ زەھەر يۇتۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان، گۇناھ دېڭىزىغا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالالايدىغان ئۇستا كاپىتان ئىزدەيدۇ؛ «مەدەنىيەت، مەدەنىيەت» دەپ كۇپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى كۇپۇرلۇق دەپ بىلگەن قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان دوختۇر ئىزدەيدۇ؛ ئىنسانىيەت تارىخىنى، ئىسلامىيەت تارىخىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىدىغان، ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك، ئالقىشقا سازاۋەر ئالىم ئىزدەيدۇ. ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! دىنىي ئادەم بولۇشتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى بولۇشتىن قورقمىغىن، ئەكسىچە بۇنىڭدىن پەخىرلەنگىن! مۇشەققەت چەكسەڭ، ھالاۋەت كۆرىسەن؛ جاپا تارتساڭ، ئەجرىگە ئېرىشىسەن؛ نەسىھىتىڭنى ئاڭلاپ، يولغا كىرگەنلەرنىڭ ئالغان ساۋابىنى سەنمۇ ئالىسەن. جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىقتۇر. جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم**﴾[1] دېگەن پەرمانىنى ئۇنتۇمىغىن. مەسچىتلىرىمىزدىكى ئەزىز جامائەتكە «ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىدا ماڭايلى» دېيىشتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك خىزمەت بارمۇ؟

ئىنساننى ماددىي كىردىن پاكلايدىغان نەرسە سۇ بولسا، مەنىۋى كىردىن پاكلايدىغىنى ئۆزۈڭ، بۇنى بىلگىن، ۋەزىپەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەن ۋە يولۇڭنى داۋاملاشتۇر!

[1] زارىيات سۈرىسى، 55–56 – ئايەت.

ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ نامىڭنى پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلىش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقۇزۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىز گۇناھكار قۇللىرىڭغا ياردەم قىلغىن! شەيتان ۋە شەيتان تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئازغۇنلۇقىدىن ساقلاپ، قولى كىر، يۈزى قارا كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىدىغانلاردىن قىلغىن، ئامىن!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# بەشىنچى باب

ئابدۇرېشىد قارىھاجىم سابىت

## ئائىلە تەربىيەسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تاھىرجان ئابباس

2001 - يىل، نويابىر

قاھىرە

# تەقدىم

يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە يىراق شەرق ئەللىرى يولغا قويغان «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» دېگەندەك ئاتالمىش سىياسەتلەر تېخى بىرەر بولمىسىمۇ، بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئاشۇ سىياسەتنىڭ ئۆششۈك شاماللىرى جەمئىيىتىمىزگە قىيا ئېچىۋەتكەن ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۇچۇرۇپ كىرگەن يات مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى مەنسىتمەيدىغانلار، مۇقەددەس ئەقىدىسىگە تىل ئۇزىتىدىغان ئىدېئولوگىيەلىك ناچار پىكىرلەرنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا قېلىشقا باشلىدى. ئەينى زاماندا (1789 – 1792 - يىللىرى ) غەرب ئەللىرى كۆتۈرۈپ چىققان ئاتالمىش ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئەركىنلىكى دېگەندەك جىنسىي ئەركىنلىك ئىدىيەلىرى بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ئەمدى بىخ ئۇرۇپ چىقىپ، ئەركىن بىرگە بولۇش، يالغۇز ياشاش، ھەمجىنسلار مۇھەببىتى دېگەندەك ھاياسىزلىقلار مەيدانغا كېلىپ، قىسمەن قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئائىلە مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئانىلىق قىممەت - قارىشى ۋە تەربىيەۋى بۇرچ تۇيغۇسى ئاجىزلىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا ياندىشىپ مائارىپنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى تۇغما ئىدىيەسىگە تامامەن زىت بولغان ئاتېئىزمدىن ئىبارەت خۇداسىزلىق ئىدىيەسىنى ئۇلارغا زورلاپ تاڭدى. بۇ ئىدىيەنىڭ مەزمۇنىنى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ماركسىزم ئىدىيەسىنىڭ پېشۋاسى ئىرانلىق «مەزدەك» ئوتتۇرىغا قويغان، بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنى

تەبقىلەرگە بۆلۈپ سىنىپ پەيدا قىلىدىغان، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىغا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى تىكلەش (يەنى مال - مۈلۈك ۋە ئاياللارنى خۇددى ھاۋا ۋە سۇغا ئوخشاش ھەممەيلەن ئورتاق پايدىلىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش) كە تەشۋىق قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئائىلىلىك بولۇپ، ئاياللارنى بىر ئەرگىلا باغلاپ قويۇش جەمئىيەتتە ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتكە ئوخشاش بۆزغۇنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى تامامەن يوقىتىپ، ئاياللاردىن خۇددى سۇ، ھاۋا ۋە ئوتقا ئوخشاش ھەممەيلەن ئورتاق پايدىلىنالايدىغان سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى تىكلەش كېرەك دەيدىغان سەپسەتىگە ئاساسلىنىدۇ. بۇ ئىدىيە غەرەزلىك ھالدا جەمئىيەتنىڭ كونكرېت، ئەمەلىي تەلەپ - ئېھتىياجلىرىغا ماسلىشىشنى، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشنى ئاساس قىلىشنىڭ ئورنىغا، تېپىك يىراق شەرقچە قىزىل مەدەنىيەت تېپى سىڭدۈرۈلگەن، تەتۈر تەربىيە ئېقىمى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، ھېچكىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلمەيدۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ يەتكەن ئالىي ھىممەتلىك ئۇستاز، خەلقنىڭ غەمگۇزارى، بۈيۈك دىنىي ئالىم ئابدۇرېشىد قارىھاجىم سابىت خەلقىمىزنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالىغا ئۆز قەلىمى ئارقىلىق ئەمەلىي ھېسداشلىق قىلىپ، 1987 - يىلى مەككە مۇكەررەمەدە قولىغىزلاردىكى بۇ «ئائىلە تەربىيەسى» ناملىق رىسالىسىنى يېزىپ تاماملىغان ئىدى.

ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ قىسقا رىسالىسىدە ئائىلە تەربىيەسى ھەققىدىلا توختالغان بولۇپ، ھەربىر مەسىلىنى مۇمكىنقەدەر قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ روھى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ساھابە كىرام ۋە مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن دەلىللەشكە زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئەپسۇسكى، ئالىم بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنى يېزىپ تاماملاپ، نەشرگە بېرىش ئالدىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ قالغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدە خەتىپلىك ۋەزىپىسى

ئۆتىگەن. بۇ مەزگىلدە مەلۇم كونكرېت سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەزكۇر ئەسەرنى نەشر قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، 1999 - يىلى بۇ پانىي ئالەم بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان.

لېكىن، ئابدۇرېشىد قارىھاجىم ۋاپات بولۇپ ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەككە مۇكەررەمەدە ئولتۇرۇشلۇق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ۋە ئۇلارنى دەۋرىمىز كىشىلىرىگە تەقدىم قىلىشتا خاسىيەتلىك داستىخىنىنى كەڭرى ئېچىۋەتكەن، خەير - ساخاۋەتچى، مەرىپەتپەرۋەر، ئەلسۆيەر زات قۇربان ئابدۇللاھ ھاجىم ئابدۇرېشىد قارىھاجىمنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىپ، بۇ ئەمگەكنىڭ مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ مېھنەت باغچىسىدا پەرۋىش قىلىپ، چاڭقاپ كەتكەن خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قىسمەن بولسىمۇ قاندۇرۇش ئارقىلىق ئالىمنىڭ روھىنى شاد قىلىشقا بەل باغلىغان.

شۇ سەۋەبلىك مەنكى، پېقىر تاھىرجان ئابباس بۇ «ئائىلە تەربىيەسى» ناملىق رىسالىنى نەشرگە تەييارلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

تۆۋەندە سىلەرگە «ئائىلە تەربىيەسى» ناملىق بۇ كىتابچىنى تەقدىم قىلىشتىن بۇرۇن، مەرھۇم ئۇستازىمىزغا بۇ ئەسىرى ئۈچۈن چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ روھىغا دۇئا قىلىشىمىزنى ۋە جانابى ئاللاھتىن ئۇستازىمىزنىڭ بۇ ئەمگىكى بەدىلىگە ياتقان يېرىنى جەننەت قىلىپ بېرىشىنى تىلىشىمىزنى ھەمدە بۇ كىتابچىنىڭ نەشر قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ قولىغا ئۇلاشقانغا قەدەر ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ چىقارغان ھەممەيلەنگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىشىمىزنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

2001 - يىل، نويابىر - قاھىرە

# كىرىش سۆز

ھەقىقىي مەبۇد، يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. كائىناتنىڭ ئېپتىخارى، ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ۋە ئۇلۇغى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمەن. بۇ زاتنىڭ پاك ئەھلى ـ ئەۋلادىغا، ئىككى جاھاننىڭ سائادەت ۋە نىجاتلىقىغا مۇيەسسەر بولغان ساھابە كىراملىرىغا ۋە بۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىن ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا سالام ۋە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندە سۆزۈمنى ئىمانى ساپ، ۋىجدانى پاك، ھىممىتى ئالىي، غۇرۇرلۇق، پىترىتى بۇزۇلمىغان، كۈنلەمچىلىك ئېڭى ئۆلمىگەن، قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلارغا سۇنىمەن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز، مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

ھازىرقى ھالىتىمىزگە نەزەر سېلىپ، ئەتراپىمىزغا قارايدىغانلا بولساق، جاھالەت ۋە دىيانەتسىزلىك نەتىجىسىدە جەمئىيىتىمىزدىكى قىسمەن ياشلار ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلامغا يات، ناچار رەسمىيەتلەر ۋە بولمىغۇر كەيپىياتلارنى يۇقتۇرۇۋالماقتا ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، شۇلارنى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە. جەمئىيىتىمىزدىكى ئوغۇل ـ قىز ياشلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە ھايات پائالىيىتىگە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ناچار، ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ

ئادىتىگىمۇ يات، چاكىنا، بىمەنە قىلمىش ۋە ئادەتلەر سىڭىپ كىرمەكتە:

1) ھەممە ئورۇنلاردا دېگۈدەك يالاڭباشتاق ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرىنىڭ بەزىسى ئوچۇق ياكى ئەرەنچە كىيىنىۋالغان يېرىم يالىڭاچ قىز ـ چوكان ھەمشىرىلىرىمىزنى كۆرۈۋاتىمىز.

2) بۇ ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ كىنو ـ تىياتىر، باغچە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىدا قىز ـ ئوغۇل ئارىلىشىپ، ئۇيالماستىن سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىۋاتىمىز.

3) قىسمەن بەڭباش ياشلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا قىز ـ ئوغۇل ئارىلىشىپ يۈرۈپ ھەتتا جامائەت سورۇنلىرىدا ئىچىپ ـ چېكىپ، كەيپى ـ ساپاغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

4) بۇندىن باشقا يەنە بىرقانچىلىغان ئېچىنارلىق ئەھۋاللار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقلىرىمىزغا يېتىپ تۇرۇپتۇ، بەلكى كۆزىمىزگە چېلىقىپمۇ قېلىۋاتىدۇ.

خاراكتېرى بۇزۇلمىغان، نىيىتى خالىس، ۋىجدانى ساپ مۇئمىن كىشىلەر غەرب ئەللىرىدىن ۋە يىراق شەرقلىقلەردىن ئېقىپ كىرگەن، رەڭدار، ئەجنەبىي مەدەنىيەت ۋە دىيانەتسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ۋىجدانى ئازابلانماي قالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، باشلانغۇچ مەلۇمات سۈپىتىدە يېڭى ئەۋلادلىرىمىزغا ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە قوللانمىسى بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنى تۈتقا قىلىپ، ساھابە كىراملار، مۇھەددىسلەر، مۇجتەھىدلەر ۋە مۇپەسسىر ئۆلىمالارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسلىنىپ بۇ كىتابچىنى يېزىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا تەقدىم قىلالىغىنىم ئۈچۈن ئالللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىمەن.

ھەممىمىز بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ

دۇئاسىغا جور بولايلى: «ئى ئاللاھ! ئۆتۈپ كەتكەن پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قالغان ئۆمرۈمدە مېنى گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىغىن ۋە سەن مەندىن رازى بولىدىغان پاك (ۋە ئۇلۇغۋار) ئىشلارنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن»، ئامىن!...

ئابدۇرېشىد قارىھاجىم

# مېنىڭ خىتاب ئوبيېكتلىرىم

قەدىرلىك، مۇئمىن قېرىنداشلىرىم! مەن بۇ ۋەز - نەسىھەتلىرىمنى مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ شان - شەرىپى، قەدىر - قىممىتى ۋە مۇقەددەساتلىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداش ئېڭىغا ئىگە زاتلارغا ئېيتاي!

دۇنيا ھاياتى ۋە نەپسى - خاھىشىنى دەپ ھالال - ھارامنى ئىلغىمايدىغان، شەخسىي مەنپەئىتى ۋە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن قىيامەتنى ئۇنتۇيدىغان، ۋاقىتلىق ۋە چەكلىك ھاياتىغا ئالدىنىپ، ياراتقۇچىسى ئاللاھنى تونۇماي، غەپلەتتە قالغان، خۇداسىز كاپىر ۋە دىنسىز دەھرىيلەرنى كۆزدە تۇتمىدىم. چۈنكى، جانابى ئاللاھ بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**كاپىر بولغانلار (ھاياتىي دۇنيادا) خۇددى چارپايلار يەپ - ئىچكەندەك دۇنيا لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئۆتىدۇ، ھالبۇكى بۇنداقلارنىڭ (ئاخىرەتتە) ئورنى ئالىدىغان جايى دوزاختۇر**﴾[1].

﴿**ئۇلارنى (يەنى كۇپپارلارنى ئۆز مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسۇن، بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ**﴾[2]؛ ﴿**ئۇلارنى (ئۆز مەيلىگە)**

[1] سۈرە مۇھەممەد، 12 – ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى، 3 – ئايەت.

**قويۇپ بەرگىن، ۋەدە قىلىنغان كۈنىگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (شېرىن ئارزۇلىرىغا) چۆمسۇن ۋە (دۇنياسى بىلەن) ئوينىسۇن﴾[1].**

دۇنياغا كېلىش غايىسىنى تونۇپ، ھەقىقەتكە كۆز ئېچىپ، ئىمان نۇرىدا ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئاۋات قىلغان قېرىنداشلار! ئاللاھ نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىپ ھەتتا يادلاپ، قەلبىدە قورقۇنچ ھاسىل بولغان تەقۋادار ۋە پەرھىزكار زاتلار! ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ھۇزۇرلىنىپ، دىللىرى ئېرىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ مەرىپىتى ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، يۈكسەك ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىق ھاسىل قىلغان زاتلار! پەند ۋە نەسىھەتلىرىمنى سىلەرگە ئېيتاي:

ئى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ مالائىكىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ياخشى - يامان ئىش - ئەمەللىرىنىڭ جازا ۋە مۇكاپاتى بېرىلىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ، ئاللاھقا بەندە ۋە ئۇنىڭ بەرھەق ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇممەت بولۇشقا سالاھىيەت ھازىرلىغان زاتلار! ھەق ئۈچۈن ھەقنى ئىزدەپ، جانابى ئاللاھنىڭ سۆزى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنى قەلبىڭلاردا ساقلاپ، سىراتى مۇستەقىم (توغرا يول) دا مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋارىسلىق قىلغايسىلەر!

مۇقەددەس ئەقىدە، ساپ ۋىجدان، ئېتىك روھ ۋە قىزغىن كەيپىياتتا، خالىس نىيىتى ۋە ساپ قەلبى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن ئىش - ئەمەلىدە، سۆز - ھەرىكىتىدە ۋە پىلانىدا پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى نىشان ۋە مەقسەت قىلغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەزىز ئاۋانگارت ياشلىرى!

[1] زۇخرۇف سۈرىسى، 83 – ئايەت.

باسقان ھەربىر قەدەملەردا جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئىسلامىيەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇش سۈپىتىگىلار بىلەن ئىنسانلارغا ھەق ۋە ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ، نەتىجىدە ئۇلارنى كامىل ئىنسانلىق شەرىپىگە نائىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىگە ۋەسىلە بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولۇپ، جانابى ئاللاھنىڭ سادىق قۇللىرى ۋە ئۇنىڭ مەھبۇبى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادار ئۈممىتى قاتارىدىن ئورۇن ئالغايسىلەر! شۇنىڭدەك ساپ ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزغا ئورۇن باسار بولغايسىلەر! شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇلاقلىرىڭلارنى ۋەز ـ نەسىھەتكە، دىللىرىڭلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتىگە، ئەقىل ۋە تەپەككۇرۇڭلارنى ھەق ۋە ھەقىقەتكە قاراتقايسىلەر! دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە ۋە ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ھاياتقا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن، جانابى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا بەجانىدىللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئەگەشكەيسىلەر!...

مەزكۇر سۈپەتلەرگە مۇشەررەپ بولغان زاتلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇش بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىم ئىچىدىن ھەقىقەتنى ھىمايە قىلىدىغان بىر جامائەت ھەر زامان ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ، جانابى ئاللاھنىڭ (ئۇلار ھەققىدە) ھۆكۈم ـ پەرمانى كەلگەنگە قەدەر، ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ھەرقانداق كۈچ ئۇلارغا قىلچە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ».

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

مۆھتەرەم، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئەۋلاد تەربىيەلىگۈچى مۇرەببىي زاتلار! قەلبىڭلارغا يىلتىز تارتقان ئىسلام، ئىمان، تەۋھىد ۋە ئەقىدەڭلارنى ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ قەلبىگىمۇ سىڭدۈرۈپ، زىممەڭلاردىكى ئىلاھىي مەجبۇرىيەتنى ۋە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدۇپەيمانىڭلارنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟

ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە «ئىسلام، ئىمان ۋە تەۋھىد» قاتارلىق ئەقىدە ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنە - مەزمۇنىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ، ئەقىدە باغلاش ھەربىر شەخسنىڭ ئىنسانلىق بۇرچى ۋە ئۇلۇغۋار مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم. دېمەك، ئىنسان ئىسلام ئەقىدىسىنى تۇتقا قىلىپ، ئىمان نۇرىدا ئىنسانلىق شەرىپىگە ئېرىشىپ، دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە، ئاخىرەتتە جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇپ، جەننەتتىگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ زېھنىگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، دىنىي ھايات ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىسى، ئەكسىچە دىندىن خالىي ھايات چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە پەرىشانلىق ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈۋېتىشىمىز لازىم.

بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ئىخلاسمەنلىك، چىدامچانلىق، تەقۋادارلىق، ئىتائەتچانلىق، سەۋرچانلىق، سەمىمىيلىك،

پاكلىق، كەمتەرلىك ۋە پۇختا بولۇشتەك بىر قاتار ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ ئادەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت مىزانى سۈپىتىدە رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالىدۇقمۇ؟ ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىپ، داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھنىڭ دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغان، ئائىلە - تاۋابىئاتى ۋە ساھابە كىراملىرىنى دوست بىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىپ، ئىزلىرىنى بېسىپ ماڭىدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامانلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان شەكىلدە تەربىيە بېرەلىدۇقمۇ؟

ئەۋلادلىرىمىزنى جانابى ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتلەرگە ئاپىرىپ، ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، روھىنى ئىبادەتنىڭ خۇشنۇدلۇقىغا تولدۇرۇشقا، ئەقىل ۋە تەپەككۇرىنى ئىلىم غىزاسى بىلەن قۇۋۋەتلەپ، دىنىي تەلىم - تەربىيە ۋە نەسىھەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كۆندۈرەلىدۇقمۇ؟ ئەتىگەن - ئاخشاملىرى بىللە يۈرىدىغان تەڭتۇش، دوست - يارەنلىرىنى كۆزىتىپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ۋە ماڭغان - تۇرغان جايلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، تەكشۈرۈپ باقتۇقمۇ؟

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن تەلەپ ۋە ئىستەكلەرنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز مۇسۇلمانلارغا تەلىم بەرگەن ئىدى. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلاھىي مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە ئاساسلىنىمىز: **«ھەربىر بالا (ئىمان - ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغان) پىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي، يا ناسارا، يا مەجۇسىي قىلىپ چىقىدۇ»**[1].

پەرزەنتلىرىمىزنى يەتتە ياشقا كىرىشى بىلەنلا نامازغا كۆندۈرۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**ئاساسلىنىمىز: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە (ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا) ئەدىپىنى بىرىڭلار ۋە ياتىدىغان يېرىنى ئايرىۋېتىڭلار»**[1].

پەرزەنتلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەل قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىپ، ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دەپ بىلىدىغان، ئاللاھقا ئىتائەتچان قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىمىز: «ئاللاھقا بويسۇنۇڭلار، ئۇ زاتقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئەۋلادلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشقا ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇڭلار، ئەنە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى دوزاختىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ».

پەرزەنتلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادىنى سۆيىدىغان، قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىپ، ھەمىشە تىلاۋەت قىلىشقا قىزىقىپ تۇرىدىغان خاراكتېردە تەربىيەلەپ چىقىشىمىزدا ئىمام تەبەرىينىڭ ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپكە ئاساسلىنىمىز: «ئەۋلادلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىنى سۆيۈش، قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش ۋە تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتلىك ئىشقا كۆندۈرۈڭلار. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنى يادلىغان كىشى قىيامەت كۈنى ھېچبىر سايە يوق كۈندە ئاللاھنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالار بىلەن بىرگە بولىدۇ». پەرزەنتلىرىمىزنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشتە ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىمىز: «ئەۋلادلىرىڭلارغا ئەدەپ ئۆگىتىڭلار ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەڭلار».

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

بالىلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسچىتكە ئاپىرىپ ئىبادەتكە، بىلىم يۇرتىغا ئاپىرىپ ئىلىمگە كۆندۈرۈشتە، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئالىم، دانىشمەن، دوكتور ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىدىكى مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلىرىگە قاتناشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈشتە ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ تەلىماتىغا ئاساسلىنىمىز: «بىرەر قەۋم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە، ئۇ زاتنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشۇپ، ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن خاتىرجەملىك چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇ زاتنىڭ رەھمىتى ئۇلارنى قاپلايدۇ، مالائىكىلەر ئۇلارنى قورشاپ (قوغداپ) تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىگە جانابى ئاللاھ ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ».

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، كىملەر بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشتا ئىمام تىرمىزي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىمىز: «ئىنسان دوستىنىڭ ئەقىدىسىدە بولىدۇ، شۇڭا ھەركىم كىملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلسۇن!».

ئەجەبا، بىز بالا - چاقىلىرىمىزغا مەزكۇر ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تەلىماتى بويىچە تەربىيە قىلالىدۇقمۇ - يوق؟

جانابى ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىنى ئىسلام تەربىيەسى ئارقىلىق دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قېلىشتەك ئۇلۇغ پەرمانىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان. ئۇ زات بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى بىزگە يەتكۈزۈپ، نۇرغۇن تەۋسىيەلەرنى قالدۇرغان ۋە ئەۋلاد تەربىيەلەشتەك بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇنداش ھەققىدە بىزدىن ئەھدە ئېلىپ، بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى بىزگە تاپشۇرغان ئىدى. بىز بۇ مەسئۇلىيەتنى جانابى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بەرگەن ئەھدۇپەيمانىمىزغا ۋاپا قىلىپ، ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىيالىدۇقمۇ،

قانداق؟

ئاللاھنىڭ ئامانىتىدىن ئىبارەت مەزكۇر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئادا قىلالىغان بولساق، جانابى ئاللاھقا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتايلى ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيىتىمىزدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن، تېخىمۇ ياخشى ئورۇندىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ئاللاھتىن تىلەيلى.

ناۋادا پەيغەمبىرىمىز بىزگە يۈكلىگەن ئەۋلاد تەربىيەلەش بۇرچىمىزنى ئورۇندىيالمىغان بولساق، بۇ ھەقتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، خالىس نىيەت بىلەن ئاللاھقا تەۋبە – ئىستىغپار ئېيتىشتىن باشقا چارىمىز يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جانابى ئاللاھقا پەيغەمباشتىن ئەھدۇپەيمان بېرىپ، ئىسلامنىڭ تۈتقۇسى ۋە ھىدايەت مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ بۇ مۇقەددەس ئىككى مەنبەسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پۈتۈن ئىش ۋە ئەمەللىرىمىزنى ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇ بويىچە يېڭىباشتىن ئىسلام تەلىماتىغا كۆچمىسەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جانابى ئاللاھ بىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بىز خاتالىقىمىزنى تۈزىتىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدىكەنمىز، ئەلۋەتتە جانابى ئاللاھ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز رەھمىتى بىلەن نازۇنېمەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، سىددىقلار، شېھىتلار ۋە سالىھ بەندىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تەقۋادارلار يامان بىرەر گۇناھ قىلىپ سالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە**

**ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!**﴾[1].

مەزكۇر ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سەل قاراپ، بېپەرۋالىق قىلساق، بىلىپ قويايلىكى، قىيامەتتىن ئىبارەت بۈيۈك جازا كۈنى جانابى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىزدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ. ئەنە شۇ كۈندە ساغلام، توغرا، دۇرۇس ۋە خالىس ئەمەل ـ ئىبادەتتىن باشقا ھېچ نەرسە ھەتتا مال ـ مۈلۈك ۋە ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمىزمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ**﴾[2].

ئىسمىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، زېھنىمىزدىن شۇنى چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، جانابى ئاللاھنىڭ ئامانىتىدىن ئىبارەت پەرزەنت تەربىيەسىنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدىكەنمىز، بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھنىڭ ئۆزكالامىدا قانداق جازا ئىلان قىلغانلىقىغا قاراپ باقساق بولىدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان،** رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر **مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئىجرا قىلىدۇ**﴾[3].

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە قانداق يول كۆرسەتكەنلىكىنى مۇنۇ ھەدىس ـ شەرىپتىن بىلىۋالايلى: «جانابى ئاللاھ ھەربىر جاۋابكار كىشىنى زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلدىمۇ ياكى زايە قىلىۋەتتىمۇ، دېگەنلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ».

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 135−136 – ئايەتلەر.

[2] شۇئەرا سۈرىسى، 188−189 – ئايەتلەر.

[3] تەھرىم سۈرىسى، 6 – ئايەت.

## ئايال - قىزلىرىمىز ۋە بالا - چاقىلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ۋە ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز ئىنتايىن ئېغىر. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەپ مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، كاتتا ھەم قىيىن ئىشتۇر. چۈنكى، ئاياللار مۇلايىم، ھېسسىياتچان، مۇھىتنىڭ تەسىرىگە تېز ئۇچرايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كۈنىمىزدىكى ئاياللار گۈزەللىك ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي، ئاجايىپ يوچۇن ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، چاكىنا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى، غەرب ۋە يىراق شەرقچە ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ۋە تەربىيە ئۇسۇللىرىنى تاشلاپ، ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ھايا ۋە ئىپپەت - نومۇستا جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھايا بىلەن نومۇسنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ گۈزەل زىننەتتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشتى. شۇ سەۋەبلىك بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارغا ئىگە بولۇپ، روھىنى ۋە خاراكتېرىنى دىنىي پىرىنسىپ ۋە مىللىي تۈس بىلەن بېزەپ، قەلبىدە تەقۋادارلىق يېتىلدۈرۈپ، ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنساب - تەۋپىق، شەرم - ھايانىڭ ئىنسان ھاياتىدا نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تونۇتۇش بىز ئاتا - ئانىلارنىڭ زىممىسىدىكى ئىلاھىي

مەجبۇرىيەت ۋە ئىنسانلىق بۇرچىمىزدۇر. پەرزەنتلىرىمىز ئىپپەت ـ نومۇسىنى ۋە شەرم ـ ھاياسىنى ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە لىباسى بىلەن ئوراپ تۇرمىسا، تېزلا ئۆزگىرىپ، ھەر خىل يات ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شەكىلۋازلىق بەيگىسىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ مىللىي قىياپىتىنى ۋە دىنىي ئەخلاقىنى ھەتتا چىن ئاياللارغا خاس ئىنسانلىق قىممىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامىيەت بىزگە قىز ـ ئاياللىرىمىزغا ئەخلاق تەربىيەسى بېرىپ، ئىسلامىي مۇھىتتا چوڭ قىلىشنى تاپىلاپ، بىزنى ئۇلارغا مەسئۇل قىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئەھلى ـ ئەۋلادىمىز ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرلەر بالا ـ چاقىلىرى ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەر ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «ھامىيلىرىدۇر» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى: ئەر ئايالىغا بىلىمگىنىنى بىلدۈرۈش، ياخشىلىققا يېتەكلەش، يامان ئىشتىن توسۇش، توغرا يولنى كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر.

ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلىشى، شەرم ـ ھاياسىنى يات كۆزلەردىن قوغدىشى، ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۆزىگە يار قىلىشى، ۋاپا ۋە ساداقەت بىلەن ئائىلىسىگە كۆيۈنۈشى، روھى ئويغاق، ئىمانى ئەركەك ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى كۈندەشلىك تۇيغۇسىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ئەخلاقىي ئۆلچەم ۋە مىزانلار ئادەتتە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى بولغان مۇھەببەتلىك، ئىناق، گۈللىنىپ روناق تاپقان ئائىلىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا، ئىسلامىيەت بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاياللارنى ئەدەپ ـ ئەخلاق پەردىسى بىلەن ئورىنىشقا، ئۇياتلىق

[1] نىسا سۈرىسى، 37 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەرلىرىنى يېپىشقا، ئېپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرى يەنى ئىككى قول ۋە يۈزىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق چۆرىلەردىن (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار**﴾[1].

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] نۇر سۈرىسى، 31 – ئايەت.

# ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرىگە ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: **﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾**[1]. بۇ مۇقەددەس ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مەشھۇر تەپسىرشۇناس ئالىملاردىن ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر رىۋايەت نەقىل قىلغان: «جانابى ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنى ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقماقچى بولغاندا، لېچەكلىرى بىلەن بىر كۆزىدىن باشقا يۈزىنى قوشۇپ پۈتۈن بەدىنىنى يېپىۋالسۇن». بۇ تەپسىرگە ئىمام ئىبنى سىيرىنمۇ قوشۇلغان ھەمدە كېيىنكى ئالىملاردىن ئەللامە ئەبۇ بەكرى جەسساس، قازىي بەيزاۋى ۋە ئەللامە نىسابۇرىي قاتارلىق بۈيۈك ئالىملار «ئاياللار لېچەكلىرى بىلەن يۈزىنى ياپىدۇ» دەپ مەنە بېرىشكەن.

ھەدىس شەرىپلەرگە قارايدىغان بولساق، مەزكۇر ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى تەپسىرىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن بىرقانچىلىغان سەھىھ ھەدىس شەرىپلەر رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن، ئىمام مالىك پاتىمە بىنتى مۇنزىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يۈزلىرىمىزنى چۈمكەپ ياپاتتۇق». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتىنمۇ مۇشۇ مەزمۇننى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «ئاياللار لېچىكىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە ساڭگىلىتىپ يۈزلىرىنى ياپاتتى». مۇجتەھىد ئىماملاردىن

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 59 – ئايەت.

ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئالىملار ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى يېپىشقا تېگىشلىك ئەزا (يەنى ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت) دەپ قارىغان. ئەمما، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە «پىتنە - پاساتتىن خاتىرجەم ئورۇنلاردا ئاياللىنىڭ يۈزى ئەۋرەت ئەمەس» دەپ شەرت قويغان.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىپ، شۇنداق ئاڭ يېتىلدۈرۈشىمىز لازىمكى، قىزلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىدىن بولغان ئائىشە ئانىمىزنى ۋە پاتىمە ئانىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، شۇلارغا ئەگەشسۇن... ئائىلە تۇرمۇشىدا، ئەخلاق قارىشىدا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە شۇلارنىڭ يولىنى قىبلىگاھ قىلسۇن. بولۇپمۇ ئەۋلاد تەربىيەلەشتە شۇلارنى ئۇستاز تۇتسۇن. غەرب ئەللىرى ۋە يىراق شەرق مىللەتلىرىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا زوقلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئائىلە ئەنئەنىسىگە ۋە نىكاھ تۈزۈملىرىگە سەل قارىمىسۇن؛ ئاڭ - ساپا ۋە مەنىۋى سائادىتىنى تاشلاپ، ئەجنەبىي، دىنسىز مودىلارنى قوغلاشمىسۇن.

قىز - ئاياللىرىمىز مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك ئاياللىرىغا، شۇنىڭدەك قىزى پاتىمە ئانىمىزغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ھاياتىدا شۇلارنى نەمۇنە ۋە ئۈلگە قىلىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ، جەمئىيەتتى ئۈچۈن ئەخلاق پەزىلەت، قىيامەتلىكى ئۈچۈن سائادەت ۋە نىجاتلىق ئەمەسمۇ؟!

# تەبلىغ ۋە دەۋەت

دەۋەت بىز مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان مۇقەددەس ئامانەت بولۇپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي مەجبۇرىيەتتۇر.

تەبلىغ ۋە دەۋەتتىن مەقسەت ھەق دىن بولغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەھكام ۋە پرىنسىپلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى ھەقىقىي «كامىل» ئىنسان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر ئىلاھىي ئامانەت بولۇپ، ئەينى چاغدا دۇنياغا كېلىپ كەتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە يۈكلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك غايىسىنىڭ ئاساسى ئىدى. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇشنى بىز ئۈممەتكە تاپشۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ زات ھەججەتۇل ۋىداغا ھازىر بولغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ساھابە كىراملارغا سۆز قىلغان ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «بۇ يەرگە ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا (بۇ سۆزلىرىمنى) يەتكۈزسۇن!» دەپ تاپىلىغان.

جانابى ئاللاھ بۇ ۋەزىپە ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە: (بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان) دېيىش ئارقىلىق بىزنى ئىنسانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈممەتكە تاپشۇرغان بۇ مۇقەددەس ئامانەتكە سەل قاراپ، ۋەسىيىتىگە ۋاپا قىلىپ، ھۆددىسىدىن چىقالمىساق، ئاقىۋەتتە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېغىر جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز. بىز بۇ ئەھدىمىزگە ۋاپا قىلىشىمىز

ئۇچۇن، تەبلىغ ۋە دەۋەتنى ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمىز ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزدىن باشلىشىمىز لازىم. ئۇلارغا قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىنى ئۆگىتىپ، دىن ـ دىيانەت، ئەقىدە ۋە ئەخلاق توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، مول دىنىي مەلۇماتقا ئىگە قىلايلى. ئەۋلاد تەربىيەسى تەبلىغ ۋە يېتەكلەشنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا دىن ۋە ئەقىدىنى توغرا، دۇرۇس شەكىلدە چۈشەندۇرۇپ، ئىسلامنىڭ ئەھكام ۋە قانۇن - پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىپ، دىن ـ دىيانەتنى قەلبىگە سىڭدۇرۇپ، شۇ بويىچە ھايات كەچۈرۈشكە تۈرتكە بولايلى. ئۇلارغا مۇشۇ چۈشەنچە ۋە مۇشۇ ئاڭ بىلەن ياشىغاندا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ پىرىنسىپتىن چەتنەپ كەتكەندە ھەر ئىككى دۇنيادا خارۇزار بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېغىر جازا ۋە ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىلاھىي رەھمەتتىن مەھرۇم قېلىپ، جەننەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرەيلى.

بۇ ھەقتە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى، تەبلىغ ۋە دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەريانىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئۇ زاتنىڭ شۇنچىۋالا جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساھابە كىراملارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنى، ئۇ زاتنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن جان ـ ماللىرىنى پىدا قىلىپ، بالا ـ چاقا ۋە ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن، پەيغەمبىرى ئۈچۈن جانلىرىنىمۇ ئايىماي خىزمەت قىلىشتەك پىداكارلىق روھىنى بالىلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىشىمىز؛ مانا مۇشۇنداق پىداكارلىقلارنىڭ بەدىلىگە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، جاھالەت ۋە زۇلمەتكە تولغان بىر دۇنيادا ھەق ۋە ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بەرپا قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە نەمۇنە ۋە ئۆرنەك بولۇپ

تونۇلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ زېھنىگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك ساھابە كىراملارنىڭ ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان - مېلىنى ئايىمايدىغان، ئالىيجاناب، ھىممەتلىك، جاسارەتلىك، ئېپپەت - نومۇسى ۋە شان - شەرىپىگە جېنىنى پىدا قىلىش خىسلىتىگە ئىگە، ئۆز - ئۆزىگە خوجا، ئەزىز بىر ئۇممەت بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن بىرگە، ھەر تەرەپتىن جانابى ئاللاھنىڭ زور رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۆز كالامى قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى «شۇھەدا، سىددىيقىين، سالىھىين» دېگەن ناملار بىلەن زىكىر قىلغانلىقىنى بالىلىرىمىزغا ئەسلىتىشىمىز لازىم.

ئەۋلادلىرىمىز قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ساھابە كىراملارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ ماڭىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، جانابى ئاللاھ ئەينى چاغدا ساھابە كىراملارغا ئاتا قىلغان چوڭقۇر رەھمىتىنى ۋە ئاتايى - ئېھسانلىرىنى ئۇلارغىمۇ مەرھەمەت قىلىشى مۇقەررەر.

يەنە پەرزەنتلىرىمىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈركىي قەۋملەر تارىخىدا تۇنجى ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا دەۋران سۈرگەنلىكىنى (840 – 1123 - يىللاردىكى ئۇيغۇر قاراخانىيلار سەلتەنىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تۆۋەندىكىدەك سوئال ئالامەتلىرىنى قويۇشىمىز لازىم:

قانداق قىلغاندا ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلالايمىز؟ ئەجدادلىرىمىز ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن دىن - ديانەت، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بۇزماي، ساقلاپ ئۆتكەن ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن بۇلاردىن ۋاز كېچىپ، يات مىللەت ۋە غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە رەسمىيەتلىرىگە

زوقلىنىمىز؟ ئىنسانىي قىممىتىمىزنى دەپسەندە قىلىدىغان، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى پىچەكلەشتۈرىدىغان بىر تۈركۈم غەيرى رەسمىي ئىشلارنىڭ مۇخلىسلىرى بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مىراسلارنىڭ ھەقىقىي مىراسخورلىرى بولالىدۇقمۇ - يوق؟ ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت قارىشىنى تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە يات، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا زىت ئادەتلىرىگە ھەۋەس قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىز بۇ ناكەس، ناتىۋان ھالىمىز بىلەن مەھشەردە ئۇلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ قىسقىسى، ياراتقۇچىمىز جانابى ئاللاھقا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىككى دەستۇرىمىز بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات پىروگراممىلىرىمىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان؟ نېمە ئۈچۈن بىز بۇ مۇقەددەس دەستۇرلىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كەتتۇق؟

مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جانابى ئاللاھتىن قورقايلى، دىندارلىق ۋە تەقۋادارلىقنى ھايات مۇساپىمىزنىڭ قىبلىنامىسى قىلايلى. بىز جانابى ئاللاھتىن قانچىكى قورقساق، بىزگە شۇنچە تەقۋادارلىق، شۇنچە دىندار ھايات نېسىپ بولىدۇ. ھەممىگە ئالىم ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىز ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن، زامان ـ ماكان ئايرىماي، ئىنسان تەبىئىتىگە تامامەن ماس كېلىدىغان دىنىي ئەھكام ۋە شەرىئەت پىرىنسىپلىرىنى بىر ـ بىرىمىزگە يەتكۈزۈپ، دىندار ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلىقىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بويىچە ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىپ، ھەر جەھەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولايلى. ساغلام ۋە دۇرۇس مۆئمىن مۇسۇلمانلىقىمىز ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىسپاتلانسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن ئەھدۇپەيمانىمىزغا ۋاپا قىلىپ، ئىلاھىي ئامانەتنى بەجا كەلتۈرگەن بەندىلەردىن بولۇپ قالساق، ئەجەب ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بالا

- چاقىلىرىمىز ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقارماي، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە ئەۋلاد تەربىيەسى ھەققىدە كۆرسىتىلگەن قائىدە - پرىنسىپلارنى پۇختا ئۆگىنىپ، شۇ بويىچە ئەۋلادلىرىمىزغا تەلىم - تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي پەرزەنتلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدۇرايلى.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ بىزلەرگە ئەھلى - ئەۋلادىمىزنى كىچىككىدىنلا نامازغا كۆندۈرۈپ، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلىشىمىزنى، ئۇلار ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ياتاقلىرىنى ئايرىشىمىزنى، قىزلىرىمىزنى ھىجابلىنىپ يۈرۈشكە كۆندۈرۈپ، تەربىيەلەپ چىقىشىمىزنى بۇيرۇغان ئىدى.

مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك مەشغۇلاتىمىزنى شۇ بويىچە ئېلىپ بارالمىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن تەبلىغ ۋە دەۋەت ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخى چىقالمىدۇق. شۇ سەۋەبلىك ئەھلى - ئەۋلادلىرىمىز ئىسلامىيەتنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىدىن ۋە مۇسۇلمانچە ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن كۆنسېرى ئۇزاقلاشتى، نەتىجىدە جەمئىيىتىمىزدىكى ياشلىرىمىز ئىسلام ئەخلاقىغا زىت، مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە يات ھەر خىل - ھەر ياڭزا يات قىلمىش - ئەتمىشلەرگە نورمال قارايدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقتى، بەلكى زوقلىنىپ ئۆزىنى ئاتىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى.

بىز بىر مۇسۇلمان مىللەت، شۇڭا مۇسۇلمانچە تەپەككۇر بىلەن جەمئىيەتكە نەزەر سالايلى، قىز بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنايلى! ئۇلارغا ئىستىلى بۇزۇق، مەرەز كىشىلەرنىڭ نامەھرەم كۆزلىرى چۈشسە، ئاتىلىق ياكى ئاكىلىق ۋىجدانىمىز ئازابلانماي تۇرالامدۇ؟! ئۇلارنىڭ ئىززەت - شەرىپى ۋە ئىپپەت - نومۇسى بىزنىڭ ئىززەت - شەرىپىمىز ئەمەسمۇ؟! بىز ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ مۇئمىنەلىك ئىززەت

- شەرىپىگە ئىگە بولۇپ، كۆز - قۇلاق بولمىساق، كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئۇلارنى كىم قوغدايدۇ؟

بىزدە ئىسلامىيەت ۋە ئىنسانىيەت شەرىپىگە لايىق كۆندەشلىك، غۇرۇر ۋە ۋىجدانىي تۇيغۇ بولسۇن؛ دىنىي ئەقىدىمىز ۋە دىيانىتىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاياللىرىمىز، ھەمشىرىلىرىمىز ۋە قىزلىرىمىزنى نامەھرەملەردىن قوغدايلى! بۇلارمۇ مۇسۇلمانچە پەزىلەتكە ئىگە، نومۇسچان، شەرم - ھايالىق، مۇئمىنە خانىملاردىن بولسۇن. ئىمانلىق جامالىنى يات، يامان ۋە ئىستىلى بۇزۇق كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۆزىنى خار قىلمىسۇن!

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ، شۇ بويىچە ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگىتىپ، ئىسلامىي ئەقىدە ۋە ئەخلاقنى زېھنىگە سىڭدۈرۈپ تەربىيە بېرىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، جانابى ئاللاھ بىزلەرنى قىيامەتتە ئۇلۇغۋار مۇئمىن ۋە ياخشى بەندىلەر قاتارىدا ھېسابسىز جەننەتكە مۇشەررەپ قىلىدۇ.

جانابى ئاللاھ بۇلارغا مۇنداق ۋەدە قىلغان: ﴿**ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ ۋە (ئۇ دۇنيادا) سەۋرنى دوست تۇتقىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان، دەيدۇ**﴾[1]. ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، ئىلاھىي ئامانەت بولغان تەبلىغ دەۋىتىنى يەتكۈزگەنلەر ئەبەدىي جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ جايغا سالاھىيەت ھازىرلىغان ئاتا - بوۋىلىرى، ئايال ۋە ئەۋلادلىرىمۇ بىرگە كىرىدۇ. بۇلارنىڭ يېنىغا مالائىكىلەر ئىشىك - ئىشىكتىن كىرىپ، سالام بېرىپ: «دۇنيادا ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئۆلچىمىگە

[1] رەئد سۈرىسى، 23–24 - ئايەت.

چۈشۈپ، شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنۇپ، ئىجتىمائىي غايىسىنى قوبۇل قىلىپ، غەربنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە يىراق شەرقنىڭ سىياسىي بېسىمى ئاستىدا ئېغىپ كەتمەي، سەۋرچانلىق بىلەن تەۋرەنمەي تۇرغانلىقىڭلارنىڭ بەدىلىگە ئاتا قىلىنغان بۇ جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل ئىستىقباللىق ئورۇن!» دەپ تەبرىكلىشىدۇ.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۇ كىتابچىنى كىچىك كۆرمەي، ئىچىدىكى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ، ئەھلى ـ ئەۋلادىمىزغا ئىسلامىي تەربىيە بېرىپ، ھىدايەتكە كىرگۈزۈشكە تىرىشايلى! ئۇلارنى ھەرگىز نوقۇل مەكتەپ تەربىيەسىگىلا تاشلاپ قويمايلى ياكى جەمئىيەتكە چىققاندا مەجبۇرىي ئادەم بولىدۇ دەپ سەل قارىمايلى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن ئالىدىغان تەربىيەسى ھەممىمىزگە مەلۇم. ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىز تامامەن مەنۋىيەتتىن قۇرۇق، نى ـ نى ياخشى ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، تاپتىن چىقارغىلى تاس قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپكى تەربىيە يەنى ئائىلە تەربىيەسىگە قەتئىي سەل قارىماسلىقىمىز، سەھەرلەردە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەۋپىق ۋە ھىدايەت تېپىشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلىشىمىز لازىم. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: ﴿**ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساغلام ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن، دەيدۇ**﴾[1].

ئاتا ـ ئانا بولۇش ئىلاھىي بىر مەجبۇرىيەت، بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ دىنسىز، دەھرىي، يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولۇپ چىقىشىدا بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى

[1] فۇرقان سۈرىسى، 74 – ئايەت.

ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك: **«ھەربىر بالا (ئىمان - ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي) پىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يا يەھۇدىي، يا ناسارا، يا مەجۇسىي قىلىپ چىقىدۇ»**[1].

بىز سەۋەبلىك جانابى ئاللاھ بىرەر ئادەمنى ھىدايەت قىلسا، بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سېنىڭ تەشەببۇسۇڭ بىلەن جانابى ئاللاھنىڭ بىرەر كىشىنى ھىدايەت قىلغانلىقى سېنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن نەرسىگە ئىگە بولغانلىقىڭدىن ياخشىراق» دېگەن بېشارىتىگە سازاۋەر بولىمىز.

بىزنى ئىنسان قىلىپ يارىتىپ، ئۆزى رازى بولغان دىن يەنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغان ياراتقۇچىمىز ۋە پەرۋەردىگارىمىز جانابى ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن ۋە بىزنى بۇ مۇقەددەس دىندىن ئايرىمىسۇن؛ «لا الە الا الله»دىن ئىبارەت ئىمان كەلىمىسى بىلەن ئاخىرقى نەپىسىمىزنى بېرىپ، باشلىنىشى بار، ئاخىرلىشىشى يوق، ھەقىقىي يۇرتىمىز بولغان ئاخىرەت مەنزىلىمىزگە ساغلام قەلب بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

HAK
HAKSEVER